
# ھارۇن رەشىدنىڭ سىڭلىسى

جۇرجى زەيدان

ئىسلام تارىخى رىۋايەتلىرىدىن



شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 7-228-05777-5

9 787228 057771 >

ISBN7 - 228 - 05777 - 5
I·2142(民文 )定价 :14.80元

15
1378. 44
1

جورجى زەيدان (لىۋان)

# ھارۇن رەشىدنىڭ سىڭلىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
哈伦·莱什德之妹:维吾尔文/(黎巴嫩)宰丹著;呼尔买提江译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社.2000.8
ISBN 7—228—05777—5

Ⅰ.哈... Ⅱ.①宰... ②呼... Ⅲ.长篇小说—黎巴嫩—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I378.44
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 29642 号

责任编辑:艾合买提·伊敏
责任校对:艾比布拉。艾力
阿尔孜古丽,阿达莱提

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆司法印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本 10.75 印张插页 4
2000 年 7 月第 1 版　2000 年 7 月第 1 次印刷
印数：1 —— 4060

ISBN7—228—05777—5/I.2142
定价：14.80 元

本书根据乌孜别克斯坦《世界文学》期刊 1997 年第二,三,四期乌孜别克文版翻译出版。

بۇ كىتاب ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ سانلىرىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .


مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى : ھەبىبۇللا ئېلى
ئارزۇگۈل ، ئادالەت


# ھارۇن رەشىدنىڭ سىڭلىسى

ئاپتورى : جۇرجى زەيدان (لىۋان)

تەرجىمە قىلغۇچى : ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مم ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 10.75
قىستۇرما ۋارىقى : 4
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 4060
ISBN7—228—05777—5/I. 2142
باھاسى : 14.80 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


1 . سىرلىق يولۇچىلار ...... 1
2 . جاھان پايتەختى ...... 8
3 . ئەبۇل ئەتەخىيە ...... 12
4 . خەتىبە ...... 18
5 . قۇلپۇرۇشنىڭ خانىدانى ...... 24
6 . ئوغرىلىقچە تىڭشاش ...... 30
7 . ئەبباسە ...... 37
8 . ئىش تەتۈرىگە ماڭماقتا ...... 42
9 . ۋەھىمە ...... 45
10 . يېڭى خېرىدار ...... 49
11 . دار ئەر ـ رەقىق ...... 55
12 . ئەرزان باھا چۆرىلەر ...... 59
13 . قىممەت باھا چۆرىلەر ...... 63
14 . سودىلىشىش ...... 73
15 . قاماقتا ئېلىنمىدى ...... 78
16 . چەۋگان ئويناش ...... 84
17 . ئەبباسەنىڭ سارىيىدا ...... 89
18 . ئۇچرىشىش ...... 96
19 . ئايرىلىش — ھىجران ...... 103
20 . مۇھەممەد ئەمىن سارىيى يولىدا ...... 108
21 . تەختكە يەنە بىر دەۋاگەر ...... 113
22 . مۇھەممەد ئەمىن ...... 118
23 . ياۋا قوچقار سوقۇشتۇرۇش ...... 122

24 . ساراي ھەرىمى ........................ 127
25 . پېشايۋاندىكى كەيپ ـ ساپا مەجلىسى ........ 131
26 . ئەبۇ نۇۋاس ........................ 137
27 . ھەجۋىي ئىشتىياقى ........................ 140
28 . مۇھتەرەم شەيخ ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل ـ
ھاشىمىي ........................ 147
29 . تويۇقسىز قەدەم تەشرىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى... 150
30 . خەلىپە ھادىي قانداق ئۆلگەن ........................ 154
31 . بەرمەكىيلەر ۋە خەلىپىلىك ........................ 157
32 . ئۇلۇغۋار نىيەت ........................ 164
33 . كېچىدىكى خەۋەرلەر ........................ 169
34 . خەلىپىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى زۇبەيدە ...... 176
35 . ئوغلانلاردەك كىيىنگەن چۆرىلەر ........................ 181
36 . ئانىلارچە نەسىھەت ۋە پەرزەنتلەرچە قۇۋلۇق... 184
37 . ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ دەبدەبىلىك نامايىشى ... 192
38 . ھىندى راجاسىنىڭ ئەلچىلىرى ........................ 195
39 . خەلىپە بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىش ........ 202
40 . يەنە بىر مەغلۇبىيەت ........................ 209
41 . ئابدۇل مالىك ئىبن سالىھ ۋە ئابدۇل مالىك
ئىبن بەھرام ........................ 213
42 . خەلىپە ........................ 219
43 . ئەمىرۇلمۇسلىمىن بوسۇغىسىدا ........................ 224
44 . خەلىپە ھۇزۇرىدىكى كاتتا بەزمە ........................ 230
45 . كاتتا بەزمە نېمە بىلەن ئاخىرلاشتى ........ 234
46 . ئەبۇل ئەتەخىيە ھېكايەت قىلۇركى ........................ 239
47 . شىرنى غىزالاندۇرۇش ........................ 243
48 . ياسالمىلىق ........................ 246
49 . شىكار ........................ 251

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

50 . سۆھبەت ........................................ 254
51 . ئۇستاتلىق ........................................ 259
52 . شەيخ ئىسمائىل ۋە ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيا
ئەل ـ بەرمەكىي ........................................ 265
53 . ئەبباسە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئۇرجۇئان ... 270
54 . ھارۇن رەشىد سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ھۇ-
زۇرىدا ........................................ 275
55 . سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ........................................ 281
56 . ئەبباسە ۋەھىمىدە ........................................ 285
57 . جازا ........................................ 287
58 . كۈتۈلمىگەن يوقلاش ........................................ 293
59 . تاش ئۆڭكۈردە ........................................ 296
60 . ئاكا بىلەن سىڭىل ........................................ 299
61 . قىساسكار خەلىپە ........................................ 303
62 . خەيرلىشىش ........................................ 306
63 . خەتىبە سارايدىن قېچىپ چىقتى ........................................ 314
64 . قاپقان ........................................ 319
65 . جەفەر ئىبن يەھيانىڭ بېشى ۋە ھارۇن
رەشىد ........................................ 327
66 . ئاقساقالنىڭ ھۆكمى ........................................ 330
67 . ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ........................................ 333

# 1 . سىرلىق يولۇچىلار

بەزمە ئەۋجىگە چىققاندا ، يېقىندىلا بىرىنچى ۋەلىئەھد دەپ ئېلان قىلىنغان ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىننىڭ خىيالىنى ئاق تەنلىك كېنىزەكلەر سېتىۋېلىش پىكرى بەند قىلىۋالدى . بۇنى سەزگەن شاھزادىنىڭ ئەتىۋارلىق خىزمەتكارى فەزل ئىبىن رابىيە شۇئان شاھزادىگە :

— يا ساھىبى دەۋلەت ، خۇشبەخت شاھزادەم ، بۇ ئاجايىپ دانا پىكىر بولدى . دېمىسىمۇ ، بۇ قارا تەن ۋە قۇرۇپ كەتكۈر سېرىق بەدەنلەر خويمۇ جانغا تەگكىلى تۇردىغۇ ، — دەپ ۋەلىئەھدنىڭ خىيالىغا تېخىمۇ ئوت ياقتى ، — ئالىي ھىممەت شاھزادەم ، بىر خۇش خەۋەر بىلەن دىلىڭىزنى شاد قىلاي ! قۇلىقىمغا فەنخەس يەھۇدىي باغدادقا مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم ئاق تەنلىك كېنىزەكلەر كەلتۈرۈپتۇ ، دېگەن خەۋەر كىرىپ قالدى .

— ساداقىتىڭگە ئاپىرىن ، فەزل ، — دېدى شاھزادە ئەمىن مېھرىبانلىق بىلەن ، — بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇردۇم . تاڭ يورۇش بىلەنلا يەھۇدىي تەرەپكە يول ئال ـ دە ، بىزگە باب كېلىدىغان پەرى رۇخسارىلارنى تاللاپ خېرىدارلىقىنى قىل .

بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ تۇرغان ساراي شائىرى ئەبۇل ئەتەخىيە قۇلىقىنى دىڭ قىلدى . ئۇ كۆپىنى كۆرگەن ھىيلىگەرلەردىن بولغاچقا ، سەگەكلىك بىلەن چوت سوقۇپ كۆردى ـ دە ، بۇ سودىدىن كۆپرەك پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى . بۇ ئۇنىڭ دۆلەتمەن قۇل سودىگىرى بىلەن بۇنداق خۇپىيانە ئىشلارنى بىرىنچى قېتىم قىلىشى ئەمەسقۇ ، ئاخىر !

www.uyghurkitap.com

ئەبۇل ئەتەخىيە ئالدىراپ قالدى . خېلى ئۇزۇن بول بېسىش كېرەك ئىدى . ۋەلىئەھد شاھزادىنىڭ سارىيى باغدادنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئەل ـ مۇھەررەم رايونىدا . فەنخەسنىڭ قورۇسى بولسا بىر ۋاقىتلاردا خەلىپە مەنسۇر باغدادنىڭ غەربىدىكى تۆپىلىكتە قۇللارغا ئاتاپ بىنا قىلدۇرغان «دار ئەر ـ رەقىق» تە ئىدى .

كۈن ئۇلتۇراي دەپ قالغانىدى .

ئەبۇل ئەتەخىيە قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، خۇش پىچىم ئادەم ئىدى . كېچىلىك سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتقاچقا ، ئۇچىسىدىكى زەرباپ تونىنى سېلىپ ، قاپقارا جىنگىلەك ئۆرۈمە چاچلىرىنى دۇگىلەك ـ دۇگىلەك قىلىپ ئارقىسىغا تاشلىدى . غىجىملانغان ، كونىراپ ئىشلەتكۈچىلىكى قالمىغان سەللىنى ئاددىي پۇقرالارنىڭكىگە ئوخشىتىپ ئورىۋالدى . ئۇچىسىغا كونا ئەبا[1] كىيدى . ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئالدىدىكى بۇ كىشىنىڭ ساراي شائىرى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى .

ئۇ دەجلە[2] بويىغا كەلدى . دەريا ياقىلاپ كېتىۋېتىپ ، «قېيىقچىنى چاقىرىپ دەريانىڭ ئۇ چېتىگە قېيىق بىلەن ئۆتسەم بولارمۇ ياكى تۆۋەنكى كۆۋرۈككىچە بېرىپ قېيىققا كېتىدىغان بىر دىرھەمنى يېنىمدا قالدۇرسام بولارمۇ ؟» دېگەن خىياللار بىلەن ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى . ئۇ باغدادلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەربىر دوقمۇشىدا قاتارلىشىپ تىزىلىپ تۇرىدىغان كىراكەش قېچىرچىلارنى ياللاپ ، ئۇلاغدا

---

[1] ئەبا — ئەرەبلەرنىڭ ئۈست كىيىمى .

[2] دەجلە — غەربىتە تىگىر نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دەريا . ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرى دەجلە دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان .

بېرىشنى ئويلاشتىنمۇ چۆچۈيتتى . ئارتۇقچە خىراجەتنىڭ نېمە كېرىكى ! دەريا ئەگمىسىدىكى تىك يارنىڭ ئارقىسىدىن شامال كۆپتۈرگەن ئاپئاق يەلكەنلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى . چوڭ بىر كېمە يولۇچىنىڭ كۆزىنى ئوينىتىۋاتقانلىقتەك ئۇ كېتىۋاتقان قىرغاقنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى .

ئەتراپ تۈن پەردىسىگە پۈركەندى . قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ تىنىپ ، جانىۋارلار كېچىلىك ئارامغا كەتتى . ئىمارەتلىرى رەتسىز سېلىنغان ئەل - كەرخانىنىڭ شامال ئۇچۇپ تۇرغان ئادەمزاتسىز تار كوچىلىرىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە خېلى يول بېسىش لازىم ئىدى . كېمە يېقىنلاشقا باشلىدى .

— هوي ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەبۇل ئەتەخىيە .

كېمىچى قاراپمۇ قويمىدى ، قارىغاندا يا ئاڭلىمىدى ، ياكى جاۋاب قايتۇرۇشقا رايى بارمىدى .

— هوي ، هوي . . . كېمىدىكى ياخشىلار ! — دەپ قايتا ۋارقىرىدى شائىر .

— ئالدىراپ تۇرۇپتىمىز ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى كېمىدىكىلەر .

بىرەر ئىشتا رەت قىلىنغان جاۋابقا دۇچ كەلسە ، ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ قەيسەرلىكى تۇتۇپ كېتەتتى . بۇ نۆۋەتمۇ شۇنداق بولدى . ئەبۇل ئەتەخىيە قانداق قىلىپ بولمىسۇن مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئامالىنى قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتمۇ ياتار مەھەل بولۇپ قالغان ، ئالدىرىمىسا بولمايتتى .

كېمە باشقۇرغۇچىنىڭ پەرمانى بويىچە كېمىچىلەر يەلكەنلەرنى چۈشۈرۈپ پالاق ئۇرۇشقا تۇتۇندى . ئەبۇل ئەتەخىيە كېمىچىلەرنىڭ كېچىلىك سەيلىگە چىققان دۆلەتمەن باغدادلىقلاردىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دەريا يۈزىگە يېپىرۇلغان تۈن زۇلمىتى سەيلە - ساياھەت ئۈچۈن

ئانچە ھۇزۇر بەخشمۇ ئەمەس ئىدى .

— ھوي ، كېمىدىكى ئەزىمەتلەر !

— نېمە دەيسەن؟ ئۆزۈڭ كىم ؟ — كېمە باشقۇرغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالىقانلىرىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ سورىدى .

— خارجى[1] ، مەن خارجى ، سېنىڭ گېپىڭنى چۈشىنىمەن ، — دېگىنىچە ئادەتتىكى يەڭگىل - يۇمشاق سۆزلەرنىمۇ ئەتەي چايناپ سۆزلەپ جاۋاب بەردى ئەبۇل ئەتەخىيە ، — كېچىچە ئەل - ھەربىيە مەھەللىسىگە يېتىپ بېرىشىم كېرەك ، قانداق بېرىش يولىنى بىلمەيمەن ، ئەي خوجايىن ، خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن ، مەرھەمىتىڭنى ئايىما !

كېمە باشقۇرغۇچى بىر دەقىقە يوقىلىپ يەنە پەيدا بولدى :

— بوپتۇ ، ئالسام ئېلىۋالاي !

كېمە ئاستىلاپ بۇرۇلدى ۋە قىرغاققا كېلىپ توختىدى . ئېگىز بويلۇق كېمىچى كۆچمە كۆۋرۈكنى دەس كۆتۈرۈپ ، بىر ئۇچىنى كېمىنىڭ چېتىگە ، يەنە بىر ئۇچىنى شېغىللىق قىرغاققا قويدى . ئەبۇل ئەتەخىيە بۇ كىچىك كۆۋرۈكتىن يەڭگىل دەسسەپ ئۆتتى - دە ، كېمە باشقۇرغۇچىغا تەزىم قىلىپ سالام بەردى ، كېمە باشقۇرغۇچى چۈشۈرۈلگەن يەلكەنلىرىنىڭ تېگىدىكى ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتىن ئۇنىڭغا جاي كۆرسەتتى . ئەبۇل ئەتەخىيە ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپقا زەن سالدى . كېمە قىرغاقتىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى . تۆت كېمىچى پۈتۈن كۈچى بىلەن پالاق ئۇراتتى . شام قاراڭغۇسى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتاتتى . كېمىنىڭ قۇيرۇقىدا مەشئەل يېقىلغان بولۇپ ، كېمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى كىشى مەشئەلنىڭ خىرە نۇرىدا ئاران كۆزگە چېلىقاتتى .

---

① خارجى — چەت ئەللىك ، باشقا يۇرتلۇق .

ئۇلارنىڭ بىرى ئەر ، بىرى ئايال ئىدى . بەدەۋىلەردەك كىيىنگەن بۇ يولۇچىلار پۈتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغىنىچە ئۈيقۇغا كېتىشكەنىدى . ئەرنىڭ يېنىدا ھىجازىي كەبكەبى[1] تۇراتتى . ئايالنىڭ يېنىغا سېلىنغان چوڭغىنا تۆشەكتە ئىككى بالا ئۇخلاپ ياتاتتى . ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىغا چاقماق شەكىللىك گۈل تىكىلگەن رومال يېپىلغانىدى . بالىلارنىڭ بېشى ئايالنىڭ تىزىغا قويۇلغانىدى . «بۇنىڭدا بىر گەپ بار ئوخشايدۇ ، — دېگىنىچە خىيالغا چۆمدى ئەبۇل ئەتەخىيە ، — بۇلار ئادەتتىكى ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئاددىي بالىلاردەك تۇرمايدۇ . بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يېتەلىسەم قالتىس ئىش بولاتتى . ھەتتىگىنەي ، ئەجەبمۇ بىر ئاخشام بولدىغۇ ، بۇ !»

كېمىنىڭ تۇمشۇقى تىنچ دەريا يۈزىنى كېسىپ باراتتى . شامالمۇ توختىغان ، ئەتراپ جىمجىت ، «تىرىق» قىلغان تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى . پەقەت سۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا كېمىنىڭ يېنىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن پالاقلارنىڭ يەڭگىلگىنە ئۇرۇلۇشى ئىشتىلىپ تۇراتتى . يىراقتىن باغدادنىڭ مەركىزىي مەھەللىلىرى كۆزگە تاشلاندى . مەزىننىڭ خۇپتەن نامىزىغا توۋلىغان ئەزىنىنىڭ ئاۋازى دەجلە ئۈستىدە ياڭراشقا باشلىدى . بۇنداق قۇلاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

— ئەي ، خوجايىن ! — دېدى ئەبۇل ئەتەخىيە كېمە باشقۇرغۇچىغا قاراپ ، — خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن ، جايىنامىزىڭ بولسا بېرىپ تۇرساڭ ، ساۋاب تاپقان بولار ئىدىڭ . ۋاي بارىكاللا ، رەھمەت ساڭا !

ئەبۇل ئەتەخىيە جايىنامازنى ئېلىپ كېمىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە — بەدەۋىلەرگە يېقىنراق يەرگە سالدى ـ دە ، نامازغا تۇردى ،

---

① ھىجازىي كەبكەبى — ھىجاز ئەرەبلىرى كىيىدىغان ئۈست كىيىم .

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ تىلى ياد بولۇپ كەتكەن دۇئا ۋە تەكبىرلەرنى ئېيتىۋاتقىنىنى بىلەن كۆزى بەدەۋىلەردە ئىدى. ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرا ياشلاردا بولۇپ، تەنلىرى ئورۇق، ئەمما مەزمۇت كۆرۈنەتتى. يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ سەھرالىقلارنىڭكىدەك ئاددىي ـ ساددا ئىدى. بالىلار بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ناھايىتىمۇ نازۇك ھەم خۇش پىچىم بولۇپ، بىرى بەش ـ بەش يېرىم ياشلاردا، ئىككىنچىسى بولسا، ئۇكىسى بولسا كېرەك، ئۇنىڭدىن بىر ياش، بىر يېرىم ياش كىچىكرەك ئىدى. شەھەرلىك بالىلارغا خاس قارامتۇل كەلگەن يۈزلىرى بىر ئاز سوزۇنچاق بولۇپ، كۆزى، كىرپىكلىرى خۇددى سۈرمە سۈرتۈلگەندەك تۇم قارا ئىدى. ھېچقانداق يېرى بەدەۋىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئوخشىمايتتى، پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

نامازنى نېرى ـ بېرى ئادا قىلغان ئەبۇل ئەتەخىيە جايىنامازنى يىغىشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەي خوجايىن، يولۇچىلىرىڭمۇ ماڭا ئوخشاش مۇساپىرلارمۇ نېمە؟

— مېھمان ئەر كىشى بولغىنى بىلەن، ۋات ـ ۋات خوتۇنلاردەك ھەممە نېمىگە زەن سالىدىكەن ـ دە، — دەپ خۇشياقا ـ خۇشياقماي جاۋاب بەردى كېمە باشلىقى.

— ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان مۇساپىرلار دېگەن بىر ـ بىرى بىلەن تۇغقانغا ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ نەسىھەتگۈي تەلەپپۇزدا جاۋاب قايتۇردى ئەبۇل ئەتەخىيە.

— سېنى كېمىگە چىقارغاندا، كىمسەن، نەدىن كېلىۋاتىسەن، نەگە كېتىۋاتىسەن، دەپ سۈرۈشتۈرمىدىمغۇ! — دەپ گەپنى چورت كەستى كېمە باشقۇرغۇچى ۋە كېمە رولى تەرەپكە ئۆرۈلۈۋالدى، — بۇ ئادەملەرنىڭ كىم بولۇشىنىڭ سەن

بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟
كېمە شەھەرنىڭ بىرىنچى كۆۋرۈكىگە يېقىنلاپ قالغانىدى ، دەريانىڭ ئۇ قىرغىقى بىلەن بۇ قىرغىقى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە زەنجىر بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ تەكشى قىلىپ تىزىلغان تاختايلاردىن ياسالغان ياغاچ كۆۋرۈكلەر تەخ قىلىپ قويۇلغانىدى . ئەگەر كېمىلەرنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىپ قالسا ، تاختايلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان زەنجىر بوشىتىلىپ ، باشقا بىر زەنجىر چۇشۇرۇلۇپ ، تاختايلارنى بىر چەتكە سۇرۇپ تۇراتتى ، ئارىلىقتىكى بوشىغان يەردىن كېمە ئۆتكۈزۈلەتتى . دەريانىڭ سول قىرغىقىدا بىر ۋاقىتلار خەلىپە مەنسۇر بىنا قىلغان ھەربىي قەلئەنىڭ قاتار - قاتار چىراغلىرى كۆزگە تاشلىناتتى . ئالدى تەرەپتە شەھەرنىڭ ئىككىنچى كۆۋرۈكى خىرە - شىرە كۆرۈنۈۋاتاتتى . ئادەتتە ، بۇنداق ۋاقىتتا كۆۋرۈك ئاستى يولى توسۇق بولاتتى .
— ئەنە ، مەنزىلگىمۇ يەتتىڭ ، قېنى ، چۈشۈپ قال ، — دېدى كېمە باشقۇرغۇچى كېمىنى ئاستىلىتىپ .
بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان بۇ سۆز ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تەگدى . ئۇ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلىپ ، كېمە باشقۇرغۇچىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ئېغىز ئۇمچەيتتىيۇ ، يەنە تىلىنى تىيىۋالدى . چۈنكى ، ئۇ بۇنداق بىمەھەل قىلىنغان سەپەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى .
دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھارۇن رەشىدنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قارارگاھى — ئەبەدىيەت قەسرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ، قەسىرنىڭ كۇنگۈرىلىك دېرىزىلىرى تۇر-لۇك - تۈمەن رەڭلەردىكى پانۇسلار بىلەن يورۇتۇلغان ، چىراغلار شۇ قەدەر بىھېساب ئىدىكى ، ئۇلاردىن تارالغان سىرلىق شولىلار قەسىر ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك باغنى كۈندۈزدەك

يورۇتۇۋەتكەندى ، دەجلە دەرياسىدىن تۈرلۈك ــ تۈمەن ئۆتكۈر خۇش پۇراقلار ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . بۇ ھىدلار ئارىسىدا ئىسرىق مۇشك ، شۇنداقلا ئەنبەر ، لەۋەندىس گۈللىرىنىڭ ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇچى ھىدلىرى ئالاھىدە سېزىلىپ تۇراتتى .

كېمىدىكى سىرلىق يولۇچىلار توغرىسىدىكى شۇبھە ــ گۇمانلىرىنى ۋاقتىنچە ئەستىن چىقارغان ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ پىكىر ــ خىيالىنى قۇل سودىگىرى بىلەن بولىدىغان ئالدى ــ ساتتىلار چۇلغىۋالغانىدى .

تېخى يولنىڭ يەنە ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېسىشى لازىملىقىنى ئويلىغان ئەبۇل ئەتەخىيە ساراسىمىگە چۈشۈپ :

— خوجام ، مېنى خەلىپە قەسرىگە تاشلاپ ئۆتۈشكە مۇمكىن بولماسمۇ ؟ — دېدى بوشاشقان ئاۋازدا .

— بولمايدۇ ، — دېدى مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا كېمە باش-قۇرغۇچى ، — سەن كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربىي قىرغاقتا چۈشۈپ قالىسەن .

— تەشەككۇر ساڭا ، ئەي خوجا ! ئالەمچە تەشەككۇر ، ئا-لەمچە ! — دېدى ئەبۇل ئەتەخىيە مۇغەمبەرلىك ۋە مەككارلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ .

كېمە قىرغاققا ئۇرۇلۇپ توختىدى . ئەبۇل ئەتەخىيە بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان سەللىسىنى ئوڭشاپ قايتا ئورىدى ، بېلىنى يەنىمۇ مەھكەمرەك قىلىپ باغلىدى . ئەباسغا ئورىلىپ كېمە باشقۇرغۇچىغا يەنە بىر مەرتە تەشەككۇر ئېيتىپ قىرغاققا قەدەم قويدى .

## 2 . جاھان پايتەختى

دەسلەپكى خەلىپىلەر زامانىسىدا ئىسلام ئالىمىنىڭ



www.uyghurkitap.com

پايتەختى يەسرىب[1] شەھىرى ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە. خەلىپىلىك ئۇمەۋىيلەر خانىدانىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمدارلارنىڭ خاھىشى بىلەن پايتەخت دەمەشق شەھىرىگە كۆچۈرۈلدى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. خەلىپىلىك ھۆكۈمرانلىقى پارسلار تەرىپىدىن پائال قوللاپ - قۇۋۋەتلەنگەن ئابباسىيلار خانىدانىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، پايتەخت پارسلارنىڭ چېگراسىغا يېقىنراق شەھەرلەردىن — ئاۋۋال كۇفەگە، كېيىنرەك فىرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئەل - ئەنبەرگە كۆچۈرۈلدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئابباسىيلار خانىدانىدىن چىققان دەسلەپكى خەلىپە، ئەل ئارىسىدا سەففاھ لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇل ئەبباس شۇ يەردە ۋاپات قىلغانىدى. ئەبۇل ئەبباس ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىك تەختىنى ئۇنىڭ ئۇكىسى مەنسۇر ئىگىلىدى. مەنسۇر تەختكە چىقىشى بىلەنلا، ئۆزىگە دۈشمەن بولغان شىئەلەرنى شەپقەتسىزلەرچە جازالاشقا تۇتۇندى. سالنامىچىلارنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان، قوزغىلاڭچىلار رەھنەماسى ئەبۇ مۇسلىم خۇراساني تۇغى ئاستىدا، نارازى خالايىقتىن تەشكىل تاپقان قۇدرەتلىك لەشكەر توپلانغانىدى. ئۆز ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغىنىنى سەزگەن ئەمىرۇلمۇسلىمىن[2] بۇرۇنراق ئېتىنى قامچىلاپ قالدى. «لەنىتى ئۆز بېشىمچى» ئەبۇ مۇسلىمنى ھىيلە بىلەن تۇزاققا ئىلىندۇرۇپ، ئۇنى دەرھال قەتل قىلدۇرغان خەلىپە، يەنە قوزغىلاڭچىلار ئۆز باشچىسىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ مەندىن ئۆچ ئېلىشىنىڭ قەستىگە چۈشمىسۇن، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىسيانچىلارنى ئامان قويماي

---

① يەسرىب — ھازىرقى مەدىنە شەھىرى. — ت.
② ئەمىرۇلمۇسلىمىن — مۇسۇلمانلار ھۆكۈمدارى.

www.uyghurkitap.com

شەپقەتسىز قىرغىن قىلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مۇبادا مەئان ئىبن زەئىدە دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ جېنىغا ئارا تۇرمىغان بولسا، ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىينىڭ سادىق ئىزداشلىرى ئەمىرۇلمۇسلىمىننى تەختتىن تاۋۇتقا يىقىتىشقا تاسلا قالغانىدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خەلىپە، قورققانغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك، ھەممە تەرەپتە ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغىنىغا قارىماي، ھاپىلا ـ شاپىلا ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويۇشقا ئالدىرىدى.

ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا دەجلە دەرياسىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك يېرى تاللىنىپ شەھەر قەلئەسى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى. شەھەر قەلئەسىنىڭ لايىھىسى ئايلانما شەكىلدە تۈزۈلگەنىدى. شەھەر قەلئەسىنىڭ تۈنجى ئۇل تېشىنى قويغان بۇ خەلىپىنىڭ شەرىپىگە پايتەختنىڭ نامى ئەل ـ مەنسۇرىيە دەپ ئاتالدى. بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەشەمەتلىك ئالتۇن قەسىر بىنا قىلىندى. ئالتۇن قەسىرگە خەلىپە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن ماكانلاشتى. تەدرىجىي ھالدا بۇ ئالتۇن قەسىر ئەتراپىغا بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ ئوردا كېڭىشى بىناسى، مەھكىمىلەر، دىۋانخانىلار، شۇنىڭدەك ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ۋە ساراي ئەئيانلىرى[①] ئۈچۈن سېلىنغان كىچىكرەك بىنا ۋە قەسىرلەر، ئاۋات بازارلار بەرپا قىلىندى. پايتەخت ئەل ـ مەنسۇرىيىنىڭ ئەتراپى ئۈچ قاتار تۇپراق دۆۋىلىرى بىلەن ئورالدى. بۇ تۇپراق دۆۋىلىرى ئۈستىگە قېلىن قەلئە سېپىللىرى قوپۇرۇلدى. قەلئە سېپىللىرىنىڭ ھەر تەرىپىگە كۆزىتىش مۇنارلىرى چىقىرىلدى. سېپىلنىڭ سىرتى ئىستىھكاملار بىلەن مۇستەھكەملەندى. تۇپراق دۆۋىلىرى ئوتتۇرىسىدا تېگى چىڭدالغان ۋە بىمالال

① ئەئيان — ئەمەلدار، يۇقىرى مەنسەپدار.

يۇرگىلى بولىدىغان كەڭ يول قېزىلدى . ئاخىرقى ، يەنى ئۈچىنچى قاتاردىكى تۇپراق دۆۋىلىرىنىڭ ئەتراپى خەندەك بىلەن ئورىلىپ ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلدى . قەلئەنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . دەرۋازىلار قايسى يولنىڭ بېشىدا بولسا شۇ يولنىڭ نامى بىلەن : بەسرە دەرۋازىسى ، كۇفە دەرۋازىسى ، شام ۋە خۇراسان دەرۋازىسى دەپ ئاتالدى . دەرۋازىلارنىڭ ئالدىدىن قەلئە ــ شەھەر مەركىزى تەرەپكە قارىتىپ لايىھىلەنگەن كەڭ ۋە تۈپتۈز كوچىلارنىڭ ھەممىسى خەلىپە قەسرىگە تۇتىشاتتى . مەنسۇر ئۆز ئورنى قەتئىي تەيىن تاپمىغۇچە ئالتۇن قەسىردىن چىقماي كۈن كەچۈردى . ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىگە ئىشەنچى كامىل بولغاندىن كېيىن ، خەلىپە خۇراسانغا بارىدىغان كارۋان يولىغا يېقىنلا يەردە ، دەجلە دەرياسى ساھىلىغا قۇرۇلغان ۋە ئەبەدىيەت قەسرى دەپ نام بېرىلگەن قارارگاھىغىمۇ ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . بۇ ئىككى قەسىر تاكى ھارۇن رەشىد ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەر نۆۋەت بىلەن ئابباسىي خەلىپىلىرىنىڭ قارارگاھى بولدى . پەقەت ھارۇن رەشىد زامانىغا كەلگەندىلا ، ئەبەدىيەت قەسرى خەلىپىلەرنىڭ مۇنتىزىم قارارگاھىغا ئايلاندى . خەلىپە ھارۇن رەشىد پۈتۈن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە شۇ قەسىردە ئىستىقامەت قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى . خەلىپە مەنسۇر زامانىسىدا شەھەر ئاھالىسى ناھايىتىمۇ تېز كۆپىيىپ ، شەھەر قەلئەسى ئىچىدە جاي يېتىشمەي قالغانىدى . يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنىشى ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تۇتاشقان ئەر ـ رۇسەفادا مەسچىت ۋە ساراي بۇنياد ئېتىلدى . ئەنە شۇندىلا ، خەلىپە ، ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى خۇراساندا يېرىم سۇرگۇندە يۈرگەن ئوغلى مەھدىينىڭ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن باغدادقا قايتىشىغا ئىجازەت بەردى . ئەر ـ رۇسەفانىڭ يېڭى قۇرۇلۇش رايونى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ تاللىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . چۈنكى، خۇراساندىن كېلىدىغان چوڭ كارۋان يولى ئەر - رۇسەفاغا تۇتىشاتتى. خۇراساندىن قايتىپ كەلگەن مەھدىي لەشكەرلىرىنىڭ شەھەر قەلئەسىنى كېسىپ ئۆتۈشكە ھاجەت قالمىغانىدى . خەيرىيەت، بۇ ئىشلاردا خەلىپىگە ئاللا تائالانىڭ ئۆزى مەدەت بەردى . شۇنداق قىلىپ ، ئەر - رۇسەفا يەرلىرى خۇراساندىن قايتقان مەھدىي لەشكەرلىرىگە ئۆي - جاي سېلىش ئۈچۈن تەقسىملەپ بېرىلدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەنە بىر يېڭى دائىرە — مەھدىي قارارگاھى بارلىققا كەلدى . بۇ دائىرە بارا - بارا جەنۇب ۋە شىمالغا قاراپ كېڭىيىپ ، يېڭىدىن چوڭ - چوڭ مەھەللىلەر — ئەل - مۇھەررەم ۋە ئەل - شەمسىيە مەھەللىلىرى پەيدا بولدى .

## 3 . ئەبۇل ئەتەخىيە

ئەبۇل ئەتەخىيە خەلىپىلىكنىڭ شىمالىدىكى كىچىكرەك بىر يېزىدا تۇغۇلدى . ئۇنىڭ ياشلىقى ناھايىتىمۇ نامراتلىقتا ئۆتتى . ئۇ كۇلالچىلىق قىلىپ ياسىغان ساپال قاچىلارنى سېۋەتكە سېلىپ كوفە بازىرىغا ئاپىرىپ ساتتى . كىچىكىدىنلا ئۇنىڭ قەلبى شېئىرىيەتكە مايىل ئىدى . ھەتتا لاي پىشۇرۇپ ئولتۇرۇپمۇ شېئىرىي مىسرالارنى توقۇيتتى .

شۇنداق كۈنلەردىن بىرىدە ، ئۇ كۇلالچىلىق دۇكىنىنى سېتىپ ، دۇكاندا قالغان كوزىلارنىمۇ نېرى - بېرىلا پۇل قىلىپ ، بەخت ئىزدەپ «باغداد قايدىسەن ؟» دەپ يولغا راۋان بولدى . ئۇ يىللاردا شائىرلار ناھايىتىمۇ ئەتىۋارلىناتتى . پات - پات خەلىپە سارىيى ئالدىدا مۇشائىرە بولاتتى . شائىرلار خالىغان ماۋزۇدا نەزم پۈتۈپ ، بىرلىرى جانان لاتاپىتى ۋە نازۇكەرەشمىلىرىنى تەسۋىرلىسە ، يەنە بىرلىرى ھۆكۈمدارنىڭ

شانۇشەۋكىتى ، ئادالىتى ۋە ساخاۋىتى ھەققىدە تايىنى يوق قەسىدىلەرنى توقۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پۇقرالىق سادىقىتى ۋە ئىتائىتىدىن لاپ ئۇراتتى . بىر قېتىملىق مۇشائىرە ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ، شۇ كەمگىچە ھېچكىمگە ۋە ھېچ يەرگە مەلۇم بولمىغان بۇ سەھرالىق يىگىت مەھدىينىڭ مۇبارەك نەزىرىگە ئىلىنىپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن دەسلەپىدە قورۇنۇپ - تارتىنىپراق شېئىر ئوقۇغان شائىرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيدى . دانە - دانە قىلىپ ئوقۇلغان شېئىرلارنىڭ گۈزەل مىسرالىرى بارا - بارا كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ھاسىل قىلغىلى تۇردى . مەنمەن دېگەن زەبەردەست ئۇستاتلارنىمۇ يېرىم يولدا قالدۇرۇپ قويۇۋاتقان ياش شائىرنىڭ مىسلىسىز ئىستېداتى ئالدىدا ئەقلى لال قالغان مەھدىي ئۇنىڭغا چەكسىز شاھانە ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى . بېشىدىن دۇرلار چاچتى . كۇلالچىلىقتىن چىققان شائىر ، ئوڭ - سولدىن يېغىشقا باشلىغان سان - ساناقسىز ھەدىيە ۋە سوۋغا - سالاملارغا كۆمۈلۈپ كەتتى . ئەمدىلىكتە خەلىپىنىڭ بۇ خاس شائىرىنى بەزمىلەرگە ، دەبدەبىلىك سەپەرلەر ، تەنتەنىلىك يىغىلىشلارغا ، ئوۋ مۇراسىملىرىغا تەكلىپ قىلىدىغان بولۇشتى . مەھدىيدىن كېيىن خەلىپىلىك تەختىنى ئىگىلىگەن ھادىي زامانىسىدا ئەبۇل ئەتەخىيە شائىرانە شان - شۆھرەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى . ئۇ خەلىپە ھادىيغا شۇ قەدەر ئىخلاس قويدىكى ، تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان خەلىپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا «ئىللا - بىللا بۇنىڭدىن كېيىن قولۇمغا ھەرگىز قەلەم ئالمايمەن» دەپ قەسەم ئىچتى .

ھارۇن رەشىد خەلىپە بولغاندا ، تەختكە چىقىش شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان تەنتەنىلىك مۇراسىمغا داڭدار شائىرنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ ، بۇ دەبدەبىلەرنى مەدھىيىلەپ قەسىدە توقۇشقا ئەمر قىلدى . ئەبۇل ئەتەخىيە شېئىر پۈتۈشتىن باش تارتتى .

دەرغەزەپ بولغان ئەمىرۋلمۇسلىمىن باشباشتاق شائىرنى زىندانغا تاشلاشقا پەرمان قىلدى . زىندانغا مەھكۇم بولغان شائىر ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ ناھايىتىمۇ تەسىرلىك قىلىپ شىكايەتنامە يازدى . ساراي ھاپىزى ئىبراھىم ماسۇلىي قولىغا چۈشۈپ قالغان بۇ شىكايەتنامىگە كۆي ئىشلەپ ، خەلىپە ئىشتىراك قىلغان بىر بەزمىدە پەيتىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ، ئۇنى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلدى . كۆي ۋە يالقۇنلۇق مىسرالار ھارۇن رەشىدكە شۇنداق تەسىر قىلدىكى ، پۈتۈن بەدىنى سۇ بولۇپ ئېرىپ كەتتى . شۇ زاماتلا باشباشتاق ۋە ئاسىي شائىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنى يەنە ئەللىك مىڭ دىرھەم بىلەن مۇكاپاتلىدى . شۇنىڭدىن بېرى ئەمىرۋلمۇسلىمىن ئەبۇل ئەتەخىيەنى ئۆز يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلمايدىغان بولدى . پەقەت مەككە زىيارىتى مەزگىلىدىلا شائىرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتى . خەلىپە شائىرغا ناھايىتى كۆپ مىقداردا يىللىق مائاش بەلگىلىدى . بۇنىڭ بىلەن جىرىڭ – جىرىڭ ئالتۇن تەڭگىلەر شائىرنىڭ چۆنتىكىگە ئېقىپ كىرىۋېرىدىغان بولدى . ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ مال – دۇنياسى كۈنلەپ ئەمەس ، سائەتلەپ كۆپەيگىلى تۇردى . ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدىن ناھايىتىمۇ ئۇستاتلىق بىلەن پايدىلىنىۋاتقان بۇ سابىق كۇلالچى ھەممە تەرەپتىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان سوۋغا – سالام ۋە ھەدىيىلەرنى ھېچكىمگە تىنماي چۆنتەككە ئۇرۇۋەردى .

بۇ كىشى شائىرانە قەلب ئىگىسى بولغان بىلەن ، ئۇچىغا چىققان ئاچ كۆز ۋە خەسىس ، ناھايىتىمۇ بىزەڭ ۋە تەمەخور ، ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قۇۋ ۋە پىتنىخور ، ھەسەتخور ئىدى . مۇبادا بىرەر مەخپىي ئىشنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالسا ، ئۇنى ئاخىرىغا قەدەر كولاشتۇرۇپ ، تېگىگە يەتمىگۈچە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى . بىر دىرھەم پۇلنى كۆرىدىغان بولسا ،

ھەرقانداق يىرگىنچلىك پىتنە ـ پاساتنى توقۇشقا تەييار ئىدى . بىر دىنار ئۈچۈن بولسا ، ھەتتا شەيتان لەئىن بىلەن ئەھدۇ پەيمان تۈزۈپ ، ئىمان ـ ئېتىقادىنى سېتىشتىنمۇ يانمايتتى .

ھىجرىيىنىڭ 187 ـ يىلى خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۆز ئوغلى مۇھەممەد ئەمىننى بىرىنچى ۋەلىئەھد دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان ساراي شائىرى دەرھال ئىشقا كىرىشتى ، خەلىپە ، ۋەلىئەھد ۋە ئۇنىڭ ئانىسى خانىش زۇبەيدەنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەيدىغان ئاجايىپ قەسىدىلەرنى پۈتتى . نەتىجىدە ھەم خەلىپىدىن ، ھەم خەلىپىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى مەلىكە زۇبەيدەدىن ۋە ۋەلىئەھد شاھزادىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھەدىيىلەر ئۇندۇردى . مۇھەممەد ئەمىن شۇ چاغدا ئون سەككىز ياشتا ئىدى . كىچىك تۇرۇپلا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ياش شاھزادە ئۈچۈن پۇل ۋە مالنىڭ تېرىقچىلىكمۇ قەدرى يوق بولۇپ ، ئۆز ئەتراپىنى ناخشىچى ـ ھاپىزلار ، شائىرلار ، چۆرىلەر ، گۈزەل مەھرەملەر ، غۇنچىچى[1] مەشۇقەلەر ۋە كېنىزەكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى .

بۇ ئىشرەتۋاز شاھزادە بەزمە ـ ئىشرەتلىرىنىڭ دائىملىق قاتناشقۇچىلىرى ھىيلىگەر سىياسەتۋازلار ۋە خۇشامەتچىلەردىن ئىبارەت ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىقى ھاياسىزلىقتا داڭقى چىققان ، ھازىر جاۋاب شائىر ھەسەن ئىبن ئىبراھىم ئەبۇنۇۋاس ئىدى . شاھزادە مۇھەممەد ئەمىننىڭ بۇ ئۇلپەتلىرى ئارىسىدا تۆگە مىنىپ يىراقنى كۆزلەيدىغان ھوشيار كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئۇلار بىرىنچى ۋەلىئەھد ۋە ئۇنىڭ ئانىسى زۇبەيدە خانىشقا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز سىياسىي كۆرەشلىرىنىڭ ۋاستىسى قىلىپ ، ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا

---

① غۇنچىچى — ھەرەمگە نىكاھسىز ئېلىپ كىرىلگەن گۈزەل قىزلار .

ئاشۇرۇشقا ئىنتىلەتتى ، چۈنكى ، خەلىپىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ، ۋەلىئەھد مۇھەممەدنىڭ ئانىسى خانىش زۇبەيدەنىڭ ھارۇن رەشىد نەزەرىدىكى ئورنى ناھايىتىمۇ يۇكسەك ئىدى .

ئەبۇل ئەتەخىيە مۇھەممەد ئەمىن بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۇرگەچكە ، سارايدا شاھزادىنىڭ ئۆز ئادىمى ھېسابلىناتتى . ئاباسىيلار دەۋرىدە ھەر خىل تائىپىدىكىلەرنىڭ قېنى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى خەتەرلىك تۇس ئالدى . ئىنتائەتچان ۋە مۇلايىم ئاق تەنلىك گۈزەللەرنىڭ ئىسسىق قويۇنلىرىدا كۆكۈللىرى قانغۇچە ئىشرەت قىلغان خەلىپىلەر يوشۇرۇن سەۋەبلەر بىلەن كېنىزەكلەرنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشاتتى . تۇنۇگۇنكى غۇنچىچى ۋە كېنىزەكلەردىن تۇغۇلغان قۇل بەچچىلەر[1] ئەمدىلىكتە ئەل قاتارى رەسمانە پۇقرادەك كۈن كەچۇرۇشەتتى .

زۇبەيدە خانىش بۇ تائىپىدىكى ئادەملەردىن ئۆلگۈدەك ھەزەر ئەيلەيتتى . زۇبەيدە خانىشنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر زاتىدىن بولغان ھاشىمىيلار جەمەتىدىن ، ھارۇن رەشىدنىڭ دادا تەرەپ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى . شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ يەككە - يېگانە ئەتىۋارلىق ئوغلىلا خەلىپىلىك تەختىنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ۋارىسى بولۇشقا ھەقلىق ئىدى .

خەلىپە ھۇزۇرىغا تەۋسىيە ۋە ياكى بىرەر ئىلتىماس بىلەن كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن زۇبەيدە خانىش ياكى ۋەلىئەھد شاھزادىگە سالام بېرىپ ، ئۇلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىشاتتى . مۇھەممەد ئەمىننىڭ سابىق غۇنچىچىدىن تۇغۇلغان ئىنىسى مەئمۇننى يامانلاپ يەرگە ئۇرۇشاتتى .

مەئمۇن بولسا ئۆگەي ئاكىسى مۇھەممەد ئەمىنگە قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق ، ئىستېداتلىق ، ئوقۇمۇشلۇق ۋە پاراسەتلىك

---

① قۇل بەچچىلەر — قۇل باللار .

شاھزادە ئىدى . لېكىن ، ھەسەتخور ، خۇشامەتچىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇنداق پەزىلەتلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ؟ ! مەئمۇن شەنىگە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغانلار ئارىسىدا ۋەلىئەھدنىڭ دائىملىق ئۇلپىتى ، چېچەن ۋە خۇشامەتگۆي فەزل ئىبنى رابىيەگە تەڭ كېلىدىغىنى تېپىلمايتتى . فەزلنىڭ ئاتىسى خەلىپە مەنسۇر ۋە خەلىپە مەھدىي سەلتەنەتىدە ئىزچىل ھالدا ۋەزىرلىك ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى . شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭمۇ ئوردىدا ئالىي مەنسەپ تۇتۇشىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى . لېكىن ، ھارۇن رەشىد باشقىچىرەك يول تۇتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى سەپداشلىرىدىن بولغان يەھيا ئىبنى خالىد بەرمەكىينى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى دەپ ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ ئوغلى جەفەر بەرمەكىينى بولسا سەلتەنەتنىڭ ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى . ئۈمىدى يوققا چىققان فەزل دەرھال ئىشقا كىرىشتى . قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆز رەقىبىنى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ ھاڭغا ئىتتىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى كۆرۈشكە باشلىدى . بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك يول — مۇھەممەد ئەمىن گۇرۇھىغا قوشۇلۇش ، زۇبەيدە خانىشقا تايىنىش ئىدى . ھەرھالدا يول توغرا تاللانغانىدى . ئەسلى ھاشىمىيلار ئەۋلادىدىن بولغان زۇبەيدە خانىش پارسلارنى ناھايىتىمۇ ئۆچ كۆرەتتى . بولۇپمۇ بەرمەكىيلەر جەمەتىنى كۆرۈشكە زادىلا تاقىتى يوق ئىدى . ئەلۋەتتە ، ئىشنىڭ تېگىدە ئىش بار ـ دە ! ۋەزىر جەفەر بەرمەكىينىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ھارۇن رەشىد خانىشقا ئۆگەي ئوغلى مەئمۇننى خەلىپىلىك تەختىنىڭ ئىككىنچى ۋارىسى — ۋەلىئەھد ، دەپ ئېلان قىلدى . زۇبەيدە خانىشنىڭ جۇدۇنى تۇتتى . ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك بولۇپ ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى . مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ ئەمدى ؟ ! بىمەنىلىك دېگەنمۇ ئۆز يولى بىلەن ـ دە ! ئاخىر ، بۇ بەتبەشىرە مۇغەمبەر ئوغلاننىڭ ئانىسى ئىنىقى يېقىنغىچە ئەتىۋارلىق

خانىشنىڭ چۆرىسى ئىدىغۇ!

تەقدىر تەقەززاسىغا ئىنتىزار بولغان فەزل شاھزادە مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئاجرىمايتتى. ئاق تەنلىك كېنىزەكلەر سېتىۋېلىش توغرىسىدا ۋەلىئەھدىنىڭ خىيالىغا توساتتىن كېلىپ قالغان ھەۋەس دەل ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققانىدى. شۇڭا ئۇ شاھزادىگە يەل بېرىپ ئوتنى ئۇلغايتقانىدى.

بۇرۇنلاردا ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئاسىيالىقلار، پەقەت بولمىغاندا قارا قىتئەدىن كەلتۈرۈلگەن قۇللار ئارىسىدىن كېنىزەك سېتىۋېلىناتتى. بەلكىم ئاق تەنلىك كېنىزەكلەرمۇ خۇلق ۋە ناز - كەرەشمىدە، مەشۇقەلىك جەزبىسىدە ئۇلاردىن قېلىشماس! شاھزادە ئويلاپ تاپقان بۇ يېڭىچە ئەيش - ئىشرەت ساراي ئەئيانلىرىنىڭ ئاغزىغا سۇ يىغىلدۇرۇپ، دىللىرىنى غىدىقلاپ، قەلبلىرىگە ئوت ياققاندەك تەسىر قىلدى. ئاجايىپ ئېسىل ئىش بولدى - دە! ئاخىر، ئاق تەنلىك پەرىلەر بىلەن ئىشرەت قۇرۇش كىمگە خۇش ياقمايدۇ دەيسىز!...

## 4. خەتنە

قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن ئەبۇل ئەتەخىيە شىمال تەرەپكە قاراپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. خۇراسانغا بارىدىغان كارۋان يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تار كوچىغا — قۇللار مەھەللىسى تەرەپكە بۇرۇلدى. دۇكانلارنىڭ كۆپى تاقىلىپ بولغان بولسىمۇ، شەھەر يەنىلا ئاۋات ئىدى. كەچنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە ئارامبەخش شامىلىدىن ھوزۇرلانغان كىشىلەر مەسچىتلەرنىڭ ئالدىلىرىدا توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشقىنىچە ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۆيلىرىگە تارقاشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيتتى.

فەنخەسىنىڭ قورۇسى چوڭلۇقى ۋە ھەشەمەتلىكى جەھەتتە

ۋەزىرلەرنىڭ سارايلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۇنىڭغۇ ئەجەبلەنگۈدەك يېرىمۇ يوق. بۇ قۇل سودىگەرنىڭ بايلىقى تىللاردا داستان تۇرسا. خەلىپە، ۋەزىر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى. گۈزەل كېنىزەكلەر ياكى خۇش چىراي ئوغلانلار كەلتۈرۈلۈشى بىلەنلا بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن باغدادقا دىلنى غىدىقلىغۇچى خەۋەرلەر تارقىلاتتى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، قۇلپۇرۇش ئۆزى ئۇزۇن قۇلاق خېرىدارلىرىنى ئىشقا سالاتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا دەللال - ۋاسىتىچى شائىرلار، خەلىپە سارىيىنىڭ ئەتىۋارلىق چاپارمەنلىرى، ھاپىزلار يېڭى كەلتۈرۈلگەن «ماللار» نى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پۈتۈشۈش ئۈچۈن دار ئەررەقىق تەرەپكە قاراپ چېپىشاتتى. قۇلپۇرۇشنىڭ مەخپىي خەۋەرچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇل ئەتەخىيە ئۆز ئىشىنى پۇختا بېجىرىپ، ئوبدانلا چوتا ئايرىپ يانچۇقىنى توشقۇزۇپ قايتاتتى. ئەبۇل ئەتەخىيە فەنخەس بىلەن بۇنىڭدىنمۇ پۇللۇقراق ئىشلارنىمۇ يەڭ ئىچىدىلا پۈتتۈرۈپ كېتىۋېرەتتى.

بۈگۈن بۇ شائىر نېمىشقىدۇر پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ قالغانىدى.

دۆلىتى شۇنچە ئېشىپ - تېشىپ تۇرغىنىغا قارىماي، بۇ قۇلپۇرۇش باشقا دۆلەتمەن كىشىلەرگە ئوخشاش ئاخشاملىرى ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاشنى، مەيخورلۇق ۋە ئىشرەتۋازلىق قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇ-ئارمىنى — قانداق قىلىپ بولمىسۇن كۆپرەك پايدا ئۇندۇرۇش، ساندۇقلىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك قىزىل ئەشرەفىيگە — ئالتۇنغا تولدۇرۇش ئىدى.

باغدادلىق ئىشرەتۋازلار ئىشرەت ۋە پاھىشىۋازلىقنىڭ «نازۇك» ئۇسۇللىرىنى قانچە كۆپ ئىزدەپ تاپسا، قۇلپۇرۇش ئىشلىرىنىڭ شۇنچە ئوڭدىن كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ،

خۇپتەن نامىزىدىن ئىلگىرىلا ئۇيقۇغا كېتەتتى . ئەبۇل ئەتەخىيە ئىچىدە ، «ئىشقىلىپ ، ۋىجىك قېرى جوھۇت ئۇخلاپ قالمىسا بولاتتى ـ دە » دەپ خۇدادىن تىلەيتتى . ئۇ قۇلپۇرۇشنىڭ چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆيگە كۆزى چۈشۈپ ، ئىچى نۇرغا تولغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى . «بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ، قارىغاندا ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان ئوخشايدۇ !» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ماڭغاچ ، قۇلپۇرۇشنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ بارىدىغان ، ئىككى تەرىپى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان تار كوچىغا بۇرۇلۇپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى . ئالدى تەرەپتە ـــ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىرنەچچە كىشى كۆرۈندى . ئۇلار قوللىرىدا نېمىدۇر بىرنەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى .

«قىزىق ئىش ، فەنخەسىنىڭ ئۆيىگە يەنە بىرەرى قەدەم تەشرىپ قىلغان ئوخشىمامدۇ ؟ ھېلىقى ئىشلار بىلەن كەلگەنلەر بولمىسۇن يەنە ؟ ئەمما ، كېچە ـــ ئالدى ـ ساتتى ئىشلار ئۈچۈن ئانچە قۇلاي ۋاقىت ئەمەسقۇ ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلدى . يوشۇرۇنچە دەرۋازىغا يېقىنلاشتى . قانداقلا قارىسىمۇ ، بۇ خېرىدارلار باياتىنقى كېمىدىكى بالا ئېلىپ ماڭغان بەدەۋىلەر ئىدى . «ئۇھ ، خۇداغا شۈكۈر ! ھەرھالدا مەندىن ئىلگىرى بۇ ئىش بىلەن ھېچكىم كەلمەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى دەرەخ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئەبۇل ئەتەخىيە . شۇنداقتىمۇ ، ياخشىراق زەن قويۇپ ، سىرنى بىلىۋالسا ئارتۇقچىلىق قىلمايدىغۇ . . . دەرۋەقە ، ئۇلارمۇ قۇلپۇرۇش دەللاللارمىدۇ ؟ بەدەۋىلەر ـــ سەھرانىڭ بۇ ئەركىن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇلپۇرۇشلۇق مۇتلەق يات ئىدىغۇ ؟ غەلىتە ئىش ! بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىش كېرەك !

بەدەۋىلەر ئادەت بويىچە ئىشىكنىڭ كۆرۈنگۈدەك يېرىگە ئېسىپ قويۇلغان كىچىك بولقىنى ئېلىپ ، ئىشىكنى قاتتىق ـ قاتتىق تاقىلداتتى .

— بىزنى كۆتۈۋاتقاندۇ ھەرقاچان ، — دېدى يەدەۋنىڭ ئايال ھەمراھى .

— كۆتۈۋاتقاندۇ ، — دېدى ئەر تاقەتسىزلىك بىلەن ، — كۆرمەيۋاتامسەن ، دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈۋاتىدۇ . بۇ قېتىم بىز بەكلا كېچىكىپ كەتتۇق . سەيىبدە بىتاقەت بولۇپ ، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي جۇدۇنى ئۆرلەپ ئولتۇرغاندۇر ھەرقاچان .

ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەلقۇمىدىن قوپال تاۋۇش چىقىرىپ سۆزلىشىدىغان ھىجازلىقلارغا ياكى مەككە ۋە مەدىنە ئەرەبلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى . پەقەت ھەقىقىي باغدادلىقلارلا مۇشۇنداق سۆزلەيتتى .

يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ كىچىك قاپقىقى ئاستا ئېچىلدى . قولىدا شامدان كۆتۈرۈپ بۇ كەچتە كەلگەن خېرىدارلارنىڭ كىملىكىنى سوراۋاتقان ئايالنىڭ شام يورۇقىدىكى چىرايى دەرەخنىڭ دالدىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەبۇ ئەتەخىيەگە ئېنىق كۆرۈندى . گۈزەل ، سوزۇنچاق ، ئاپپاق يۈز ، ئويماقتەك لەۋلەر ، قاپقارا شەھلا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان ، چاچلىرى ئادەتتىكىچىلا ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈلگەن .

«ئاھ خۇدا ! . . . — دەپ ئىختىيارسىز تولغىنىۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى يۈرەك سوقۇشى بىردىنلا تېزلىشىپ كەتكەن ئەبۇل ئەتەخىيە ، — بۇنچىلىكمۇ ئوخشىغان بارمۇ ؟ خۇددى قۇيۇپ قويغاندەكلا - ھە . . . يېشى قانچىلەردە باردۇر ؟ خېلى ياش كۆرۈنىدۇ ، شۇ بولۇپ قالمىسۇن ، يەنە ؟ !»

ئۆز ۋاقتىدا رەت قىلىنغان سۆيگۈنىڭ دەردى - پىراقىدا ئۆرتەلگەن شائىرنىڭ جىگەر - باغرى شۇ تاپتا قان بولۇپ ئاقماقتا ئىدى . خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك ، «خىيال بىلەن تەسەللىدۇر ، كۆڭۈل مەيلى ۋىسال ئەمەس» دېگەن تەرىزدە ، تۇنجى ۋە ئاخىرقى مۇھەببىتى سۇپىتىدە ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ

كەتكەن مەھبۇبەسىنى يەنە بىر مەرتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ جامالىدىن بەھرىمەن بولۇش خىيالىنىڭ ئۆزىمۇ ئەبۇل ئەتەخىيەنى ئوتتىن ئېلىپ سۇغا تاشلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ۋاي، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، بارمۇ سىلەر، رىنائاش! — دېدى ھاياجان ئىچىدە ئىشىك ئاچقىلى چىققان ئايال، — ئەجەبمۇ كېچىكىپ كەتتىڭلارغۇ؟

ئاھ! نېمىدېگەن شېرىن، مۇلايىم، ئارامبەخش ئاۋاز بۇ!

— بۇ بىزنىڭ گۇناھىمىز ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى بەدەۋى قىياپەتتىكى ئەر، — بۇنى ياخشىسى ماۋۇ قوزىچاقلاردىن سوراڭ، خېلى جەبىر چېكىشكە توغرا كەلدى. خۇدايىتائالا ئۆمرىنى ئۇزۇن، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغۇر خوجىمىز بىزگە رۇخسەت بەرمىدى. كەچكىچە ئۈستىمىزدە قاراپ تۇردى. ئاران تەستە رۇخسەت ئالدۇق. قېنى ئىشىكنى ئاچ، سەيىدەنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەندۇر!

«خەتىبە!» دېگىنىچە مەيدىسىنى تۇتۇپ قالدى ئەبۇل ئەتەخىيە، ئۇ خۇددى يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسىنى تېپىپ، يۈرىكى تېپچەكلىگەن ھالدا: «خەتىبە! خەتىبە!» دەپ نىدا قىلىپ كەتتى.

ئېھتىمال، ئون يىلنىڭ ئالدىدا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىرەكتۇر، خەلىپە مەھدىي زامانىسىدا تېخى كۆزى ئېچىلمىغان شائىر ئايپەرىدەك ئاپئاق كېنىزەككە ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ غەزەل پۈتتى. شائىرنىڭ بۇ ئىشى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قېلىپ، ھەممەيلەن ئۇنى تەنتەكلىككە چىقىرىشتى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا سۈتتەك سۈزۈك ساھىبجاماللارغا ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيتتى. خەتىبەنىڭ بۇ ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئاشىق شائىر ئۆز سۆيگۈسىنى

ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايتتى . ئۆزىدىكى بۇ ئىشقىۋازلىقتا خەلىپىنىڭ دىققەت قىلمىغىنىنى سەزگەن شائىر ۋۇجۇدىغا جان كىرىپ ، بىر ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولۇۋىدى ، بۇ ھىيلىسى ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بولدى . نورۇز بايرىمى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . نورۇزدا بىر ـ بىرىنى سوۋغا ـ سالام بىلەن يوقلاش ئادەت ئىدى . ئەبۇل ئەتەخىيە لېيىغا ھەر خىل خۇش پۇراق ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۆز قولى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق بىر كوزا ياسىدى . كوزىنى قولغا ئالسا ، ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلەتتى . ئۇ سىرتىغا تۆۋەندىكى ئاشىقانە مىسرالار پۈتۈلگەن بۇ خۇشبۇي كوزىنى ئەمىرۇلمۇسلىمىنگە تارتۇق قىلدى :

جاھاندا بىر دىلبەر ئەيلىگەچ شەيدا ،
چىن سۆز بۇ ، ئۆزگىلەر ئۆتمەس ھېسابقا .
بۇيۇك مەھدىي ئىلە دانىشمەن ئاللا ،
مەدەت بەرگەي ، قويماي دىلىم ئازابقا .
جېنىمنى تاشلىدى ئوتنىڭ ئىچىگە ،
ئۈمىد شۇ يەتمەكلىك ئۇنىڭغا پەقەت .
جاھاننىڭ بارچە ئەيش ـ ئىشرەتلىرى ،
باقքان كۆزلىرىڭدە نامايان نەپرەت .

«شائىرلار تائىپىسى ئاجايىپ غەلىتە تائىپە ـ دە ، نەدىكى ئەرزىمەس ھەدىيىلەرنى ئىلتىجا قىلىشىدۇ !» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرگەن مەھدىي كېنىزەكنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىشقا ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە ، توساتتىن خەتتە گەپكە ئارىلاشتى :

— ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ! ھىممىتىڭنى ئايىمىغايسەن ! نىھايەتكى ، مېنى بىر كۆلالچىغا ، يەنە كېلىپ كوزىلىرى بىلەن ئەمەس ، شېئىرلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان پەسكەشكە ھەدىيە

قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟

كېنىزەكنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى - زەكاۋىتى ۋە ماھىر جاۋابلىقىغا قايىل بولغان مەھدىي خەتبەنى ھەدىيە قىلىش پىكرىدىن يالتايدى، شۇنداقلا شائىرغا خەتبەنى مەدھىيىلەپ شېئىر توقۇشنى مەنئى قىلدى. ئەمىرۇلمۇسلىمىن شائىرنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش نىيىتىدە، كوزىسىغا لىق ئالتۇن تولدۇرۇپ ھەدىيە قىلدى. لېكىن، ئۆمرىدە شۇ بىر قېتىم بولسا كېرەك، ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ كۆڭلى ئالتۇننى خالىماي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەتبەنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچراتمىغانىدى. شۇ ئىشتىن كۆپ ئۆتمەي مەھدىي ۋاپات بولدى. قۇللار ۋە كېنىزەكلەر ھەر خىل خوجايىنلارنىڭ قوللىرىغا ئۆتتى. خەتبە بولسا ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. ئەمما، شائىرنىڭ قەلبىگە ياشلىقىدا تۇتاشقان شۇ سۆيگۈ يالقۇنىنىڭ چوغلىرى تېخى ئۆچمىگەن بولۇپ ھامان پىلىلداپ تۇراتتى.

## 5. قۇلپۇرۇشنىڭ خاندانى

خەتبە قاپقاقتىن نېرى كېتىپ كىمگىدۇر بىرگە دەرۋازىنى ئېچىشنى بۇيرۇدى. شۇ زامان ھەبەش دەرۋازىۋەن يۈگۈرۈپ كېلىپ چوڭ دەرۋازىنى قىيا ئاچتى.

دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۇخلاپ قالغان ئوغلانىنى كۆتۈرگەن رىئاش كىردى. بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان بالا نازۇك قوللىرىنى رىئاشنىڭ بويىنىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. رىئاشنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى بالىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە بەررا كىرىپ كەتتى.

دالىدا تۇرۇپ يوشۇرۇنچە ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەر ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، دىققىتىنى باشقا ياققا ئېلىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا

بولۇپ ئۆتكەن بۇ سىرلىق ئىشلار ئۇنىڭ پىتنىخورلۇق ھەۋىسىنى قوزغاپ قويغانىدى . بۇ ئىشلاردا ، ئالىي زاتلاردىن قانداقتۇر بىرىنىڭ قولى باردەك قىلىدۇ . . . بۇلار زادى كىمدۇر ؟ ئەگەر ئۇ بۇ ئىشلارنى ئېنىقلاپ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلىگەن بولسا ، نۇرغۇن ھەققە ئېرىشىشى تۇرغانلا گەپ ـ دە !

«ھازىرچە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق . ئالدىراقسانلىق — شەيتاننىڭ ئىشى دېيىشىدۇ . ئالدىراقسانلىق قىلىش ئىشنى سۇغا چىلاشتۇرۇشى مۇمكىن ، — يۈرىكىدە پىتنە ـ پاسات ئوتلىرى لاۋۇلداۋاتقان شائىر يوشۇرۇنغان يېرىدە تۇرۇپ شۇنداق قارارغا كەلدى ، — ئەڭ مۇھىمى — ئېھتىياتچانلىق كېرەك . ئەنە ، لوكىدان غىچىرلىدى ، دەرۋازىۋەن قايتىپ كەتتى . يەنە بىر ئاز سەۋر قىلاي ، ھېچكىمدە گۇمان تۇغۇلمىسۇن ، گويا مەن ھېچنەرسىنى كۆرمىگەن ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولاي . پالاق-پۇلۇق . . . ھازىرلا كەلدىم دېگەن گەپ . ھىيلىگەرلىك ياخشى ئىش . سىر ئىگىلەشتە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئاجايىپ ئەسقاتىدۇ ! »

ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بولقىنىڭ تاقىلدىغىنى ، ئىچكىرىدىن دەرۋازىۋەننىڭ :

— يەنە كىم كەلگەندۇر ؟ — دېگەن خىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئاچقىن ، ھەييان ! — دەپ توۋلىدى ئەبۇل ئەتەخىيە ۋە دەرۋازىۋەننى ئالدىرىتىپ تېخىمۇ چىڭراق تاقىلداتتى .

— مانا ، مانا ھازىر ، — دېدى ھەبەش غۇلام قاپقاقنى غىچىرلىتىپ ئاچقاچ . شامنىڭ خىرە يورۇقىدا ئۇنىڭ قارا يۈزلىرى كۆرۈندى .

دەرۋازىۋەن شائىرغا تىكىلىپ قاراپ ئۇنى تونۇۋالدى ـ دە ، ھەيران بولۇپ :

— ۋاي ـ ۋۇي ، سىز ئىكەنسىزغۇ ، شەۋكەتلىك خوجام ؟ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدىكەنمىز . نېمانچە بىمەھەل ۋاقىتتا

كەلدىڭىز ؟ ئاللانىڭ يىرىنم تۇنىدە ـ ھە ؟ ئالدىرىماي تۇرۇڭ ، ھازىر ئاچىمەن .

ئەبۇل ئەتەخىيە تېز ـ تېز نەپەس ئالغىنىچە ئىچكىرىگە قەدەم قويدى .

ــ ئەجەبمۇ چارچىدىم ! ــ دېدى ئۇ نەپىسىنى رۇس-لاپ ، ــ خوجايىن ئۆيدىمۇ ؟

ــ بۇنداق بىمەھەل چاغدا ، ئۆيدە بولماي نەگىمۇ باراتتى ئۇ دۆلەتپاناھ ؟ ئىشىڭىز شۇنچىلىك ئالدىراشمىدى ؟ ــ دەپ قىزىقىسىنىپ سورىدى دەرۋازىۋەن .

دەرۋازىۋەن ئەرەبچىنى دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى ھەم «ئەين» «غەين» ، «كاف» ۋە «قاف» تاۋۇشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى .

ــ ئەلۋەتتە ، كېچىدە مېھماندارچىلىققا كەتمەيدىغانلىقى ماڭىمۇ ئايان ، ھەييان . يېرىم كېچىدە ئىش بىلەن كېلىپ پاراكەندە قىلىدىغانلارمۇ كەمدىن ـ كەم بولىدۇ . كېچە قاراڭغۇلۇقىنى قارا ، خۇددى قارا پەردە يېپىنىۋالغاندەكلا . ئۆيلىرىڭلارنىڭ خۇددى توي ئاخشىمىدەك يورۇپ كەتكىنىنى كۆرمىگىنىمدە ، دەرۋازىنى تاقىلدىتىپمۇ ئولتۇرمىغان بولار ئىدىم . توغرا ، ئۆيۈڭلاردا راستىنلا بىرەر توي ـ پوي بولۇۋاتامدىغاندۇر ؟ ــ دەپ بىلجىرلاپلا كەتتى شائىر . ئۇنىڭ چارچىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ۋايساشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى ، ــ ياكى فەنخەسىنىڭ بىر يەردىن قەدىردان دوستى قەدەم تەشرىپ قىلدىمۇ ، قانداق ؟ ھوي ، نېمانداق داڭ قېتىپ تۇرىسەن ؟ قەدىردانلارنىڭ تەشرىپ قىلىشنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسەڭ ئىدى ، كاشكى ؟

ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھەبەش غۇلامنىڭ بېقىنىغا چاقچاق قىلىپ نوقۇپ قويدى .

ــ قېنى ، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتمامسەن ، قانداق بايرام



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولدى بۇ ؟
— ھەي ، جىن ئۇرسۇن ئۇلارنى ! قانداق بايرام بولماقچىدى ! بىردەم بولسىمۇ كۆز يۇمغىلى قويمايدۇ ـ دە ! — دەپ غۇدۇرىدى دەرۋازىۋەن ، ئەمما شۇئان ئۆز سۆزلىرىدىن چۆچۈگەندەك قىلىپ ، قوشۇپ قويدى ، — بىلمەيمەن ، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ، ئەجەبمۇ پاراكەندە كېچە بولدى ، ھېلى ئۇ كەلگەن ، ھېلى بۇ كەلگەن ، بېرىپ خوجايىنىغا خەۋەر قىلاي .
— ئۇ قەيەردە ؟
— ئۆز خانىسىدا .
ئۇلار شاملار يېقىلغان ئۇزۇن ئايۋاندىن ئۆتۈپ پەشتاقتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئۆينىڭ ئىچى تىپتىنچ ، نە تىرىق قىلغان بىرەر تىۋىش ئاڭلانمايدۇ ، نە بىرەر قۇل كۆزگە چېلىقمايدۇ . ھەممە ياق تىمتاس . كەلگەنلەرنى ئەڭ ئالدى بىلەن باشلاپ كىرىدىغان قوبۇلخانا قاپقاراڭغۇ . ھەييان شامداننى ئەكىرىپ قويۇپ ، ئۆزرە ئېيتىپ خوجايىنىنىڭ ھۇزۇرىغا يول ئالدى .
— «ئاخىر ئۆيگە كىردىم ـ دە ! — ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلەنگەندەك نەپەس ئالدى ئەبۇل ئەتەخىيە ، — كەچ قالغان يولۇچىلار قەيەردىدۇر ؟ يات كۆزلەردىن قېچىشىۋاتقاندۇر بەلكىم . كىم كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ ـ دە ! ئۇلار خۇدۇكسىرەۋاتسا كېرەك . ئۇلار نەدىدۇر ! ئۆيلەر كەڭ ـ كەڭرى ھەم كۆپ . قارىغاندا ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ، كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ ، ئايۋانغا چىقىپ قوشنا خانىلارنى ئارىلاپ باقسام بولىدۇغۇ ، ياتاقخانىلارنىڭ ھەممىسى تونۇش . ناۋادا ، مېنى سېزىپ قالسىچۇ ؟ تەۋەككۇل دەي ، بىر ئىلاجىنى قىلارمەن ، ئاخىر . . .»
ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزىتىپ ئاچاي دېيىشىدى ، بىردىنلا ئىچكىرىدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۈن سۈكۈناتىنى بۇزدى . ئەمما ، كۈلكە شۇئان بېسىلىپ بىرەر شەپىمۇ

ئاڭلانمىدى . كۈلگەن ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى شائىر ئېنىق ئاڭلىدى . دېمەك ، ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا دېگەن گەپ . ئىشلارنىڭ ئوڭ كېلىۋاتقىنىنى دېمەمدىغان ! ۋاقىت يەتسىلا بولدى .

ھەييان تېزلا قايتىپ كەلدى .

— قانداق قىلساق بولار ، تەقسىر ، خوجام ئۇخلاپ قاپتۇ . بولمىسا ئويغىتايمۇ يە ؟

— ياق ، ياق ! — دېدى قولىلىرىنى سىلكىپ ئەبۇل ئەتەخىيە . — خوجاڭنى پاراكەندە قىلىشقا ھەددىمىز بارمۇ ؟ ! ياخشىسى ، تاڭ ئاتقۇچە ساقلاي ، ئەتىگەندە سۆزلىشەرمەن . مەنمۇ بىر ئاز كۆز يۇمۇۋالسام بولاتتى ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بىرنى كېرىلدى ـ دە ، قاملاشتۇرۇپ ئەسنەك تارتىپ كۆزلىرىنى ئىشقىلىدى ، — ئاللا تائالا كېچىنى ئۇخلاشقا ياراتقان .

— خوجام ، تائام تاناۋۇل قىلامسىز ، قانداق ؟ — سورىدى دەرۋازىۋەن .

— ياق ، رەھمەت ، ھەييان . ناھايىتىمۇ ئەدەپلىك غۇلام ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن . قورسىقىم ئاچ ئەمەس . ئەمما ، ناھايىتىمۇ چارچاپ كەتتىم . سەپەردە ھالىم قالمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، كىراكەشنىڭ ھەققىنى بېرىپ قايتۇرۇۋېتىپتىمەن . بۇ ۋاقىتتا قايتسام ئۆيۈمگە يېتەلمەسمەنمىكىن . شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىشنى ئاسان دەمسەن ؟

— ئەگەر خالىسىڭىز ، ئاتخانىمىزدا ھەرقانداق ئات ياكى قېچىر تېپىلىدۇ ، يارىغىنىنى تاللاڭ !

— نە ھاجەت ! — ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب قىلدى ئەبۇل ئەتەخىيە ، — ئىشىم ناھايىتى مۇھىم . ئەگەر ئىشىم پۈتسە ، ئاللانىڭ لۇتپى ـ ئىنايىتى بىلەن شاراق ـ شاراق دىرھەملەرنى چۆنتەككە ئۇرىمەن .

— ئۇنداقتا، قونۇپ قېلىڭ، شەۋكەتلىك خوجام! — دېدى ھەييان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ بۇ مېھماننىڭ ئۆز خوجايىنى بىلەن قىلىدىغان ئىشىدىن خېلى زور پايدا چىقىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. مۇشۇنداق خېرىدارنى قايتۇرۇۋەتسە، خوجايىنى خاپا بولۇشى تۇرغان گەپ - دە.

— قونۇپ قالسامغۇ بولۇۋېرەتتى، ئەمما... — ئەبۇل ئەتەخىيە قەستەن تىلىنى چاينىدى، — ھەممە خانىلاردا چىراغ يورۇپ تۇرسا قانداقمۇ ئۇخلىغىلي بولار؟

— ئۆچۈرىمىز، ھەممىسىنى ئۆچۈرىمىز، — دەپ ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە ئالدىرىدى ھەبەش، — ھازىر سىزنى كۆرپە - تۆشەكلىك ئۆيگە باشلاپ چىقىمەن - دە، دەم ئۆتمەي چىراغلارنى ئۆچۈرىمىز.

— يىراقتىمۇ؟ — دېدى بەدەۋى قىياپەتتىكىلەر جايلاشقان ئۆينىڭ يېنىدىراق قېلىشنى ئويلىغان شائىر ساراسىمىگە چۈشۈپ، — مۇشۇ يەردىلا يېتىپ قالسام بولمامدۇ؟ مەن ئۇنداق تاۋى نازۇكلاردىن ئەمەسمەن.

— مەيلي، مەيلى، ئەمما ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدە يېتىڭ.

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خۇشال ئىدى. ھەبەش ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن. ساراي شائىرى بولسا تاڭ ئاتقۇچە بايىقى سىرنى بىلىۋېلىشقا تەشنا. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، فەنخەس بىلەن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ پۈتۈشسىمۇ ئۇلگۇرىدۇ.

ئاق تەنلىك كېنىزەكلەرنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىش ھەققىدىكى گەپ قۇلپۇرۇشقا ياغدەك ياقاتتى. پايدا دېسە ئۆزىنى تامدىن تاشلايدىغان بۇ ئۆلگۈر جوھۇت چوڭراق پايدىنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالىدىغان بولسا، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالاتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن ھەتتا ئىبلىسنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ ئەھدۇپەيمان تۈزۈشكە تەييار ئىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىغا جىرىڭ - جىرىڭ ئالتۇن

تەڭگىلەر كىرىۋەرسە بولدى . «ئالدام خالتامدىن باشقىلار مەزەر قىلىشسۇن ، — دەيتتى ئۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىشىپ قالغان چاغلاردا ، — ‹ۋىجدان › دېگەن ئەخمىقانە كېسەل ماڭا يات . قانداق بىتەلەي ئادەملەركىن ـ تاڭ ! ئۆزلىرىنى تۇزلۇك ئەخمىقانە سۆزلەر بىلەن گاراڭ قىلىپ ، جېنىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ ، بۇ ھەقتە يەتتىنچى پەلەككە ئاڭلانغۇدەك لاپ ئۇرۇشىدۇ . ئار ـ نومۇسنىڭ ئۆزى قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلمەيمەن . تەنتەك ئادەملەر شۇنى دەپ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ ، قانچە ـ قانچىلىغان بايلىقلاردىن قۇرۇق قېلىشىدۇ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ تېنى ۋە ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشىدۇ تېخى . بۇنداق قۇرۇق گەپلەر قاچان بىراۋنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، تەشنالىقىنى قاندۇرغان ؟ ياكى بولمىسا سوغۇقتا قېلىپ مۇزلىغان تەنلىرىنى ئىسسىتقان ؟ مۇمكىن ئەمەس ، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ! ئار ـ نومۇس دېگەن ئەلمىساقتىن قالغان بىمەنە گەپ . پۈتۈن ئالەمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ، ھۆكۈمرانى — ئالتۇن . ئۇ ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ ـ تىرىلدۈرىدىغان تىلسىمات ، سېھىرلىك ھاسا . كىمكى ئۇنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسا ، ھەممىنى باش ئەگدۈرۈپ ، تەزىم قىلدۇرغۇچى خەلىپىنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ !»

— بوپتۇ ، ھەييان ، خوجاڭنى ئارماندا قويما ، قونسام قونۇپ قالاي ، ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ـ كۇشادە گەپلىشەرمەن ، — دەپ قونۇشقا ماقۇل بولدى ئەبۇل ئەتەخىيە . ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچكەندىن كېيىن ، ئۇ ئاستا تۇرۇپ سىرتقا چىقتى .

## 6 . ئوغرىلىقچە تىڭشاش

ئىشىك ئارقىسىدىن گەپ ـ سۆزلەر ئاران ـ ئاران ئاڭلىناتتى . سۆزلىشىۋاتقانلار بىرەرىنىڭ ئوغرىلىقچە

ئاڭلىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ ئاستا شىۋىرلىشاتتى .
ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭقارغىلى بولمايتتى .
ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پاكار كەڭ كارىۋاتتا ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغان شاھانە چىراي بىر ئايال تىزىدىكى ئىككى ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە ئەركىلىتىۋاتاتتى . ئايالنىڭ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرى تەبەسسۇمغا مايىللىق بىلدۈرسىمۇ ، كىرپىكلىرىگە قونغان ياش يۇقلىرى ئۇنچىلەردەك يالتىراپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بۇ غەلىتە ھالەتنىڭ قايغۇدىن ياكى شادلىقتىن ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىش قىيىن ئىدى . سىرتتىن قارىماققا ئايالنىڭ يېشى يىگىرمە بەش - ئوتتۇزلاردىن ئاشمايتتى .
ئەمىر ۋەلمۇسلىمىننىڭ سارىيىدا ، ۋەلىئەھد شاھزادىنىڭ دەرگاھىدا ، ۋەزىر جەفەر ئىبنى يەھيا بەرمەكىينىڭ قەسرى ۋە باشقا بەرمەكىيلەرنىڭ ھەرەملىرىدە نازىنىن كېنىزەكلەرنى ، جاننى ئالىدىغان جانانلارنى تولا كۆرۈۋېرىپ كۆزى پىشىپ كەتكەن ئەبۇل ئەتەخىيە ھەيرەتتىن ياقىسىنى تۇتتى . چۈنكى ، ئۇ كۆپنى كۆرگەن بولسىمۇ ، بۇنداق نازاكەتلىك ، ئىپپەتۇ لاتاپەتلىك ۋە ئالىي نەسەب ئايالنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . بۇ ئايالنىڭ تەقى - تۇرقى تامامەن باشقىچە ئىدى . پەزىلەت ۋە پاساھەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشلىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى .
ئايالنىڭ بېشىدا زەر يىپلار بىلەن گۆھەرلەر قادالغان ئانار رەڭ شايى ياغلىق ، چاچلىرى سۇكەيناچە[1] ئۆرۈلگەندى ، پېشانىسىدىكى زۇلپى چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى .
ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى . پەقەت

[1] سۇكەينا — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋرىسى ، ئىمام ھۇسەيىننىڭ قىزى . ئۆز زامانىسىدا چىرايلىق ياسىنىشتا داڭق چىقارغان .

ئابباسىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئاياللارلا شۇنداق زۇلمىنى قويۇشاتتى. ئەنە، پېشانىسىدە ئاببا‌سىيلار سۇلالىسىنىڭ تامغىسىنىڭ بەلگىسى — كۆزلىرى يوغان زۇمرەتتىن، قاناتلىرى ياقۇتتىن، ئەتراپىغا ئېسىل گۆھەر قادالغان چوڭ قۇشنىڭ سۇرىتى! قىممەت باھالىق تاشلاردىن ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ تارىلىۋاتقان نۇرلار ئۆينىڭ ئىچىنى خۇددى چىراغ ياققاندەك يورۇتۇۋەتكەن، قۇلىقىغا تاقىغان ھالقىلىرى كەپتەر تۇخۇمىدەك گۆھەردىن. بويىنىدا ئېسىل گۆھەردىن ئۆتكۈزۈلگەن مارجان تىزىقلىرى، ئۇچىسىدا ئاچ يېشىل رەڭلىك جۇڭگو شايىسىدىن تىكىلگەن زەر جىيەكلىك ئېسىل كىيىم.

«كىمدۇر بۇ؟ — ئويلىدى ئەبۇل ئەتەخىيە، — بۇ ھۆرلىقا كىمنىڭ ئەركە مەلىكىسىدۇر؟ خەلىپە ئەۋلادىدىن ئىكەنغۇ! بۇ قۇلپۇرۇشنىڭ خانىدانىدا نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇر؟ ئادەمگە ئامەت كەلسە، قوشلاپ كېلىدۇ‌ھېرىدىغان ئىكەن! بۇنداق يېڭى خەۋەر، ئاللا نېسىپ قىلسا، زور پايدا كەلتۈرۈشى تۇرغانلا گەپ!»

ئۇ يەنە ئېگىشىپ مارىلاشقا باشلىدى. ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە ھىجازلىقلارغا ئوخشاش كىيىنگەن ھېلىقى ئىككىسى ئولتۇراتتى. رىئاش — كىمىدە كۆرگىنى بويىچە قارىغاندا، خېلى چوڭ ياشتا بولۇپ، قويۇق ئاق چاچلىق، كۆزلىرى پەرۋاسىز، بېقىشلىرىدا ھېچ مەنە يوق، يۈرۈش - تۇرۇشى ناھايىتىمۇ ئەدەپلىك ئىدى. بەررا — كۆرۈنۈشىدىن ئازاد قىلىنغان كېنىزەكلەر ئەۋلادىدەك قىلاتتى. يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ ھارغىن كۆرۈنەتتى.

سەيىيدەنىڭ ئۇدۇلىدا ئىشىككە كەينىنى قىلىپ يەنە بىر ئايال ئولتۇراتتى.

«خەتىبە، سەنمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنسەن - دە؟! — ئەبۇل ئەتەخىيە ئاۋازىنى چىقىرىپ سالغىلى تاسلا قالدى، — ئاھ

خۇدا ، سېنى چۈمپەردىسىز ھالەتتە بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغاندىم ! ئاھ ، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىڭ . . . كاشكى ، ئاشۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان چاچلارنى بىرەر مەرتە بولسىمۇ ھىدلاپ ئالالىسام ، بىرەر مەرتە بولسىمۇ ئاشۇ قىلارچە سۆيەلىسەم ! » خەتىبەنىڭ ئون تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن نوھلا ، ئالتۇن ياكى كۈمۈش گايەكلەر ئېسىلغان . ئۇچىسىدا كۆك يوللۇق ھال رەڭ كالتە ئىشتان ، بويىنىدا مارجان تىزىقلىرى ، قوللىرى ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر بىلەن بېزەلگەنىدى . ئېگىشىپ تۇرۇۋېرىشتىن ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ يەلكىسى قېتىپ قالدى . ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ ، ئېغىرلىقىنى بىردەم ئۇ پۇتىغا ، بىردەم بۇ پۇتىغا چۈشۈرۈپ ، شەپە چىقارماي يەنە گەپ تىڭشاشقا كىرىشتى . دەسلەپتە ئۇنلۇك ـ ئۇنلۇكرەك ئېيتىلغان ئايرىم سۆزلەرنى ، كېيىن پۈتۈن ـ پۈتۈن جۈملىلەرنى ئاڭلىدى ، بارا ـ بارا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاققا ئايلىنىپ ، بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ دىققىتىدىن چەتتە قالدۇرمىدى .

— سىزگە ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەر تەھدىت سېلىۋاتقىنى يوق ، سەييىدەم ، — دەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى خەتىبە ، — گەپلىرىمگە ئىشىنىڭ !

— سەن بىلمەيسەن ، مېنىڭ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ !

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىۋەرمەڭ ، سەييىدەم !

— پەرزەنتلىرىمنىڭ دىدارىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىمنى يۈرىكىم سېزىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ئاللاغا ناشۈكۈرلۈك قىلماڭ ، سەييىدەم ! — دەپ خىتاب قىلغان خەتىبەنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرۈم ـ ئۆرۈم چاچلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى ، — تېخى ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوققۇ ، ئاخىر . بىر ئىشارە قىلسىڭىز ، رىئاش

www.uyghurkitap.com

بۇندا هازىر بولىدۇ . بەلكىم ئاللانىڭ لۇتپى ـ ئىنايىتى بىلەن ، ھېچكىمدىن خۇدۇكسىرىمەي ، پەرزەنتلىرىڭىز باغرىڭىزدىن ئاجرىمايدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار !

ـــ قېنى شۇ كۈنلەر ! كاشكى بۇ نىيەتلەر روياپقا چىقسا؟! ياق ، ئىككىلا دۇنيادا ئىشقا ئاشمايدۇ ، ـــ غەمكىن باش سىلكىدى ئايال ، ـــ بۇ جانجىگەر پەرزەنتلىرىمنى تىرىكلىكىمدە ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ ، قۇچاقلاپ باغرىمغا بېسىۋاتقانلىقىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ ، ـــ دەپ جىمىپ كەتتى . ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ ، چاقماق گۈللۈك يىپەك قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى ، ـــ زالىم ئاكامنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى ، ھەممىگە ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ ناھايىتى ياخشى بىلىسەن . ئۇنىڭ مۇزلىغان قەلبىدە نە رەھىم ـ شەپقەتكە ، نە مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئورۇن بار . بىراۋلار ئاچ ـ زارلىقتىن ئۆلۈپ ـ تىرىلىۋاتامدۇ ، بىراۋلار ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ، پەقەت ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىسىلا بولىدى .

ـــ ھەيھات ، ھەيھات ، سەييىدەم ، ـــ دەپ قاتتىق خورسىندى خەتىبە ، ـــ ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ، ئۇلار دۇنيادا ھەممە نەرسىگە ئىگىدارلىق قىلىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ . بىزدىن كۆرە ئۆزلىرىگە بەكرەك ئىشىنىدۇ . ئۇلارغا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رۇخسەتتۇ ، بىزلەرگە بولسا يوق . ئۇلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ خوتۇن ئېلىشسا ، كېنىزەك ۋە چۆرىلەر بىلەن كەيپ ـ ساپا قىلىشسا بولىدۇيۇ ، بىز شورى قۇرىغۇر بىچارە ئاياللارغا ھەتتا كۆڭلىمىز خالىغان كىشىگە تېگىشىمىزگىمۇ يول يوق !

ـــ ئەمما ، خەتىبە ، زۇلۇم ۋە شەپقەتسىزلىكتە مېنىڭ زالىم ئاكامغا تەڭ كېلىدىغىنى تېپىلماسمىكىن ! ئاكا بولماي ،

قۇرۇپ كەتسۇن. نېمىشقىمۇ ئۇ ماڭا ئاكا، مەن ئۇنىڭغا سىڭىل بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟! پۈتۈن جاھاننى ئاختۇرساڭمۇ مەنچىلىك بەختسىز ئايالنى تاپالمايسەن! ئاكام مېنى ئۆز خاھىشى بىلەن بىرىگە نىكاھلاپ بەردى، بىراق، ئاللانىڭ ئەڭ پەس بەندىسىگىمۇ نېسىپ بولغان ئەر ـ خوتۇنلۇق لەززىتى بىزگە نېسىپ بولمىدى. ئۇ ئېرىم بىلەن بىرگە ياشاش يولىغا توسۇق سېلىپ قويدى. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قايغۇ-ئەلەم، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم ۋە رەسۋاچىلىق بارمۇ؟! مۇبادا، ئۇچراشقۇدەك بولساق بېشىمىز داردا. ئۆزىچۇ؟ بىلەمسەن، خەتىبە، ئاكامنىڭ ئۆزى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كېنىزەك ۋە چۆرىلەر بىلەن كۆڭلى خالىغانچە كەيپ ـ ساپا قىلىشتىن بوشىمايدۇ.

ئايال ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىككى ئوغۇلمۇ يىغلىشىپ كەتتى. خەتىبەمۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئاللا ئەمىرۇلمۇسلىمىننى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سەييىدەم! ئۇ سىزنىڭ ھالال جۈپتىڭىز بولمىش ۋەزىرنىڭ ئادەم سۈپىتىدە، ئەركەك سۈپىتىدە سىزگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ زاتى پەسلىكى ئۈچۈن، توغرا، پەقەت شۇ زاتى پەسلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلماقتا! سىز خەلىپىنىڭ قىزى، خەلىپىنىڭ سىڭلىسى، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئەۋلادىسىز. تومۇرىڭىزدا ئېقىۋاتقان قان ھەر ۋاقىت ساپ پېتى قېلىشى كېرەك. قېنى ئېيتىڭچۇ، شۇ ۋەزىردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىڭىز خەلىپىلىككە لايىق ۋارىس بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ۋەزىرنىڭ ئازاد قىلىنغان پارسىي قۇل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. قاراڭ،

ھەممە ياقنى ئارغۇنلار بىسىپ كېتىۋاتىدۇ! ئەمىر ۋۇلمۇسلىمىننىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ھالال جۇپتىڭىز ھاشىمىيلار ئەۋلادىدىن بولۇشى، تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ تومۇرىدا ئالىي نەسەب سەييىدلەر[①] قېنى مەۋج ئۇرۇشى كېرەك. شۇنداق، ھارۇن رەشىد دەل مۇشۇ سەۋەبتىنلا، ئالىي نەسەبىڭىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەقىقىي نىكاھقا پەتىۋا بەرمەيۋاتىدۇ.

— نېمانداق بىمەنە گەپلەرنى قىلىسەن! كور قارىيغا ئوخشاش «ۋەلفەجرى» نى تەكرارلاشنى بەس قىل! ماڭا تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇنمايلا قوي! ئەگەر ئاكامدا ئار ـ نومۇس، ديانەت بولسا، سابىق قولدىن تۇغۇلغان پەرزەنت خەلىپىلىككە داغ چۈشۈرىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن كېنىزەكتىن تۇغۇلغان پەرزەنتنى خەلىپىلىكنىڭ ئىككىنچى ۋەلىئەھدى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن تاغامنىڭ قىزى زۇبەيدەدىن تۇغۇلغان ئوغۇلنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلەش بىلەن بولدى قىلمايدۇ؟ يەنە زۇبەيدەنى جېنىمدىن ئارتۇق سۆيىمەن دەپ جار سالىدىيۇ، ھەۋەسكە بېرىلىپ ئىشرەتتىن، پاھىشىۋازلىقتىن ئۆزىنى تارتالمايدۇ؟ ناھايىتىمۇ غەلىتە مۇھەببەتقۇ بۇ! بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق. مەن بولسام ئاپال كىشى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، مېنى خالىغانچە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرىدۇ. مەن تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە تەھقىرلەشلەر دوزاخ ئوتىنىڭ بىر ئۈچقۇنى، خالاس. ئۇ بارچە پۇقرالارنىڭ قېنىنى شوراۋاتامدۇ!؟

ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بىچارە ئاپال خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ سىڭلىسى ئەبباسە ئىكەنغۇ! لاھاۋلە ۋەلا

① سەييىدلەر — پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى.

قۇۋۋەتە . . . . !

ئاھ تەڭرىم ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق گەپ ـ سۆزلەر ئاڭلانماقتا ئىدىكى ، ئۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىر ئۇچىنى ئىشىتكەن ئادەمنىڭمۇ كۆزلىرى ئويۇلۇپ ، تىلى كېسىلىپ ، قۇلاقلىرىغا قوغۇشۇن قويۇلۇشى مۇمكىن ئىدى .

— سەن يان بېسىۋاتقان ھاشىمىيلارنىڭ بىرەرىمۇ ۋەزىرگە تەڭ كېلەلمەيۋاتىدۇ ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەبباسە بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ ، — نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ؟ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان سىڭلىسىنىمۇ شۇنچىلىك خورلىغان بارمۇ ؟ بېشىمغا قىلىچ كەلسىمۇ كۆڭلۈم ئارزۇسىدىن قايتمايمەن . مەن ئۇنى جېنىمدىن ئارتۇق سۆيىمەن ! چۈشەنسەڭچۇ كاشكى ، ئاڭلاۋاتامسەن ؟ سۆيىمەن ! ئىككى شېرىن ـ شېكەر پەرزەنتىمىز بار . باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇشقا مەجبۇر بولساقمۇ ، لېكىن ، بىزنىڭ سۆيگۈمىز ھېچقانداق جىنايەت ئەمەس . ئاھ خۇدا ، بۇ دوزاخ ئازابىدىن قاچان خالاس قىلارسەن ـ ھە ؟ ! ئېيتساڭچۇ ، قاچان سىرىمىز پاش بولۇشىدىن خۇدۇكسىرەپ ، تەشۇيش ئىچىدە كۈن كەچۈرۈشتىن جانۇ جەھلىم چىقايلا دەپ قالدىغۇ ، ئاخىر !

## 7 . ئەبباسە

ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ پۇتلىرى سىرقىراپ ، بەدىنى ئۇيۇشۇپ ، پۇتۇن ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى . قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئەمىرۇلمۇسلىمىن بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە قۇلىقىغا كىرىپ قالغاندەك قىلىۋىدى . شائىر پۇتۇن زېھنى بىلەن شۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئەسلەشكە تىرىشتى .

ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيا ئەل ـ بەرمەكىي بىلەن بىر قاتاردا ئەبباسەمۇ خەلىپىلىكنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەئيانلىرىدىن سانىلاتتى . كۆپتىن بېرى بۇ ئىككى ئەئيان ھارۇن رەشىدنىڭ خاس مەھرەملىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەفەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە دانالىقى ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەدبىركارلىقى بىلەن ، ئەبباسە بولسا شېرىن سۆزلىرى بىلەن خەلىپىگە ناھايىتىمۇ ياقاتتى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خاس سۆھبەتلەر ئادەتتە ناھايىتىمۇ ئەركىن ، بىمالال ۋە خاتىرجەم ئېلىپ بېرىلاتتى . ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قائىدە ـ رەسمىيىتى بويىچە ياتلىق قىلىنمىغان ئايال زاتى ئوردىدىكى ئەئيانلار ئارا سۆھبەتكە ، بولۇپمۇ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىدىغان ئوردا كېڭەشلىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى . بۇنداق ئۆزگەرمەس قائىدىنى بۇزۇشقا ھەتتا ئەمىرۇلمۇسلىمىنمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى .

شۇ ۋاقىتتا ھارۇن رەشىدنىڭ خىيالىغا غەلىتە بىر شەرئىي ھىيلىسى كەلدى . بۇ پىكىر خەلىپىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئاجايىپ تۇيۇلدى . توغرا ، مۇشكۇلاتنى ئاسان قىلىشنىڭ يولى ــ جەفەر بىلەن ئەبباسەنى كۆرۈنۈشكە نىكاھلاپ قويۇش . ئەمما ، بۇ راستىنلا شەرئىي ئەر ـ خوتۇن[1] بولۇش دېگەن گەپ ئەمەس ، ئەلۋەتتە . بولمىسا ، سابىق پارسىي قۇلنى خەلىپىلىكنىڭ بولغۇسى ۋارىسلىرىدىن بىرىنىڭ ئاتىسى قىلىپ قويغان بولۇپ قالامدۇ ؟ ! خەلىپىلىك مۆھۈرى بېسىلغان نىكاھنامىدە تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بار ئىدى : «ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى پەقەت ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئالدىدىلا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشسا بولىدۇ . خەلىپىلىكنىڭ قانۇنى بويىچە ، بۇ شەرتكە ئەمەل

---

① شەرئەت بويىچە نىكاھ قىلىنغان ئەر ـ خوتۇن .

قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى — ئۆلۈم جازاسى...».

ئەبۇل ئەتەخىيە پەسكەشلەرچە ھىجىيىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ قالالمىدى. چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس - دە. بۇ، مانا ئەمدى ھەممىگە ھۆكمىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن قۇدرەتلىك ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيا ئەل - بەرمەكىينىڭ يوشۇرۇن يۈرەك سىرلىرى ئۇنىڭ قولىدا. ۋەزىرنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە دېگەن گەپ.

«ۋەزىرنىڭ دۈشمەنلىرى سان - ساناقسىز، — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى شائىر ئىشىك مارىلاپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئەشەددىيسى فەزل ئىبن رابىيە. تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇ بۇ يەرگە ئۈنىدۇ. رەقىبلەر بىر - بىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى — قارا نىيەت ۋەزىرنى ئالىي مەنسىپىدىن يىقىتىش. بۇنداق زور مەخپىيەتلىك ئۈچۈن، ئۇلار مىڭ دىنارنى ئىنجىقلىماي جىرىڭلىتىپ ساناپ بېرىشىدۇ.»

ئەبباسەنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ نېمە ئىشى.

ئەبۇل ئەتەخىيە باغرى يۇمشاق كىشىلەر تائىپىسىدىن ئەمەس ئىدى. «ماڭا دېسە جەھەننەمگە راۋان بولۇۋەرمەمدۇ. بۇ جاڭجاللاردىن بىرمۇنچە موللا جىرىڭ چۆنتەككە چۈشسە، بولدى» دەپ ئويلايتتى. جەھەننەم ئېغىزىدا تۇرغان بىچارە ئايالنىڭ دەھشەتلىك تەقدىرىگە ئېچىنغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىشىك مارىلاپ ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. بۇرنىمۇ قىچىشىپ، چۈشكۈرۈپ سالغىلى تاس - ماس قالدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، سەييىدەم! — دەپ ئۆي ئىچىدىن كەلگەن ئاۋاز قۇلىقىغا ئىشىتىلگەندىن كېيىنلا، شائىر چۈشكۈرۈپ سېلىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ شەرمەندە -

رەسۋا بولمىغىنىغا خۇداغا مىڭ مەرتە شۈكۈر ئېيتتى.

— ئوغۇللىرىڭىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن زور خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردىڭىز، بولدى، تەشۋىشنى قويۇڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە پەرزەنتلىرىڭىزنى باغرىڭىزغا مەھكەم بېسىپ مېھرىگە قېنىۋېلىڭ. قالغىنىنى ئەل ـ رەھمانۇ ئەل ـ رەھىم[①] ئاللاغا تاپشۇرۇڭ! بەلكىم، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ قاتارىدا سىزنىمۇ بالايىئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

ئەبباسەنىڭ مەڭزىلىرىدىن مارجاندەك ياشلارنىڭ تاراملاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ شۈكلەپ كەتكەن ئوغۇللار ئانىسىنىڭ تىزلىرىدىن چۈشۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئەبباسە چوڭ ئوغلىنى يەنە باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە، يۈز ـ كۆزلىرىگە، بويۇنلىرىغا توختىماي چوكۇلدىتىپ سۆيگىنىچە، ئوغلىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈپ ئەركىلىتىپ كەتتى. بالا ئانا باغرىدا سەبىيلەرچە كۇلۇمسىرەپ، ئانىسى ئۇنى راستتىنلا شۇنداق تويماي ئەركىلىتىۋاتامدۇ ياكى نېمىدىندۇر خەۋپسىرەۋاتامدۇ، گۆدەك ئەقلى يەتمەي ئانىسىغا تىكىلەتتى. راست ئەمەسمۇ، بالىنىڭ گۆدەك ئەقلى ئانا قەلبىدە كېچىۋاتقان غەلىيانلارنى قانداقمۇ سەزسۇن؟ ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قۇمغا مىلىنىپ بىر ـ بىرىگە توپا چېچىشىش، بەقەي[②] ئويناش، ئانا باغرىدا ئەركىلەپ يايراش ۋە يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ چەمبەر ئايلاندۇرۇش، چەۋگان ئېتىشتا ئىدى. بۇ ئوغۇل ئۇششاق تاشلاردىن قەسىر قۇرۇپ ئويناشنى، لايدىن قورچاق ياساشنى

---

① ئەل ـ رەھمانۇ ئەل ـ رەھىم — ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك.

① ئوشۇق ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى.

ياخشى كۆرەتتى . بىر قېتىم تېخى دېھقانىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ ، «بۇ ئاكاش ئۇخلاپ يېتىپتۇ» دېگەن ، يەنە بىر كۈنى بولسا سوزۇلۇپ ياتقان زەھەرلىك يىلاننى كۆرۈپ ، «قاراڭلار ، ئاۋۇ ئەجەب چىرايلىق تانا ئىكەن» دېگەنىدى . خۇشاللىق ئىچىدىلا يۈرۈپ ، تېخى ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىغۇدەك بولمىغان ، تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىدىن ، پەلەكنىڭ ئويۇنلىرىدىن بىخەۋەر بالىنىڭ غۇبارسىز قەلبى ئانىسىدىن ئايرىلىشتىن قايغۇرمايتتى . ئۇنى بۆكۈ - بۆكۈچ ئويۇنغا ئوخشىتىپ ، بۇ نۆۋەتتىكى ئويۇن ، دەپ چۈشىنەتتى . ئاسلانچاق بىلەن ئويىنىدىش — ئۇنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقى . ئاسلانچاق گاھ سەكرەيدۇ ، گاھ يەرگە يۇمىلايدۇ ، گاھ ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرىدۇ ئىشقىلىپ چارچىمايدۇ . ئادەتتىكى باللار قۇش بېقىپ ، ئۆگىتىلگەن قۇش ئۇچۇپ كېتىپ قايتىپ كەلمىسە ، ئۇنى سېغىنىپ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدۇ . ئايرىلىش ئازابى تارتىدۇ . بۇنداق ھېس - تۇيغۇلار بۇ ئوغۇلدا يوق ! چۈنكى ، ئۇنىڭ قۇشىمۇ بولمىغان ، ئايرىلىش ئەلىمىنىمۇ تارتىپ باقمىغان .

ئەبباسە بالىلىرىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى . پەرزەنت مېھرى — ئانا قەلبىنىڭ تۆرىگە جايلاشقان ، پەرزەنت مېھرىمۇھەببىتى ئۇنىڭ قىممەتلىك گۆھىرى ! بالا قانداق كەپسىزلىك قىلسىمۇ ، ئانا قەلبى ئۇنى كەچۈرۈشكە تەييار . ئانىلارنىڭ پىكىر - خىيالى ۋە ئېزگۇ تىلىكى — قورسىقى توق ، ئۆزى شادخۇرام بولسۇن ، ياشناپ تۇرغان رۇخسارىدىن سەممىيلىك نۇرلىرى يوقالمىسۇن دېيىش . پەرزەنت شادلىقى — ئانا قۇۋانچى ! بالا قانچىلىك يايراپ - ياشناپ ئوينىسا ، ئانىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئوينىغۇسى كېلىدۇ . «ئوينا ، يايرا قوزام ، سېنىڭ يەنە نېمەڭ كەم ! ئېيت ، جېنىمنى گۆرۈڭگە قويۇپ بولسىمۇ ھەممىنى ھازىر قىلىشقا تەييارمەن !» دەرھەقىقەت ،

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىدۇ. ئۆزى جاپا چەكسىمۇ پەرزەنتىدىن جانۇ جاھاننى ئايىمايدۇ. ئانا مېھرىنىڭ نە ئېپتىداسى بار، نە ئىنتىھاسى! پەرزەنتى يوقلار بۇ ئۇلۇغ تۇيغۇدىن مەھرۇم! ئۇنداقلار ئانا قەلبىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تولۇق ھېس قىلالمايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش — ھېس قىلىش دېگەنلىك ئەمەس.

## 8. ئىش تەتۈرىگە ماڭماقتا

ئوغۇل خىرقىراپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، شوخلۇقلىرى ئۆزىگە يارىشاتتى. ئەبباسەنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە تەبەسسۇم ئوينايتتى. «ھەتتىگىنەي، شۇ تاپتا بىر ئويمىكار نەققاش بولسا، — دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى ئۇنىڭ زوقلىنىپ تۇرغان كۆز-لىرىدىن، — ھەسەنگە قاراپ، كىچىك ھىندى مەبۇدلىرىغا ئوخشىتىپ ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ياسىسا - ھە!»

ھۇسەيىن بولسا ھاپىلا - شاپىلا كۆزلىرىنى ئىشقىلاپ ئاكىسىغا ھەۋەس بىلەن تەلمۈردى. شۇنداق، باللار چوڭلارغا قارىغاندا كۆپرەك رەشىك قىلىشىدۇ.

— ئانا، ھەسەننى ئالىسىزۇ، نېمىشقا ماڭا قارىماي-سىز، — دېدى ئۇ خورلۇقى كېلىپ ۋە ئانىسىغا تاشلاندى. ئەبباسە كېنىزەك تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە «قارىغىن، نېمىدېگەن تاتلىق ئاۋۇنچاقلار - ھە!» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— خەتىبە، خاھ ئىشەن، خاھ ئىشەنمە، — دېگەن سۆزلەر قۇلىقىغا كىردى ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ، — سەھرادىكى بەدەۋىيلەرنىڭ كۇلبىسىدە ياشىسامۇ مەيلى، باللىرىم باغرىمدا بولسىلا، بەس. قېنى ئەمدى ياراتقان ئاللا مەندەك ئاجىز

بەندىسىنىڭ مۇشۇ بىر ئاددىي تىلىكىنى ئىجابەت قىلسا ! ئەي تەڭرىم ، نېمىشقا مېنى مۇنچە شور پېشانە ياراتتىڭ ؟ ھىجران ئازابى نېمىدېگەن مۇشكۇل ! ئەمما ، سۆزلىرىڭنىڭ جېنى بار ، خەتىبە ، رىئاشنى خۇرسەن قىل . ئەتىگەن بەرگەن پۇللاردىن قولۇڭدا ئاشتىمۇ ؟

كېنىزەك تەستىق ئىشارىسى قىلدى . رىئاش بىر ئۇچۇم دىنارنى ئېلىپ ، سەييىدەنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ قولىنى سۆيدى . بەررەمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلدى .

— تەشەككۈر سىزگە ، سەييىدەم !

— سىلەرگە يەنە جېكىلەشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر ، ھەسەن بىلەن ھۇسەيىن مېنىڭ يۈرەك پارەم ، — دېدى ئەبباسە مۇلايىملىق بىلەن .

چوڭ ئوغلى خۇددى ئايرىلىش ۋاقتى يەتكەنلىكىنى سەزگەندەك بىردىنلا ئانىسىغا يېپىشىپ ، ئىسسىق ئالىقانلىرىنى ئانىنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ ، قىيمىغان ھالدا ئېيتتى :

— ئانا ، يۈرۈڭ ، بىز بىلەن كېتىڭە ، دادامۇ كەلسۇن !

ھەسەننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ ، كۆزلىرى ياشقا تولدى . ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ ، ئەمما بوغۇلۇپ ئېيتالمىدى . ئەبباسەنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى . باللىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇلاردىن يەنە ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئەبباسە يۈرىكى پۇچۇلۇنۇپ ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، قەلبىدە ئاجايىپ ھېسلار مەۋج ئۇرۇۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ، ھەرھالدا ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى . ئەمما ، ئوغلىنىڭ شۇ بىر ئېغىز ئىلتىجاسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئاجايىپلا قىلىپ قويدى . ئېنىقكى ، ھەسەن ئاتىسىنى سېغىنغان ! ھەسەن ئايرىلىشقا رازى ئەمەس !

— ئۆزۈڭ مەددەتكار ، ئەي تەڭرىم ! — دەپ نالە قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئاھ ئۇرغىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ئەبباسە .

— سەييىدەم ھوشىدىن كەتتى ! — كېنىزەك شۇنداق دېگىنىچە ئىتتىك بېرىپ شامدانىنى ئالدى ـ دە ، ئىشىككە يۈگۈردى . ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى . ئەبۇل ئەتەخىيە قەددىنى رۇسلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى .

— سۇ ! — دەپ بۇيرۇدى خەتىبە ئالدىراشچىلىقتا ئۇنى قوللاردىن بىرى دەپ ئويلاپ .

ھودۇقۇپ كەتكەن شائىر قىمىر قىلمىدى .

— كۆتەكتەك مەدىر قىلماي تۇرىسەنغۇ ؟ ! ئاڭلىمايۋاتامسەن ؟ سۇ كەلتۈر ، سۇ ! يا ئاللا ! ئۆمرۈمدە بۇنداق گومۇش ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم ! — خەتىبە سۆزلەۋېتىپ ، بىردىنلا ئۇنىڭ گۈلدار ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كۆرۈپ ، لېۋىنى چىشلەپ قېتىپلا قالدى ـ دە ، قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى ، — كىمسەن ؟ بىمەھەل چاغدا بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە لىپلا قىلىپ ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە ، — تېزرەك سۇ كەلتۈرۈڭلار ! — دەپ توۋلىغىنىچە تار يولنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ غايىب بولدى .

ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالغان پەسكەش شائىر غىپپىدە قىلىپ ئۆزىگە بېرىلگەن خانىغا كىرىپ كەتتى .

ئەبباسە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، خەتىبە بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئەبۇل ئەتەخىيەنى تونۇدى ، ئۇنىڭ تۇرقىدىن خۇددى جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشكەن ئادەمدەك قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولۇپ ۋۇجۇدىغا ۋەھىمە چىرماشتى . ئۇ ئوغرىلىقچە مارىلاپ ، ئاڭلاپ تۇرغانىكەن ـ دە ! نېمىلەرنى ئاڭلىغاندۇر ؟ ئىشىك يوچۇقىدىن قاچاندىن بېرى مارىلاپ تۇرغان بولغىيدى ؟ مەلىكە ھوشىدىن كېتىشتىن ئىلگىرىلا ئەمىرۇلمۇسلىمىننى ئەيىبلەپ سۆزلىگەن ئەمەسمىدى . . . ئاھ تەڭرىم ! شېئىر توقۇيدىغانلار ئەمدى شۇ

دەرىجىدە پەسلىشىپ ، ھەتتا ئايال كىشى ئۇستىدىنمۇ چېقىمچىلىق قىلىشقا چۇشكەنمىدۇر ؟ شۇ تاپتا مەلىكىگە بۇ توغرىلۇق گەپ قىلىشقا بولمايدۇ . كېيىنرەك بىر يولىنى كەلتۈرۈپ ئېيتارمەن . بولمىسا ، يەنە ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن . قېنى ، ھازىرچە ، جېنىمنى ئالىقانغا ئېلىپ بولسىمۇ تەۋەككۇلىگە ئىش تۇتۇپ تۇراي . بولمىسا ھەممىنى ئەجەل ئۆز قوينىغا تارتىشى تۇرغانلا گەپ . رەھىم - شەپقەت قىلىنمايدۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئەڭ ئاۋۋال بالىلارنى يوشۇرۇش كېرەك ! ئاندىن ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ پېيىگە چۈشۈش لازىم . قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ ئۇنىنى ئۆچۈرۈش كېرەك . قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى شۇ !

ئۇ پەرمان كۈتۈپ تۇرغان رىئاشنى ئىما قىلىپ ئالدىغا چاقىردى :

— قايتىشقا ھازىرلان ، ھازىرچە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بالىلارنى پەپىلەپ ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغىن ، — دېدى . ئاندىن ھەييانىنى چاقىردى . چالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە پەيدا بولغان دەرۋازىۋەنگە بۇيرۇدى :

— قايتىدىغانلارنى ئۇزىتىپ قوي ! دەجلىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن كېمە تېپىشقا ياردەملەش !

بۇ سەييىدەنىڭ پەرمايىشى !

## 9 . ۋەھىمە

دەرۋازىۋەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، خەتىبە ۋەھىمىدىن ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالماي قالدى . «ۋاي خۇدايىمەي ، ئىشقىلىپ بالىلارغا بىرەر ئىش بولمىسىلا بولاتتىغۇ ؟ » دەپ تەڭرى تائالاغا يالۋۇردى .

خەيرىيەت ، ھويلىدىن دەرۋازىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاندى . خەتبە دەرھال ھەييانىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنىنىڭ دەجلىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتتۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ھەبەشنى بىر چەتكە تارتىپ ، ئاغزى چىڭىكلىـك ، ئىچىدە لىق تەڭگە بار قاپچۇقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە :

— جانابىي فەنخەسكە بەر ! سەيىدە ئالىي نەسەبتىن تارتۇق دېگىن ! — دېدى ، ئاندىن قوينىدىن قولياغلىقىنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە تەڭگىنى ئېلىپ ھەييانىنىـڭ ئالىقانلىرىغا قويۇپ ، — سەيىدە ئالىي نەسەبتىن ، خىزمىتىڭ ئۈچۈن ! — دېدى .

ئاندىن ، قايتا ـ قايتا قۇللۇق ئادا قىلمۇاتقان دەرۋازىۋەنىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ سورىدى :

— ئەبۇل ئەتەخىيە قاچان كەلگەنىدى ؟

مۇبادا ئەبۇل ئەتەخىيە بىلەن دەرۋازىۋەنىنىڭ گېپى بىر بولسا ، توساتتىنلا بېرىلگەن سوئال ئۇنى تەمتىـرىتىـپ ، دۇدۇقلىتىپ قويۇشى ئېنىق . ئۇنداق بولماي قالسا ، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى . دەرۋازىۋەن ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن خەتبەنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىكەن ، دەپ ئويلاپ قالسۇن .

— يېرىم كېچىدە .

— ھەممە گەپنى ئېيىت !

— يالغان ئېيتقان بولسام ئۆلەي ، بولغان ئىشنىـڭ ھەممىسى شۇ . يېرىم كېچىدە كەلدى . خوجايىـن يېتىـپ قالغانىدى . ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ، مېھمان بولغاندىكىن ، ئارام ئالسۇن دەپ باشلاپ ئەكىرىپ جايلاشتۇرۇپ قويغانىدىم ، — دەرۋازىۋەنىنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن خەتبە ئۇنىڭ ئۆزىنـى ئالدىماۋاتقانلىقىغا ئىشەندى .

— ماڭا قارا ، ھەييان ، — دېدى خەتبە مۇلايىملىق بىلەن ، — ماڭا بىر ياخشىلىق قىل ، ساڭا بۇ ھېچ گەپ ئەمەس ، ماقۇل دېگىن ، بولامدۇ ؟

— باش ئۇستىگە ، خانىم ! خۇدا ھەققى ، باش ئۇستىگە !

— مەن سەييىدەنى قەسىرگە ئاپىرىپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمەن . سەن خۇدا ھەققى ئەبۇل ئەتەخىيەنى گەپكە تۇتۇپ تۇرغىن .

— گەپكە تۇت . . . ئەبۇل ئەتەخىيەنى . . . — دېدى ھەييان تەشۋىشلىنىپ ، — قېنى ئۇرۇنۇپ كۆرەي ، خانىم . مەندەك بىر خاكسار قۇلغا ئەمر قىلىنىۋاتسىلا ، بويۇن ئەگمەي ئىلاجىم قانچە ، ناھايىتىمۇ مۇشكۇل ئىشقۇ بۇ ؟ . . .

— مەن قايتىپ كەلگۈچە ئەبۇل ئەتەخىيە بۇ ئۆيدىن مىدىرلىمىسۇن ، — گەپنى چورتلا كەستى خەتىبە ، — سەييىدە شۇنداق ئەمر قىلدى دەپ فەنخەسكە ئېيت . بۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئەمرۇ پەرمايىشى دېگەن گەپ .

ئىش خۇددى خەتىبە ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى . ھارۇن رەشىدنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى . ھەييان ئەبباسەنىڭ باغدادنىڭ بەدەۋلەت خانىملىرىدىن ئىكەنلىكىنى ، پات - پات بۇ يەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ، باللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئەمما ، ئۇ بۇ خانىمنىڭ خەلىپە نامىدىن پەرمان چۈشۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەدىن بىلسۇن .

— ئەمرۇ پەرمانىڭىزغا تەييارمەن ! — دەپ جاۋاب بەردى ھەييان يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ ، — نېمىدېگەن بولسىڭىز ، ئەينەن يەتكۈزىمەن .

— ئېھتىيات قىل ، — دەپ كەسكىن ئاگاھلاندۇردى خەتىبە ، — بولمىسا ، جەبرىنى ئۆزۈڭ تارتىسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقمىغان بولسام ئۆلەي ، خانىم .

— ئۇققان بولساڭ ياخشى . ئەمدى بېرىپ دەرھال قېچىرلارنى ئېگەرلە !

خەتىبە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ، ئاردىن ئانچە ئۆتمەي ئۇ ئىككىسىمۇ قايتىپ كەتتى .

ھەييان دەرۋازىلارنى مەھكەم تاقىدى. ئەبۇل ئەتەخىيەنى نېمە ئۈچۈن ھېچ يەرگە قىمىرلاتماسلىق كېرەك؟ ئاخىر، شائىر ھېچكىمگە زىيان – زەخمەت يەتكۈزمىدىغۇ؟ دەپمۇ ئويلاپ ئولتۇرمىدى. ئېنىقكى، پەرمان ئەمىرۇلمۇسلىمىن نامىدىن بېرىلدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. بولمىسا، ئۇنىڭغا نېمە، خانىملار بىلەن نېمە چاتىقى! تاڭ ئېتىش بىلەنلا مەلىكىنىڭ پەرمايىشىنى خوجايىنغا يەتكۈزىدۇ، ئىش تامام – ۋەسسالام! ھەركىم ئۆز يولىغا مېڭىۋەرسۇن. قېنى، ئەمدى بولسىمۇ، بىرئاز كۆز يۇمۇۋالسا بولار. ئەجەبمۇ تىنچسىز كېچە بولدىغۇ!

ئەبۇل ئەتەخىيە بولسا ئېھتىياتسىزلىقتىن خەتبە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ پەم بىلەن ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى ھەم ئىشىكنى تاقاپ قويدى – دە، ئورۇنغا ئۆزىنى پالاقىدە تاشلاپ، كىرپىك قاقماي، جان ھەلقۇمىغا كېلىپ، «تىرىق» قىلغان تاۋۇشقىمۇ قۇلاق سېلىپ ياتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ، شەمشەرلىرى شاراقلاپ كەتسە – ھە؟ توساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خەتبە پەيدا بولۇپ قالدى. قورقىنىدىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

— قايسى گۆردىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئىككى قات دېرىزىدىن ھويلىدىكى قېچىرلارنىڭ پۇشقۇرۇشى، يۈگەنلەرنىڭ شاراق – شۇرۇقلىرى ئاڭلاندى. شائىر ئاستاغىنا دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ھويلا تەرەپنى مارىلىدى. رىئاش، بەررا ۋە باللارنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كۆردى. بىرئازدىن كېيىن، ئۈچىسىغا يېپىنچا ئورىشىپ، باشلىرىنى نەپىس رومال بىلەن سەللە شەكلىدە مەھكەم تاڭغان ئىككى ئايالغا

كۆزى چۈشتــــى . ئورۇق ئاتباقار ئېغىــــلدىن ئېگەرلەنگەن قېچىرلارنى ئېلىپ چىقىپ ، تىزگىنىنىـــى تۇتۇپ ئايالاردىن بىرىنىڭ ئېگەرگە چىقىۋېلىشىغا ياردەملەشتى . يەنە بىر ئايال ئۆزى ناھايىتىمۇ چاققانلىق بىلەن قېچىرغا مىنىۋالدى . «خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر ! — دەپ ئىلتىجا قىلدى شائىر ئايالارغا قاراپ تۇرۇپ ، — ھەرھالدا يۇرۇپ كېتىشتى . نېمىگە مۇنچە تەشۋىشلىنىپ كەتكەندۇرمەن . - ھە ! خەتــــبە سۇ كەلتۈر ، دېگەندەك قىلدىمۇ ، نېمە ؟ توغرا ، ئۇ مېنى قۇل دەپ ئويلىدى بولغاي ، ھە راست ، ئۇ مېنى تونۇپقۇ قالمىغاندۇر ؟ — شۇ يوسۇندا ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغان شائىر ، — نېمىگە مۇنچە ۋەھىمە قىلىپ ئۆزۈمنى قىينايمەن ؟ » دەپ خىيال سۈرۈپ كەتتى . ئۇ توقۇماقچى بولغان يېڭى پىتنىلەر توغرۇلۇق خىيال سۈرۈۋېتىپ ، ئاق تەنلىك كېنىزەكلەر سودىسىدىن ئېرىشىدىغان لوق پايدىنى ھەم قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى . شۇڭا ئۇ ئۆز ئورنىغا سوزۇلۇپ يېتىپ فەنخەس بىلەن پۈتۈشىدىغان تىل بىرىكتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پىلانلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشتى .

## 10 . يېڭى خېرىدار

فەنخەسنىڭ قورۇسى ئالدىدىكى ئىككى تەرىپى دەرەخلىك تار يولدا ئاتلىقلار پەيدا بولغاندا ، ئەبۇل ئەتەخىيە داڭ قېتىپ ئۇخلاپ ياتاتتى . كۈچتۈڭگۈر ياش ئارغىماقلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ، قورال - ياراغنىڭ شاراق - شۇرۇقلىرى ، تاقىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ھەممە ياقنى بېسىپ كەتتى .

شاۋقۇن - سۈرەندىن ئويغىنىپ كەتكەن شائىر يۈگۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى . ئاتلىقلار دار ئەر - رەقىقە يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئوينىاق ئەرەب ئارغىماقلىرىنىڭ مىققىدە ساغرىسىغا يېپىلغان ماتالاردا مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ تامغىسى ئېنىقلا كۆزگە

تاشلىنىپ تۇراتتى . ئاتلىقلارنىڭ باشچىسى چاققان ھەم ھەممىگە ھازىر فەزل ئىبن رابىيە ئىدى . ۋەلىئەھدنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق ئادىمىنى قائىدە - يوسۇن بويىچە ئۆزىگە لايىق ۋە سادىق مەھرەملەر قوغداپ كەلمەكتە ئىدى .

— ھەي ، بۇ جوھۇت باي تېخىچە پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقان ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى دەرۋازىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن فەزل .

— ئۇنى شۇنداق بىر ئويغىتايلىكى ! — دېدى بىر ئاز ئارقىدىراق كېلىۋاتقان ئاتلىق مەھرەم ، — قولدار پايدىنىڭ ھىدىنى سېزىدىغان بولسا ، شۇئان كۆزلىرى چاراقلاپ ئېچىلىپ كېتىدۇ .

— ھودۇقۇپ كېتىپ ، بىزنى قاراقچىلارمىكىن دەپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى فەزل چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ .

— ئۆلتۈرۈش ۋە تالاشنىڭ بىزگە نېمە ھاجىتى بار ؟ — دەپ ئۇنىڭ گېپىگە ماس جاۋاب قىلدى قول ئاستىدىكى مەھرەم ، — ئۇستىمىزدە ئەمىرۇلمۇسلىمىن پاسىبان چەپ قولى بىلەن سودىگەرلەرگە پۇل ئۆلەشتۈرۈپ بېرىدۇ ، ئوڭ قولى بىلەن سېلىق يىغىدۇ . فەنخەسنى ئۆلتۈرۈش ۋە تالاش چوڭ گۇناھ . چۈنكى ، خەلىپىگە قۇللار زۆرۈر ، جوھۇت باي بولسا ئۆز ئىشىنىڭ تەدبىرچىسى .

گەۋدىلىك مەھرەم دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ ، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ قاتتىق تاقىلداتتى .

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار !

ئادەت بويىچە ، بىرىنچى بولۇپ فەزل ئاتتىن چۈشتى . ئۇ بىر ئاز ئورۇقراق بولسىمۇ قامەتلىك ئىدى . ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى سارغۇچ تۈس ئالغان قويۇق قارا ساقىلى ئۇنى خېلىلا ياش كۆرسىتەتتى . ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا جۇش ئۇرۇۋاتقان ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا تىزگىنلەشكە قادىر ئىدى . يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش يولىدا ئۇ سان - ساناقسىز پىتنە -

ئىغۋالار ، قانچىلىغان يىقىلىشلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، تاۋلىنىپ سۆڭىكى قاتقان بولغاچقا ، كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن ئۆزىدىكى ھەۋەسلەرنى تىزگىنلەشكە ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى . يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلارنى ھەرگىز ئامان قويمايتتى . بۇ ئىشىدىن ناھايىتىمۇ زوقلىناتتىيۇ ، ئەمما بۇنداق ھېسلىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارا قىلمايتتى . ھەرقاچان كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى ، ئەمما لەۋلىرىدە كىنايىلىك تەبەسسۇمدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

— ۋاي خۇدايىم ، بىرمۇنچە چوتادىن قۇرۇق قالمىسام بولاتتىغۇ ! — دەپ تۇرالماي كەتتى ئەبۇل ئەتەخىيە ۋە دەرھال دېرىزىدىن ئارقىسىغا بۇرۇلدى ، — ۋەلىئەھد يېڭى كېنىزەكلەر ئىشتىياقىدا ! فەزل ئالدىرىماقتا . بۇغۇ ماڭا ئايان . تاڭ سەھەردىلا يېتىپ كېلىشكىنىنى قارىمامدىغان ! پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك . دەرھال فەنخەس بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمىدى .

ئايۋانى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىغان بولۇپ ، يېرىم يالىڭاچ خىزمەتكارلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى . ئۇيقۇسىراپ تۇرغان ھەييان چاپسان بېرىپ يېڭى خېرىدارلارغا دەرۋازىنى ئېچىشقا ئالدىرايتتى . كۈتۈلمىگەندە ئاتلىقلار توپىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن بېشى گاڭگىراپ قالغان ھەبەش قۇل ئۆزىنىڭ يېنىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئەبۇل ئەتەخىيەنى سەزمەيلا قالدى . شائىر خوجايىنىنىڭ ياتاق ئۆيىگە تۇتىشىدىغان تار يولغا بۇرۇلدى . بۇ ئەڭ يېقىن يول ئىدى . ياتاقخانىنىڭ ئىشىكى تاقاق ئىدى . ئۇ ئىشىكنى تاقىلداتقىنىچە نەپسى بوغۇزىغا تىقىلىپ ، يېقىمسىز ئاۋازدا توۋلاپ كەتتى :

— جانابىي فەنخەس ، ئىشەنچىم كامىلكى ، سەن ئويغىنىپ بولدۇڭ ، بۇ مەن — ئەبۇل ئەتەخىيە . كىرسەم بولامدۇ ؟

تېز - تېز ماڭغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى . ئىشىك يوغان ئېچىلدى .

— ھە، نېمە؟ نېمە ئىش بولدى؟ نېمە مۇنچە شاۋقۇن-سۈرەن؟

قۇلپۇرۇشنىڭ ئەمدىرەك ئورنىدىن تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى شالۋۇر ۋە تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن تونىنى يېپىنچاقلىۋالغان بولۇپ، كۆڭلەكنىڭ ئوچۇق يېرىدىن تۈك بېسىپ كەتكەن مەيدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساقىلى چۇۋۇلۇپ، ئۇچلىرى تۈرۈلۈپ چىگىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بېشىدىكى ئاق چاچلىرى تىك تۇراتتى.

— ھە، بۇرادەر، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ شائىر بىلەن ئامانلاشقاچ، بارماقلىرى بىلەن چاپاق كۆزلىرىنى ئىشقىلىدى فەنخەس، — نېمە گەپ؟

شائىر ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى چىڭ ئاقىدى-دە، بىلجىرلاپلا كەتتى:

— مەن ئاخشام كەلگەنىدىم. ئۇخلاپ قالغىنىڭ ئۈچۈن سىنى بىئارام قىلغۇم كەلمىدى. تاڭ ئاتقۇچە سەۋر قىلاي دېدىم. ھازىر بولسا ۋاقىت ناھايىتى زىچ، شۇ ۋەجىدىن سىنى بىئارام قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟! قانداقسىغا بىئارام قىلىش بولسۇن! — فەنخەس بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تاراپ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى، ئاندىن شالاڭ بۇرۇتلىرىنى سىلىدى.

— نەق گەپنىڭ ئۆزىنى قىل. قانداق يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

— ناھايىتىمۇ مۇھىم خەۋەر، مۆھتەرەم جاناب. نۇرغۇن ئاقچىغا ئېرىشىش مۇمكىن. ۋەلىئەھدنى يېڭى چۆرىلەر سېتىۋېلىشقا كۆندۈردۈم. ئەمما، بۇ نۆۋەت سېتىۋالىدىغىنى ئاق تەنلىك چۆرىلەر، ئەڭ مۇھىمى، پەقەت سەندىنلا سېتىۋالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەمىنگە گېپىمنىڭ قانچىلىك ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىدىغانسەن ، مۆھتەرەم جاناب ، سەگەكرەك بول . بۇ خۇش خەۋەرنى تېزرەك يەتكۈزەي دەپ ھۇزۇرۇڭغا چاپتىم . قالغان ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق . . .

— خىزمىتىڭ ھەققىگە قانچە تەلەپ قىلىسەن؟ ھەر ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن كۆڭلى قالىدىغان ئىش بولمىسۇن ، سەن ھەر ۋاقىت ئىككىمىزنىڭ پايدىسى توغرۇلۇق ئويلايسەن ، خۇدا خالىسا ، چۆرىلەرگە باھا قويۇشتا ساڭا تېگىشلىك تاپان ھەققىنىمۇ ھەربىرىنىڭ باھاسىغا قوشۇپ ئېيتىمەن . ھە ، راست ، بەلكىم سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ئاق تەنلىك چۆرىلەرگە مايىلدۇر؟

— ھاي - ھاي ، خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن ، بېشىمغا تاڭىمەنمۇ ئۇ چۆرىلىرىڭنى؟ — دېدى ئالدىراپ - تېنەپ ئەبۇل ئەتەخنىيە ، — ماڭا كۆڭلۈڭدىكى مۆلچەرلىرىڭنىڭ گېپىنى قىل ، مۆلچەرلىرىڭنىڭ !

— ماقۇل ، ماقۇل ، ئەزىز بۇرادەر ، گەپ بىرلا ! — دېدى ئاۋازى يۇمشاق قۇلپۇرۇش ، — ھەممىسى ئېنىق . نەرخ - ناۋاسى كېلىشىلسىلا ، ھەر قېتىمقىدەك شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا پايدىنىڭ يېرىمىنى نەق ساناپ ئالىسەن .

— ئەي مۆھتەرەم زات ! سودا - سېتىق ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بولىدۇ . مۇھەممەد ئەمىن دەل شۇ مۇددىئادا ھۇزۇرۇڭغا فەزل ئىبن رابىيەنى ئەۋەتتى . فەزل ئۆز يېقىنلىرى بىلەن شۇ تاپتا يېتىپ كەلدى . قارىغاندا ، ئۇلار دار ئەر - رەقىقە قەدەم تەشرىپ قىلىشقان ئوخشايدۇ . بىزنىڭ ئەھدۇپەيمانىمىزنى بايقاپ قالمىسا بولاتتى دېگەن ئەندىشىدىمەن .

— تەڭرى تائالا ئۆز بەندىلىرىنى شەرمەندە قىلمىغاي ! — دەپ شائىرنىڭ ئاغزىغا بارماقلىرىنى باستى فەنخەس .

— ۋەلىئەھد ئالدىدا مەرتىۋەڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈمىدۋارمەن !

ئۇ شالۋۇرىنىڭ تاسمىسىنى چىڭ تارتىپ ئەتتى، مۈرىسىگە تونىنى تاشلاپ يەنە بىر قېتىم ساقىلىنى سىلىدى - دە، ئىشىكنى ئاچتى.

تار يولدا ھەييان يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ خەۋىرىنى خوجايىنغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. خوجايىنىنىڭ ياتاقخانىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كېلىۋاتقان ئەبۇل ئەتەخىيەنى كۆرگەن دەرۋازىۋەن تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. خەتىبە ئارقىلىق ئەمىر ۇلمۆسلىمىن نامىدىن بېرىلگەن پەرمان ئۇنىڭ قولىقىغا قۇيۇلۇپ كەتكەندى. كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ئېسىنى يىغقان ھەييان گەپكە ئەمدى ئېغىز مىدىرلىتاي دېيىشىگە، خوجايىنىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا گەپ قىلغانلىقى قولىقىغا كىردى:

— ھوي قارا باتۇر، مېھمانلىرىمىز قېنى؟ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئالدىراۋاتىمەن. ئۇلار قەيەردە؟ ھەي، تىلىڭغا تاڭگا چاپلىنىپ قالدىمۇ، جىن تەگكۈر! يا ئاغزىڭغا تالقان سېلىۋالدىڭمۇ؟ خەپ توختاپ تۇر، قېرى زەڭگى.

بوﯴنداق ئەھۋالدا، ھەممىنى قايرىپ قويۇپ، پەرمايىشىنى خوجايىنغا يەتكۈزگىلى بولاتتىمۇ؟ شائىرنى تۇتۇپ قېلىش ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى قارىتىپ قويۇپ گەپ ئېچىشىنىڭ ئۆزى قالتىس ئىش بولىدۇ - دە، ياخشىسى، سەۋر قىلىش كېرەك!

— فەزل... فەزل... كەل... كېلىشتى، — دېدى دۇدۇقلاپ ھەييان، — ئۇلار ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن دار ئەر - رەقىققە تەشرىپ قىلىشتى. خوجام، ئۇلار سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ئەبۇل ئەتەخىيە دەرۋازىۋەنگە قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە، قولپۇرۇش ئۇنىڭغا ئىما قىلغان خاس ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بالا ـ قازادىن خالاس بولغىنىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى .

## 11 . دار ئەر ـ رەقىق

فەنخەس تونىنىڭ پەشلىرىنى چۇشۇرۇپ ، تار يولدىن سولغا بۇرۇلۇپ چوڭ دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈردى . ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، دار ئەر ـ رەقىق دەل شۇ يەردىن باشلىناتتى . ئىچكى هويلا فەزلىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن تولغان بولۇپ ، ساراي ئەئيانلىرى تاش ياتقۇزۇلغان هويلا ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان يۈرگەچ ، بولغۇسى تاماشانىڭ شېرىن خىياللىرىدا هويلا ئىچىنى ئوراپ تۇرغان ئايۋانلاردىكى ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئىشىككە تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ ـ قاراپ قويۇشاتتى . فەزل يېقىن مەھرەملىرى بىلەن قوبۇلخانا دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم خانىغا باشلاپ قويۇلغانىدى . ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ قوبۇلخانىدا چۆرىلەر ۋە بالىلار خېرىدارلارغا كۆز ـ كۆز قىلىناتتى . ئاجايىپ نەقىشلەر ئويۇلغان تامغا يېرىم ئايلانما شەكىلدە ياستۇقلار يۆلەپ قويۇلغان بولۇپ ، يۇمشاق گىلەم سېلىنغان خانىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى .

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەي مۆھتەرەم زاتى شەرىپ ! ــــ دېدى فەنخەس ئۆينىڭ تۆرىدە پەرقۇشايى ياستۇقلارغا يۆلىنىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان فەزلگە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ . فەزل ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇلگۇرمەيلا ، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتى .

بۇنداق دەبدەبىلىك قارشى ئېلىنىشتىن كەيپى چاغ بولۇپ كەتكەن ساراي ئەئيانلىرىنىڭ يۈزلىرىگە مەغرۇرانە تەبەسسۇم يۈگۈردى . فەزل قولپۇرۇشقا قارىدى ۋە يېنىدىكى بوش ياستۇققا ئىشارە قىلىپ :

www.uyghurkitap.com

— ئولتۇر ، ئەزىزىم ! — دېدى .

— سادىغاڭ كېتەي ، ئەي ئۇلۇغ خوجام ! — دەپ خىتاب قىلدى فەنخەس ئۆرە تۇرغىنىچە .

— ئولتۇر ، ئەزىزىم ، — دېدى يەنە فەزىل ، — گېپىمنى ئاڭلا ، بىمەھەل كېلىپ سېنى ئارتۇقچە خىجالەتتە قويمىغاندىمىز ؟

— ئەي تەڭرىم ، ئۆزۈڭ گۇۋاھ ! — دېدى قۇلپۇرۇش ياستۇققا كېلىپ ئولتۇرغاچ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، — قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىز مەن ئۈچۈن چەكسىز ئېھتىرام ، ئاجايىپ زور شادلىق بەخش ئەتتى . نېمە دېسىڭىز ، بەجانىدىل پەرمانبەردارىڭىزمەن ، خوجام .

— ئالىي نەسەب دۆلەتپاناھىمىز مۇھەممەد ئەمىننىڭ — ئىلاھا ئۇنىڭ ئەزىز بېشىدىن تەڭرى ئىنايىتىنى ئايرىمىغاي — بىزنى سەن تەرەپكە ئەۋەتىشتىكى مۇددىئاسى ئەڭ سەرخىل ، جاننى ئالىدىغان زىبا چۆرىلەرنى سېتىۋېلىشتۇر ، — دېدى سىپايىلىق بىلەن فەزىل ، — سېتىۋېلىنىدىغان چۆرىلەر سەن-بىزگە ياقىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغاندىن سىرت ، يەنە نەپىس ۋە نازۇك دىللىق ، ناخشا ئېيتىش ، قەسىدە توقۇشقا ماھىر بولۇشى شەرت . چۈنكى ، ناخشا ۋە قەسىدىگە ماھىر چۆرىلەر ئۆز پەزلۇ كامالىتى بىلەن ئالىي نەسەب شاھزادەمىنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە ئارامبەخش ئېتىدۇ . بۇ ئىش ئۈچۈن سادىق بىرىنى ھۇزۇرۇڭغا ئەۋەتسەمۇ بولۇۋېرەتتى . لېكىن ، ئىشنىڭ نازۇك تەرىپى شۇ يەردىكى ، بىرىنچى ۋەلىئەھد ئۈچۈن چۆرە سېتىۋېلىش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ، ئىللا ، ئۇ مۇبارەك زاتىنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا ساداقەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن ئىش تۇتۇش بىز ئۈچۈن ھەم پەرز ، ھەم قەرز . شۇ سەۋەبتىن خاس مەھرەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇزۇرۇڭغا شەخسەن ئۆزۈم كېلىپ قالدىم . يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، دار ئەر - رەقىق

ئىگىلىرىگە بىر نەزەر تاشلاش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئارزۇيىمىزمۇ يوق ئەمەس، مۇددىئايــــى مەقسەت، ئەزىزىم فەنخەس، ئۇ ـــ بۇلار بىلەن كۆڭلىمىزنى شادىمان قىلىشىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ـــ قۇللۇق، خوجام! ـــ دېدى ھاياجان بىـــلەن بۇ ماختاشلاردىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ئۆزىنى قويغىلــى يەر تاپالماي قالغان قۇلپۇرۇش، ـــ دار ئەر - رەقىـقە قەدەم تەشرىپ قىلىپ بوينۇمدا ئالەمچە قەرز قالدۇردىڭىز، جىق جاپا چەكتىڭىز، ھايتلا دەپ قويسىڭىز، بار - يوقۇمنىڭ ھەممىسىنى ئول شەپقەتلىك بىرىنچى ۋەلىنېمەتدىنىڭ (تەڭرى تائالا ئۇنىڭغا ھەمىشە يار بولغاي) مۇقەددەس نىگاھى ئالدىدا ھازىر قىلار ئىدىم. قانداقلارچە تەقدىر ماڭا كۇلۇپ بېقىپ، سىــــزدەك مۆھتەرەم زاتى شەرىپ كۇلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپسىز، قەدىمىڭىزگە تەشەككۇر! كۆڭلىڭىز توق بولسۇنكى، بىساتىمدا بار بولغان ئەڭ ئېسىل مالنى مۇبارەك نەزەر - ئېتىبارىڭىزغا تەقدىم قىلىمەن. ئۇلار شۇ قەدەر رەڭمۇرەڭ ۋە جۇلالىقكى، باشقا ھېچقانداق قۇلپۇرۇشنىڭ بىساتىدىن ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. سىزگە گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئادەم زاتىغا خاس ئاجايىپ - غارايىپ نەمۇنىلەرنى تاپتىم. بۇلار ئوغۇل ۋە قىز باللار، ئەرلەر ۋە ئاياللار، بوي - بەستى شۇنداق كېلىشكەن، سەرۋى قامەت؛ ھەممە قوۋم ۋە مىللەتكە تەئەل- لۇقلىرىدىن ـــ بۇغداي ئۆڭ، ئاق بەدەن، سېرىق رۇخسار، قارا تەنلىك... ئىشقىلىپ ھەممىسىدىن بار. ئۇلارنىڭ ماڭا قانچىگە چۈشكىنى بىـــر خۇدانىـــڭ ئۆزىگە ئايان! تۇران زېمىنىدىن، كوستانتىنادىن، تەبەرىستانۇ ئەرمەنىـــستاندىن، خۇراسانۇ ھىندىدىن، مەغرىب ۋە مەشرىقتىن، يېقىن ۋە يىراق مەملىكەتلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن.

ـــ ئەزىزىم، سەندىكى چۆرىلەرنىڭ ئىچىدە ناخشىنــى

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئېيتىدىغانلىرىمۇ باردۇر؟ — دەپ سورىدى فەزل قۇلپۇرۇشنىڭ ئاغزى بىرئاز بېسىقتاندىن كېيىن.

— بىزنى بۇنچىلىك يەرگە ئۇرماڭ، خوجام! — دېدى فەنخەس مۇلايىملىق بىلەن ھەيران بولغان ھالدا، — ئۇنداقلار بىزدە بولمىسا كىمدە بولىدۇ، خوجام؟ مەن ئەمىرۇلمۇسلىمىن سارىيىغا خىزمەت قىلمەنغۇ، ئاخىر! ئەڭ نازۇك تەبىئەت، زېرەك ئىخلاسمەنلەرنىمۇ تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ سەتەڭلەر بىزدە - دە! چۆرىلىرىم گۈزەل شېئىرىيەتنى يادقا بىلىدۇ. ئۇد ۋە ساتارنى كىشىنى قايىل قالدۇرغۇدەك چالىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تەمبۇر ۋە داپقا تەڭكەش قىلىپ شۇنداق ناخشا ئېيتىدۇكى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتىدۇ.

— ھاي - ھاي، ئەجەب گەپنى ئېلىپ قاچىسەنغۇ، ئەزىزىم، تايىنلىق ئۇلار ھارۇن رەشىد ئوردىسىنىڭ چۆرىلىرى بولۇپ چىققمىشۇن يەنە؟ — دەپ كىنايىلىك كۈلۈمسىرىدى فەزل، — بۇنداق كامىل ئاياللارنى پەقەت خەلىپە ئوردىسىدىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سىرىق يۈز ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى شەرقلىق، ئالىي نەسەب شەھرىيارىمىنىڭ نازۇك كۆڭۈللىرى بولسا، ئاق بەدەن چۆرىلەرنىڭ ئىشرەتلىرىنى خالاپ قاپتۇ. شۇنداقلىرى تېپىلامدۇ؟

— تېپىلغاندىمۇ، يەنە قانداقلىرىدىن دېمەمسىز، ئەي مۆھتەرەم زات! ئول شەۋكەتلىك مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ خاھىشلىرى شۇ بولىدىغان بولسا، يوقنىمۇ بار قىلىمىز - دە!

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ئەزىزىم! تېخى گەپنىڭ چوڭىنى ئېيتقىنىم يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاق بەدەن كېنىزەكلەر ناخشا ئېيتىشنى بىلمەسمىش. ئەھلى باغداد ئۇلار بىلەن كەمدىن - كەم سورۇن تۈزىدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئاق بەدەن

ئايالىلارنىڭ ئاۋازىنى بىزنىڭ مۇقامىمىزغا ماسلاشتۇرۇش مۇشكۇل ئىشمىش. بۇ مۇشكۇلاتنى ئاسان قىلىش پەقەتلا ئەمىر ۋەلمۇسلىمىنىنىڭ ئوردا ھاپىزى ئۇستاد ئىبراھىم ماسۇلىيىنىڭلا قولىدىن كېلەرمىش.

— ھەي، قاندىقىنى ئىستىسىڭىز شۇندىقىنى ھازىر قىلىمىز، خوجام! — دېدى مەغرۇرانە قىياپەتتە فەنخەس.

## 12. ئەرزان باھا چۆرىلەر

فەزل ئورنىدىن قوزغىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا قۇلپۇرۇش دىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ ئالىي دەرىجىلىك مېھمان ۋە ئۇنىڭ مەھرەملىرىگە قۇللۇق ئادا قىلىپ، ئۇلارنى ئىچكىرى ھويلىغا باشلىدى، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ يول كۆرسەتتى. خىزمەتكارلار ئۇلارغا يول بوشىتىپ ھەر تەرەپكە پاتىپاراق بولۇشتى.

— ئىجازىتىڭىز بىلەن، كۆرۈشنى مانا مۇشۇ يەردىن باشلىساق! — دېدى ئايۋاندا توختاپ قۇلپۇرۇش. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، قىيا ئوچۇق ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتتى. تارغىنا ئۆيگە جايلاشتۇرۇلغان ئاق بەدەن قىزلار يېرىم ياۋايى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى جەزبىدار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى تېخى توققۇزغىمۇ توشمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆيگە كىرگەن ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرگەن قىزچاقلار ياتسىراپ، خۇددى ئوۋچى ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن ئاھۇلاردەك بىر - بىرىنى پاناھداپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىچىپ غۇژمەك بولۇپ تىقىلىشتى. ئۆز تىللىرىدا بىرنەرسىلەرنى دېيىشىپ چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك يالىڭاچ ئىدى. سەھرانىڭ ئاپتاپلىرىدا كۆيۈپ تاۋلانغان باللارغا خاس قارىمۇتۇق يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، قورقىنىمدىن يۇم ـ يۇم يىغلىشاتتى . ئۇلار يەنە بىردەم تۇرغۇدەك بولسا ، بۇ يىغا ـ زارلار داد ـ پەريادقا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى . خۇددى هازىرلا چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلغان فىرۇزا كۆز ، كۆك كۆز ۋە سارغۇچ كۆزلەر بۇ چاقىرىلمىغان كىشىلەرگە چەكچىيىپ قارىشاتتى . فەزل هەيران بولغاندەك قاشلىرىنى هىمىردى .

— ئەي خوجام ! — دېدى قۇلپۇرۇش ئالدىراپ ـ تېنەپ ، — بۇنىڭغا ئۇنچە هەيران بولماڭ . سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشىمدىكى مەقسەت — سىزنىڭ ، هەتتا ئەمىر ئۇل مۇسلىمىنىنىڭ دىلىنى شاد ئەتكۈچى گۈزەل نازىنىنلارنىڭ هەممىسى ئەڭ دەسلەپتە هازىر كۆرگىنىڭىزدەك ئەدەپ ـ قائىدە ئۇقمايدىغان قوپال ، قاسماق ، توڭ باللار ئىدى . مەن سىزنى بۇ يەرگە ئەتەي ئېلىپ كىردىم . بۇنىڭ سەۋەبى ، هەربىرىنىڭ قىممىتى ئون مىڭ ، هەتتا يىگىرمە مىڭ دىرهەم باهالىنىدىغان ساهىبجامالّلارنى تەربىيىلەپ ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ، بۇنىڭغا ئاز بولمىغان مېهنەت ـ مۇشەققەت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىغا سىزنى ئىشەنسۇن دېمەكچىمەن .

— دەرهەقىقەت ، بۇ ناهايىتىمۇ جاپالىق ئىش ! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى فەزل ، — ئەجەبا ، گۈزەل فەرىدە ، تەڭدىشى يوق مەينە ، هەتتا ئۇممى هەييان ، دەينەرەلەرمۇ دەسلەپتە مۇشۇلارغا ئوخشاش جاهىل ۋە نادان بولغىيمىدى؟ !

— ئىمانىم بىلەن ئېيتالايمەنكى ، خوجام ، بۇلاردىنمۇ بەتتەررەك ئىدى .

— بۇ مالّلارنى ساڭا قەيەرلەردىن ئېلىپ كېلىشىدۇ ؟

— هەممە يەردىن ، جىمى ئالەمدىن كېلىدۇ ، خوجام . كۆپىنچە ئېلىپ ـ ساتارلارنىڭ ئەهۋالى قىل ئۈستىدە بولىدۇ . مانا بۇلار يىراق شىمالدىن — سلاۋيانلار يۇرتىدىن ئېلىپ

كېلىنگەن .

— ئۇلارنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزىدىغاندۇر ؟ — قىزىقىپ سورىدى فەزل .

— بۇ تەرىپى سودىگەرلەرنىڭ ئىشى . بەزىدە كىچىك قىزلارنى ئوغرىلاپ كېلىدۇ ، بەزىدە بولسا ئاتا - ئانىلىرىدىن سېتىۋالىدۇ ، ئەرزىمىگەنلا پۇلغا سېتىۋالىدۇ . ئەمما ماڭا ئەكېلىپ ئۈچ - تۆت ھەسسە ئاشۇرۇپ ساتىدۇ .

— توختا ، توختىچۇ ، جوھۇتباي ، بىلىشىمچە ، قانۇن بويىچە بالىلارنى ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ، يىراقلارغا ئېلىپ كېتىش توغرا ئەمەس ! ئاخىر ، بۇلار تېخى كىچىك بالىلارغۇ !

ئۆزىنى كىنايىلىك تەبەسسۇمدىن تىيالمىغان فەنخەس دەرھال ھوشىنى يىغدى .

— ھەي ، خوجام ، بىلىپ گەپ قىلىۋاتامسىز ؟ — دېدى قۇلپۇرۇش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — بۇ بىچارە قىزلار ئۈچۈن قۇللۇق — ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئۇلۇغ بەخت . ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭ ، ئۇلار قېقىندى - سوقۇندى ، ياۋايى ، يېرىم ئاچ تۇرمۇشتىن — بىزنىڭ تۆگىلىرىمىزمۇ ئۇلاردىن ياخشىراق ياشايدۇ ! — ئاۋات ، پاراۋان ، ھەممە نەرسە تۆكۈلۈپ - چېچىلىپ تۇرغان ، كۆركەملىك تىمسالى بولغان ئەرەب شەھەرلىرىگە كېلىپ قالىدۇ . ئاندىن ، كىم بىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرىنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىزغۇ ، بەزى كېنىزەكلەر ھەتتا خەلىپىنىڭ قىزلىرىغىمۇ نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان قىممەت باھا بىساتلارغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ . قاراپ كۆرسە ، بۇ ئۇنچىلىك قىيىن ئىشمۇ ئەمەس ! خۇشچىراي ، يېقىملىق ئاۋاز ، تەسىرچان ئىپادە بىلەن شېئىرلارنى ئوقۇش ۋە ناخشا ئېيتىش ، ناز - كەرەشمە قىلىش . ئەلۋەتتە ، بۇنداق ئامەت

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىگىلا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ . بۇنداق غارايىپ بەختكە ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاندا ــ ساندا بىرى ، ئەللىكتىن بىرى ، ھەتتا سەكسەندىن بىرى ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چوقۇم زېھنى ئۆتكۈر ۋە نەسەبى ئېسىل بولۇشى شەرت . تەربىيىسى قىيىن ، كۆرۈمسىز قىزلارنى ئادەتتە ئۆي ئىشلىرىغا ئۆگىتىمىز ، ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەرگە چۆرە قىلىپ ساتىمىز . ئەمدى ، خوجام ، ھازىر سىزگە كېنىزەكلەرنىڭ باشقا بىر تائىپىسىنى كۆرسىتىمەن .

كىچىك قىزلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىشتىن جېنى چىقىپ ئاران تۇرغان فەزل بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرئاز يېنىكلىگەندەك بولدى ــ دە :

— ئىلتىپاتىڭىزنى ئايىمىغايسەن ، ئەزىزىم ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

فەنخەس ئىتائەتكارلىق بىلەن باشقا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى .

بۇ ئۆيدە ئافرىقىنىڭ يىراق جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قاپقارا ھەبەش قىزلار تۇراتتى . ئۇلارنىڭ تۇم قارا چاچلىرىغا ئۆمۈر بويى تارغاق تېگىپ باقمىغان بولۇپ ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ياۋايى تۇرقى گۈزەل قامەتلىرىنىڭ ئىنسان ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدىكى تەتۈرسى بولۇپ ، كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشاتتى . بايا كۆرگەن سلاۋيان قىزلىرى بۇلارنىڭ ئالدىدا ئاي ئىدى . ئۆيدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئۇلارنىڭ خېلىدىن بېرى يۇيۇنمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . ئالدىنقى ئۆيدىكى قىزلارنى كۆرۈۋېرىشنىڭ ئۆزىلا جېنىغا تېگىپ ، كەيپى ئۇچقان فەزلنىڭ ئەلپازى بۇزۇلغىنىنى سەزگەن قۇلپۇرۇش ھەبەش قىزلارنى كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى .

— ھەبەش قىزلار سۇدان مەملىكىتىدىن كەلتۈرۈلگەن ،

ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ ، ئۇلار پەقەت ئەڭ ئېغىر ئىشلارغىلا مۇناسىپ ، ئاق تەنلىك كېنىزەكلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ .

ئالىي مەرتىۋىلىك مېھمان ۋە ئۇنىڭ مەھرەملىرىگە ئىز- زەت - ئىكرام بىلەن يول باشلاۋاتقان فەنخەس ئۇلارنى ئايۋاننى بويلاپ ئېلىپ ماڭدى ، قالغان ئىشىكلەرنى ئاچمىدى ، پەقەت ئاغزاكى چۈشەنچە بېرىپ مېڭىش بىلەنلا كۇپايىلەندى .

— بۇ يەردە دۆلەتمەن قىزلار تۇرىدۇ . ئۇلار يېقىندا سەھرايى كەبىردىن كەلتۈرۈلگەن . ئادەتتە ، ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى سېلىنقلارنىڭ ئورنىغا بېرىدۇ . شۇ تەرىقىدە ئۇلارنى باغدادقا ئېلىپ كېلىشىدۇ . بۇ ئىشلار ئەزىز خوجامغا مۇ چۈشىنىشلىك . ئەنە ئاۋۇ يەردە ، — دېدى ئۇ بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ ، — سىندتىن ئېلىپ كېلىنگەن قىزلار تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ بەدىنى ئاجايىپ قىزغۇچ رەڭدە ، يالتىراپ جىلۋە قىلىشلىرى جاننى ئالىدۇ . نېرىقىسىدا كوستانتىنىڭ بۇغداي ئۆڭ قىزلىرى بار . ئۇنىڭ نېرىسى هاممامچى ، ئاشپەز ، ناۋايلىق ، ئىنىكئانىلىق كەسىپلىرىگە ئۆگىتىلگەن چۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنادا ئەرلەر تۇرىدۇ . . . ئۇلار ئارىسىدا ھەبەشلەر ، خەزارلار ، تۈركلەر ، چىنلىقلار ، ئورۇسلار ۋە بۇلغار قۇللار بار .

## 13 . قىممەت باها چۆرىلەر

دار ئەر - رەقىقنى ئايلىنىش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى . بۇنىڭدىن تاقىتى - تاق بولغان فەزل :

— ھەي ، جوھۇتباي ، يوشۇرۇن بىساتىڭدا بارنى كۆرسەتسەڭلا بولمىدىمۇ ؟ ھەممىنى كۆرۈپ چىقىش شەرت ئەمەسقۇ ، ئاخىر ، ۋاقتىمىز قىس ، — دېدى .

— گوياكى ئاپئاق ماموٗقنىڭ ئۆزى ، ساھىبجامال چۆرىلەرگە بىر نەزەر تاشلىمامسىز ، خوجام؟ — دېدى فەنخەس پەرمانبەردارلىق بىلەن يەر سۆيۈپ ، — ئاجايىپ ئىسىلىرى بار - دە !

— خىزمەتلىرىڭگە تەشەككۇر ، بۇرادەر ، — دېدى فەزل توڭلۇق بىلەن كەسكىن ھالدا ، — بايا ئېيتقىنىمىزدەك ، بۈگۈن بىزگە كېنىزەكلەرلا كېرەك .

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئېسىم قۇرۇسۇن ، — دېگىنىچە ۋالاقلاپ كەتكەن فەنخەس ئەمەلىي ئىشقا ئۆتۈش پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ مېھماننى ئىچكىرىگە باشلىدى . ئۇنى قۇلۇپلاقلىق ئىشىكلەرنىڭ يېنىدىن ئېلىپ مېڭىپ ئەڭ چەتتىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە ، ھەبەش ھەرەمئاغىسىغا ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇدى .

— ئەي زاتى مۇبارەك ، مەرھەمەت ! ئەمدى بۇ نازىنىنلارنىڭ لەززىتى سىزگە ماقۇل چۈشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .

فەزل مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ كىرگەن ئۆيدە ھەرەملەرگە سېتىش ئۈچۈن تاللانغان ئاق تەنلىك قىزلار تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئون بەش ياشتا ، چوڭ دېگەنلىرىمۇ تېخى يىگىرمىگە بارمىغان قىزلار ئىدى . ئۇچىسىدا ئەرزان باھالىق رەختتىن تىكىلگەن نېپىز كۆڭلەك ، بويۇنلىرىدا ئاددىي ياسىما مونچاق تىزىقلىرى بار ئىدى . لىباس ۋە تاقىملارنى زىبۇ - زىننەت دەپ بولامدۇ ! پەقەت ئالللا تائالانىڭ قۇدرىتىلا ئاياللارغا بۇ قەدەر ھۆسن - لاتاپەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن كۆزنى ئۈزۈش ناھايىتىمۇ قىيىن ! نۇرلىنىپ جەزبە قىلىپ تۇرغان چېھرىلىرىگە باققان ھەرقانداق ئادەم ئەس - ھوشىنى يوقاتماي قالمايدۇ . سۈپسۈزۈك يۈزلىرىنىڭ جىلۋىلىنىشى ئەقىلنى لال قىلىپ قويىدۇ . خۇددى سۈتتە

يۇيۇلغاندەك ئاپئاق يۇمران بەدەن ، پەرەڭلەرگىلا خاس بولغان قىپقىزىل يۈزلەر ، سەرۋىدەك قامەت ؛ بەزىلىرىنىڭ چىرايلىق ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرى تېقىمىغا تېگىپ تۇرغان ؛ بەزىلىرىنىڭ بولسا چۇۋۇلغان چاچلىرى مۇرىسىگە تاشلانغان بولۇپ ، گۈزەللىكىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى ئىدى . بولۇپمۇ بىرى زىلۋا بويى ، گۈزەل رۇخسارى ، شۇنىڭدەك غۇبارسىز شەھلا كۆزلىرىنىڭ ئۇياتچان بېقىشلىرى ، چىرايلىق يۇرۇشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تارتىنچاق تەبىئەتلىك ، نازۇك لاتاپەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . قىزنىڭ جەلىپكار ھۆسنىگە مەھلىيا بولغان فەزىل ئۇنىڭغا ئەرەبچە گەپ قىلدى . قىز ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمىدى . ئەمما گەپنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلغانلىقىنى ئاڭقىرىپ ، ئۆزىنى دوستىنىڭ دالدىسىغا ئالدى . خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىۋالدى .

— قېنى ئەبۇل ئەتەخىيە ! — دەپ ۋارقىرىدى فەزىل ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىقىغا خاس سالاپەتىنىمۇ ئۇنتۇپ .

— ئەبۇل ئەتە . . .

فەنخەس شائىرنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن چاقىرىپ چىقىشقا پەرمان بەرگىلى تاسلا قالدىيۇ ، يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىۋالدى .

— ۋاي - ۋۇي - ۋاي ! ! ! چېھرى سۈتتەك سۈزۈك بۇ كاساپەتنى مۇمكىن بولسا بىر يۇتۇم سۇغا ئوخشاشلا يۇتۇۋەتسە-ھە ! — دېدى خىرقىرىغىنىچە زوق - شوق بىلەن فەزىل ياتسىراپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋالغان قىزغا يېقىنلىشىپ ، — يائاللا ، ئەلھەزەر خۇددى قەسىدىنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ ! ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەرقانچە قەسىدە پۈتۈلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ ! ھەتتىگىنەي ، ئەبۇل ئەتەخىيە بولمىسا ، ئەبۇ نۇۋاسچۇ ؟ !

— ئۇلار يوق بولسىمىچۇ ، — دېدى ياسالما خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن قۇلپۇرۇش ۋە گەپنىڭ ئورامىنى ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇنۇپ، — قىزنى ھۆرى-پەرىزاتلارغا تەققاسلاپ، خوجام دەل ھەقىقەتنى ئېيتتى! ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مىسلى يوق گۈزەل! مەن ئۇنى ئەئيانلار ئىشرىتىنى كۆزلەپ تەبەرىستاندىن بىر توپ چۆرىلەر بىلەن بىللە قولغا كىرگۈزدۈم. تەگرى گۇۋاھ، ئۇنىڭ تەگدىشى يوق! ئەمما لېكىن، زاتى مۇبارەككە ئايان بولغايكى، بۇ پەرىگە نازاكەت ۋە لاتاپەت ئىگىلىرى بولغان كېنىزەكلەر بىلەن بەسلىشىشكە بالدۇر! شۇنداق تەربىيە ئورنى تېخى يوق-دە! ئەگەر خوجام ماقۇل دېسە، قىممەتلىك ۋاقتىنى يەنە بىرنەچچە دەقىقە ئوغرىلاشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىجازەت بېرىلىشتىن ئاۋۋال مەشۇقەلىك ۋە ئىشرەتبازلىق مەشىقىنى كۆرگەن چۆرىلەرنى نامايىش قىلماقچىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۇفەدىن كەلتۈرۈلگەن بىرى شۇنچىلىك گۈزەل ھەم خۇش قامەتكى، گويا ھۆر-پەرىنىڭ ئۆزىلا! كۆزلىرىنى دېمەمسىز تېخى؟ ۋاي-ۋاي-ۋاي، ماۋۇ كۆكرەك ۋە نازۇك بەللەرنى! — دېدى قولپۇرۇش كۆزلىرىنى ئالا-بولىماچ قىلىپ لەۋلىرىنى تامشىغىنىچە، — ھەي، بۇ كاساپەتلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھېچقانداق زىبۇزىننەتسىز ھالدا كۆزدىن ئۆتكۈزۈش شەرت! كۆز ۋە كىرپىكلىرىنىڭ خۇددى سۈرمە تارتىلغاندەك تۇم قارىلىقىنى دېمەمدىغان!

فەزل قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ دېدى:

— گۈزەللەرنى ماختاشنىمۇ تازا قاملاشتۇرىسەن-دە، ئەزىزىم!

— ئەي مۇبارەك زات! — دېدى فەنخەس ساقىلىنى تۇتاملاپ، — ئاخىر، پۈتۈن ئۆمرۈمنى شۇلارغا سەرپ قىلغان تۇرسام!

— ياخشى، ياخشى، جوھۇتباي، بىساتىڭدا يەنە نېمەڭ بولسا ھەممىنى كۆرسەتچۇ!

ئالىي مەرتىۋىلىك مېھمانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا پىشىپ قاقۋاش بولۇپ كەتكەن فەنخەس ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى :

— ئۆزرە سورايمەن ، خوجام ، دونداق قىزلارمۇ مەندە تەييار ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاۋۇ بۇرجەكتىكى ئىشىكتىن كىرگىلى بولىدۇ . ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن ، ئۇنتۇغىلى تاسلا قاپتىمەن ، ھەبەشى ھۆرلىقالارمۇ تېپىلىدۇ . ئەگەر ئىجازەت بولسا ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ئاق بەدەن ناخشىچىلارنىڭ يېنىغىمۇ كىرىپ ئۆتسەكمىكىن دېۋىدىم . ئۇلار خۇددى مۆجىزىنىڭ ئۆزى - دە ! ساز چېلىپ قوشاق ئېيتىپ بېرىشىدۇ . بۇنىڭدىن ، بەلكىم ، بېگىمنىڭ كۆڭۈل تەشۋىشلىرى يوقىلىپمۇ قالار .

— ياخشى گەپ ، — دېدى فەزل مەمنۇنىيەت بىلەن .

بۇ ھۇجرا تەبەرىستانلىقلارنىڭكىگە قارىغاندا ئۆزگىچىرەك بولۇپ ، قەدىمىي نۇسخىدىكى گىلەملەر بىلەن ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى . تامغا شايى ياستۇقلار يۆلەپ قويۇلغان ، ھەممە تەرەپتىن ئىپار - ئەنبەرلەرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى . چۆرىلەرمۇ چىرايلىق ياسىنىپ - تارانغانىدى . ئىشىكنىڭ يېنىدىراق ئولتۇرغان چۆرىنىڭ نەپىس ئىچ كۆڭلىكى ئۇستىدىن مۇرىسىگە ناھايىتىمۇ يۇمشاق رەختتىن قىلىنغان ، توق سېرىق رەڭلىك يېپىنچا تاشلانغان بولۇپ ، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى چىرايلىق قىلىپ تۇرمەكلىنىپ ، خۇشبۇي مۇشكى - ئەنبەر سېپىلگەنىدى . قىزنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار چىرايىنىڭ سۇزۇكلۇكى ئالدىدا تاغ بىللۇرىمۇ خىجالەتتە قالاتتى . بېشىغا رەڭگارەڭ پىستانلار قادالغان نېپىز تور سېلىنغان بولۇپ ، يېپىنچىسىنىڭ چېكىلىرىدىكى ھالقىسىمان ئۇششاق گىجەكلەرنىڭ ئۇچىغا ياقۇت قادالغان ، پېشانىسىگە كۆركەم تىللا

www.uyghurkitap.com

قاش[1]تاقالغان ، بوينىدا تىزىق ـ تىزىق مارجانلار ئېسىقلىق ئىدى .

ـــ ئورنۇڭدىن تۇرغىن ، ئاپپىقىم ، كارنافلىېل !

فەزل قىز بىلەن ناھايىتىمۇ تەكەللۇپچان سالاملاشتى . قىزمۇ سورالغان سوئالغا ماس ھالدا پاساھەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى . فەزل قىزنىڭ سۆزلىرىدىكى يەڭگىل تەلەپپۇزنى بايقاپ ، قۇلپۇرۇشتىن سورىدى :

ـــ ئۇ بەسرەلىكمۇ ؟ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپقۇ بۇنداقتۇر دەپ ئويلىمىغانىدىم .

ـــ ياق ، ياق ، خوجام ! بەسرەلىكلەرگە تېخى نۆۋەت كەلگىنى يوق ، ـــ دېدى فەنخەس ۋە چۆرىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن رىۋايەت سۆزلەپ كەتتى ، ـــ كارنافلىېل ئەسلى گىرۇزىن قىزى . سېتىۋېلىنغىنىغا كۆپ ۋاقىت بولدى . مۆھتەرەم جانابىڭىز توغرا بايقاپسىز ، ئۇنىڭ بالىلىقى بەسرە ئەتراپىدا ئۆتكەن ، بۇرۇن كارنافلىېلمۇ بايا سىز كۆرگەن يېرىم ياۋايى ، قوپال ، ئەدەپسىز قىزلاردىن بەشبەتتەر ئىدى . بۇ شور پېشانە قىزدىكى لاتاپەت ۋە ئىستېداتنى دەسلەپ بولۇپ بايقىغان كىشى ئەزىز مېھمىنىمنىڭ كەمىنە خاكسار قۇلىدۇر . ئۇ ۋاقىتتا بۇ قىز تېخى ئون ياشقىمۇ توشمىغانىدى . كىر ـ قاسماقلىقىدىن تۇرقىغا قارىغىلىمۇ بولمايتتى . مەن ئۇنى پاكىز يۇرۇشكە ئۆگەتتىم . ئۇنىڭغا بىر مۇئەللىم ئەرەب تىلىدىن ، بىر مۇئەللىم «قۇرئان» تىلاۋىتىدىن ، يەنە بىر مۇئەللىم ئەشئارى ـ ئەلفاز[2] سەنئىتىدىن تەلىم بەردى . كارنافلىېل ئۆسۈپ بوي تارتتى .

---

① تىللا قاش ـــ قىز ـ چوكانلارنىڭ پېشانىسىگە تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە «ئوتاغە» دېيىلگەن . ـــ تەرجىمانىنىڭ ئىزاھى .

② ئەشئارى ـ ئەلفاز سەنئىتى ـــ شېئىرىي سۆزلەر سەنئىتى .

خەلىپىلىكتىكى مەن ـ مەن دېگەن ئەمەلدارلارنىمۇ سېھىرلەپ ، مەھلىيا قىلىشقا قادىر گۈل غۇنچە بولۇپ ئېچىلدى . خۇش ئاۋاز ، ئۇستاد ئىبراھىم ماسۇلىيدىن كارنافلېلغا ناخشا ئېيتىش سەنئىتىدىن تەلىم بېرىشنى ئىلتىجا قىلدىم . شۇنداق ، ئىلتىجا قىلدىم . ئۇستاز ناھايىتىمۇ كۆپ پۇل تەلەپ قىلدى . خەسىسلىك قىلمىدىم . ھەر كۈنى سەھەردە قىزچاق مۇزىكا بىلەن مەشغۇل بولدى . باشقا ئەللىكلەرنىڭ بىزنىڭ ناخشا ، ئۇسسۇلىمىزنى ئۆگىنىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى خوجامغا چۈشىنىشلىك . ھازىر كارنافلېل ـــ باغدادتىكى ئەڭ نازاكەتلىك چۆرىلەردىن بىرى . ئۇنىڭ تەڭدىشى ھەتتا ئەمىر ۋلمۇسلىمىننىڭ سارىيىدىنمۇ تېپىلمايدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل .

چۆرىنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشىۋاتقان فەنخەسىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇن ـ تىن چىقارماي ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان فەزل قىزغا سىنچىلاپ زەن سالدى . ئەرلەر سۆزلىشىۋاتقان بولغاچقا ، كارنافلېل ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى ـ دە ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئۇدنى قولىغا ئالدى . دىققەتسىزلىكتىن قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن يەلپۈگۈچ ئاستىدىن كۆرۈنگەن نازۇك ، ئاچ قىزىل رەڭلىك جەزبىدار بىلەكلىرى ، ئۈزۈكلەر بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق بارماقلىرى قارىغان كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى .

نىھايەت ، قۇلپۇرۇش گەپنى تۈگىتىش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ ، جىم بولغاندىن كېيىن ، فەزل ئېيتتى :

ـــ ئەزىزىم ، سەن گويا ئۇ شېئىرىيەتنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بىلىدۇ ، شېئىرنى ئادەمنى تاڭ قالدۇرۇپ ئوقۇيدۇ دەپ ئىشەندۇرمەكچى بولۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن ـ ھە ؟

ـــ خوجام نېمىنى خالايدىكىن ؟ زاتى مۆھتەرەم لۇتپۇ ئىنايىتىڭىزنى يىراق تۇتماي ، تور يېپىنچا ھاشىيەلىرىگە تىكىلگەن كەشتىگە بىر كۆز تاشلىسىلا ، ئاشۇ مىسرالارنى

كارنافلېل ئۆزى توقۇغانلىقىنى بىلىۋالغان بولار ئىدى. ۋەلىئەھدىنىڭ بۇ ئەتىۋارلىقى چۆرە تەرەپكە يۇردى. يېپىنچىغا زەر يىپلار بىلەن تۆت مىسرا شېئىرىي كەشتە ناھايىتىمۇ نەپىس سەنئەت بىلەن تىكىلگەنىدى.

قولغا خېنە قويغاندا ھەر گەل①،
نېچۈنلۈكىن بىلمەيمەن، بىراق.
خېنە قىلماس بارماقنى گۈزەل،
گۈزەل قىلار خېنىنى بارماق.

— ئاجايىپ نەپىس كەشتە ئىكەن! — دېدى زوق بىلەن ھاياجىنىنى باسالماي قالغان فەزل.

— خۇددى ھۆرلىقالاردەك باشتىن - ئايىغىغىچە گۈزەل - دە! كۆزلىرىنى دېمەمدىغان! سۇرمە قويمىغان كۆزلىرىمۇ شۇنچە قارا بولىدىكەن دېسە! تىللا قاش شەھلا كۆزلىرىنى تېخىمۇ چاقنىتىۋېتىپتۇ! قىزنىڭ پېشانىسىدىكى ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان ئۇستىنىڭ قوللىرىغا دەرد تەگمىسۇن، ئىلاھىم!

— پەمىچە، زاتى مۆھتەرەم تەڭدىشى يوق ئالىيەگە ئىشارە قىلىنىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ — سۆز قىستۇردى فەنخەس.

— ئىشارە قىلىپتىمەنمۇ؟ شۇنداق... ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ كىچىك سىڭلىسىنىڭ خىيالىنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان ئاجايىپ پىكىر چۈلغىغانلىقى راست ئەمەسمۇ، ئەزىزىم؟

— ئاشۇنداق قۇتقۇزغۇچى پەزىلەت ساھىبەسىنىڭ مەدھىيىسىگە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ! ئەگەر خوجام خالىسا، بۇ

① گەل — قېتىم، نۆۋەت، مەرتە.



www.uyghurkitap.com

ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلار ئىدىم.

— قېنى ئېيتقىن، ئاڭلايلى.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلگەن ھۆسن ساھىبەسى ئالىيەنىڭ بىرلا نۇقسانى بار بولۇپ، پېشانىسى كەڭ ئىكەن، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ئەي مۆھتەرەم زات! قارىسىڭىز، ئەمىر ۇلمۇسلىمىننىڭ سىڭىللىرىنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ شۇنداق كۆرۈمسىز بولسا...

بۇ بالا تەگكۈر كەڭ پېشانە ئۇ قىزنىڭ ھۆسنىگە داغ چۈشۈرۈپ، ئۇنى ناھايىتىمۇ بەتبەشىرە كۆرسىتىدىكەن! توساتتىن ئالىيەنىڭ كاللىسىغا ئاجايىپ بىر پىكىر كەپتۇ: باشقا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمىنى، ھەممە ئاياللارغا ئوخشاش بېشىغا تاقىماستىن، پېشانىسىگە تاقىسىلا بولمامدىمۇ؟! ئەجەب شۇ كەمگىچە دۇنيادا بىرەر ئايالنىڭمۇ يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان پىكىر - دە، بۇ.

فەزل زوقلىنىش نەزەرىنى قىزدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتى. قىز بولسا توزدەك خۇش قەدەملەر بىلەن ئەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بىرئاز ئېگىشكىنىچە ئەينەكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى پال - پۇل قىلىپ چاقناپ كەتتى.

— مانا بۇ پەرى چېھرىگىمۇ بىر نەزەر تاشلاپ قويۇڭ خوجام! — دېدى قۇلپۇرۇش، — بېرى كەلچۇ، سۇسەننا قوزام! — چاقىردى قۇلپۇرۇش ئەركىلىتىپ تۇرۇپ.

— چېھرىسىگە بىر قاراپ قويۇڭ خوجام! قارىغاندا، پەرداز - مەرداز قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرۈپسەن - دە، مۇغەمبەر؟

ۋەلىئەھدنىڭ ئەتىۋارلىقى بولغان فەزل ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قىزغا قارىدىيۇ، ھەيرەتتىن ياقىسىنى تۇتقىلى تاسلا قالدى. ئارىدىن بىر دەقىقە ئۆتەر - ئۆتمەي قىز ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئەتىر بىلەن ئەرەب يېزىقىدا خەت چىقاردى، بۇ ھالغا ئادەمنىڭ ئەقلى ئۇلاشقۇدەك ئەمەس: ئۇ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ھەرپلەرنىڭ

تەتۇر كۆرۈنۈشكە قارىماستىن خەتنى ناھايىتىمۇ راۋان ۋە دانىمۇ دانە پۈتكەنىدى .

ــ ئاپىرىن ! ــ دېدى فەزل بىرىنچى ۋەلىئەھدكە ئاجايىپ ئېسىل سوۋغا تارتۇق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ــ ئاۋۇ ئۆچىنچى ھۆرلىقا بىزنى نېمە بىلەن خۇرسەن قىلاركىن ؟

تەقدىرنىڭ بوران - چاپقۇنى ئۆزىنى كىملەرگە دۇچار قىلىشنى كىم بىلسۇن ! مۇنداق ئالىي مەرتىۋىلىك خېرىدار يەنە بىر مەرتە نېسىپ بولامدۇ ، يوق ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرگەن ئۈچىنچى قىز ئۇنى قولدىن چىقارماسلىقنىڭ قەستىگە چۈشۈپ ، مېۋە تىزىلغان ۋازىدىن ئەڭ چوڭ ئالمىنى تاللىۋالدى - دە ، پاكار شىرە ئۈستىدىكى سۇرمىدانغا پەلكۈچنى پاتۇرۇپ ، ئالمىنىڭ ھال رەڭ پوستىغا مىسرالار پۈتۈپ ئۇن - تىنسىزلا فەزلگە ئۇزاتتى . فەزل ئۇنى ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇدى :

ئېگىشتى ئاتلىقلار سەللىلىرى پات[1] ،
ئۇيقۇ ئاڭا مۇگدەش جامىنى سۇندى .
ھېچكىمنى كۈتمەسسەن دۇنيادا ، ھەيھات ،
تۇن چۆكتى ، كېتەرمىز ئۇيقۇغا ئەمدى .

ئەبۇ دەھبەل جۇماھىي قەلىمىدىن تامغان بۇ مىسرالارنى فەزل ياخشى بىلەتتى . بالىلىقىدىنلا ياد بولۇپ كەتكەن بۇ مىسرالار ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇپ قالغانىدى .

ــ باشقىلىرىنى كۆرگۈم يوق ! ــ دېدى فەزل .

بۇنداق قۇلاي ئالدى - ساتتىلار ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىش يولىدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر ھازىرلايدۇ . مۇھەممەد ئەمىن ئەيش - ئىشرەتكە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن .

---

① سەللىلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولۇپ ، ئېگىشىپ دېگەن مەنىدە .

شۇنداق ئىكەن، ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىقى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەزمە - ئىشرەتلىرىنى قىزىتماي نېمە قىلىدۇ! فەزل بۇ ئىشلارنى ۋەلىئەھدىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ ھاۋايى - ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان بىر ۋاسىتە دەپ بىلەتتى.

— ئىشىنىمەنكى، قىزلارنىڭ ناخشىچىلىق سەنئىتىمۇ ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى، شېئىر توقۇشتىكى ماھارىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى كەبى لاتاپەتلىكتۇر، — دېدى فەزل ھۇجرىدىن چىقىۋاتقاچ، ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېلىۋاتقان قۇلپۇرۇشقا، — ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسىنى ئالىمەن.

## 14. سودىلىشىش

فەنخەس ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىقى فەزلنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى ۋە چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ دېدى:

— ئۇلتۇرۇڭ، خوجام! كۆرۈشنى خالىسىڭىز قالغان چۆرىلەرنىمۇ نەزەرىڭىزدىن ئۆتكۈزىمەن، گېپىمگە ئىشىنىڭ، ئەڭ سەرخىللىرىنى كۆردىڭىز، ئىمانىم كامىلكى، ئۆزىڭىز چاغلاپ، ئىنساپ بىلەن لايىقىدىراق باھا قويارسىز.

ئۇ خېرىدارنىڭ دىتىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ياخشى بىلەتتى.

— قېنى، سودىنى باشلايلى، ئەزىزىم، ناھايىتىمۇ ئالدىراپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى فەزل ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغاچ، تەۋازۇ بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇلغان شاراب ۋە شەربەتلەرگە تولغان شىرەگە قاراپمۇ قويماستىن، — چۆرىلىرىڭگە قانچىلىك سورايسەن؟

— يا مۆھتەرەم زاتى شەرىف ، بۇ نىجىس ئالتۇن ۋە پۇللار ئۇستىدە پەسلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى ؟ بۇ مۇرلىقالار ئول ئالىي نەسەب ۋەلىئەھد قىسمىتىگە پۇتۇلگەنىكەن ، چۆرىلەر مىنىڭ ئەمەس ، ئۇنىڭكى . ھەممىمىز شاھزادە مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەتلىرىنىڭ سادىق قۇللىرى ، ھەق تۆلەمدۇ - تۆلىمەمدۇ ئىختىيار ئۆزىدە . ساداقەت بىلەن خىزمىتىنى قىلىشقا تەيـ-يارمىز ، — دەپ دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن جاۋاب قىلدى فەنخەس ، — ئەمما لىكىن ، مۆھتەرەم زاتى داناغا ئايانكى ، مۇنچىلىك پۇل دەپ سوراشقا ھەددىم بارمۇ ؟ باھانى خوجامنىڭ ئۆزى ئېيتسۇن . بۇنداق چۆرىلەرنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقى مەندىن كۆرە ئۇنىڭغا ئايان .

— يوقسۇ ، جوھۇتباي ، ئىنان - ئىختىيار سەندە ، ئىنساپ بىلەن ئېيتقىن .

— كەمىنە قۇللىرىنىڭ نىمە ھەددى ! مىنىڭ بۇرچۇم — پەرمانبەردارلىق . ئالىي نەسەب ۋەلىئەھدنىڭ مەن بىچارە قۇلپۇرۇشقا تۆلىگەن ئالتۇنلىرى ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ . ئەڭ مۇھىمى جاننى ئالىدىغان قىزلار . قانچىلىك ساخاۋەت قىلسا ، ئاز - كۆپ دىمەي بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن . ئەمما ئىشەنچىم كامىلكى ، مۇھەممەد ئەمىن ھەرگىزمۇ ئەمىرۇلمۇسلىمىندىن كەم تۆلىمىسە كىرەك .

ئاخىرقى سۆزلەرنىڭ ئورامىدىن فەنخەسنىڭ سۆز ئوينىتىۋاتقانلىقىنى ياكى راست ئېيتىۋاتقىنىنى ئاڭقىرىپ بولمايتتى . لىكىن ، شۇ تاپتا ئويۇن - چاقچاق قىلىش قوپاللىق ، ئەدەپسىزلىك ھىسابلىناتتى . فەزلنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىدى .

— خوش ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن قانچىلىك تۆلەپتۇ ؟ قىنى دىگىنچۇ ؟

— ئەڭ ياخشى چۆرىسى ئۈچۈن يۈز مىڭ دىنار .

قۇلپۇرۇشنىڭ چىرايىغا كىنايىلىك تەبەسسۇم يۈگۈردى . مېھمان ئۇنداق گول ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى ، ئەلۋەتتە ، قۇلپۇرۇشمۇ ھېچنېمىگە قارىمايلا ، سېتىلىدىغان چۆرىلەرنىڭ نەرخىنى ئەرزان دېمەيدۇ — دە . بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتە چۆرىلەر ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس دېگەنلىك بولمامدۇ . فەزلگە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەل قىزلارنى سېتىۋېلىش بۇيرۇلغىنى تۇرغانلا گەپ .

لېكىن ، فەزلگە ئىش ئۆگىتىش ، ئۇنى كولدۇرلىتىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى .

— ئەپسۇسكى ، بۇ ماجىرانىڭ ئاخىرىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن ؟ — دەپ سورىدى فەزل ھەيران بولۇپ ، — ئۇنداقتا ، ساڭا ئېيتىپ بېرەي ، جوھۇتباي ، قۇلاق سال . بۇ ماجىرا ھارۇن رەشىد ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا سادىر بولغانىدى ، تەڭداشسىز ساھىبجامالغا كۆزى چۈشۈپ قالغان ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۈچ يۈزمىڭ دىنار تۆلەشنى بۇيرۇدى . باھاسىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق دېدىڭ . باھا ئەلۋەتتە ناھايىتىمۇ يۇقىرى . بۇنچە كۆپ پۇل بىلەن نەچچە ئونلىغان چۆرىلەرنى سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى . شۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىر يەھيا ئىبنى خالىد ، ئەمىرۇلمۇسلىمىننى بۇ ئىشنى قىلماسلىققا كۆندۈرمەكچى بولدى ، ئەمما ، ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى . ئاخىر بولماي ، ۋەزىر بىر ھىيلىنى ئويلاپ چىقتى . ئالتۇن دىنارلار ئورنىغا خەزىنىدىن كۈمۈش دىرھەملەر ئېلىپ ، بۇ بىر يېرىم مىليون تەڭگىنى خەلىپىنىڭ راۋاقتىكى ئۇخلاش ئۆيىنىڭ ئالدىغا چېچىۋېتىشنى بۇيرۇدى . تاڭ يورۇغاندا ئويغانغان ھارۇن رەشىد تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ھاۋۇز تەرەپكە يول ئالدى . يەرگە چېچىلغان تەڭگىلەرنى دەسسەپ تۆۋەنگە چۈشكەچ ھەيرەت بىلەن : «بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى ؟» دەپ

www.uyghurkitap.com

سوريدى . «يا ئەمىر ۋلمۇسلىمىن ! ــ دەپ جاۋاب بەردى يېنىدا تۇرغان يەھيا ئىبىن خالىد ، ــ بۇ تەڭگىلەر ھېلىقى چۆرىنىڭ قىممىتىگە تۆلىنىدىغان ئاقچىلار . ئۇلارنى تۇن بويى ساناپمۇ ساناپ بولالمىدۇق .» ئۇشۇقىغىچە كەلگەن دىرھەم تەڭگىلەرنى كۆرگەن خەلىپە قويۇلغان باھانىڭ ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ سېتىۋېلىشنى بىكار قىلدى .

فەنخەس بۇ ھېكايىنى مۇغەمبەرلەرچە ھالدا مىت قىلماي ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى .

ــ مۇبادا ، ئالىي نەسەب ۋەلىئەھد ئاتىسىنى دوراپ سېخىيلىق قىلىشنى خالىمىسا ، بەلكىم ، خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئېيتقان باھاچىلىك بولسىمۇ ساخاۋەت قىلار ؟ ــ دەپ سوئال تاشلىدى تەزىم بىلەن قولپۇرۇش . فەزلىنىڭ ئەشەددىي دۇشمىنىگە ئىشارە قىلغان قولپۇرۇش ئۇنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى مۆلچەرلەپ دەل جايىغا تەگكۈزگەنىدى .

ــ جەفەر ئىبىن يەھيا چۆرىگە قانچە ئاقچا تۆلەپتۇ ؟ ــ دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى ۋەلىئەھدنىڭ ئەتىۋارلىقى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان بولسىمۇ ، لېكىن چىرايى ناھايىتىمۇ خاتىرجەم ئىدى .

ــ قىرىق مىڭ دىنار ، كەرەملىك خوجام ، كەمىنىنىڭ ئاجىز پىكرىچە ، خەلىپىنىڭ بىرىنچى ۋەلىئەھدى بۇنىڭدىن كەم تۆلەشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىسە كېرەك ، مەيلى ، ئۇ مۇبارەك زات قانچىلىك تۆلىمىسۇن ، قىزلار تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ سارىيىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ .

بۇ تەرىزدە سودىلىشىشتىن فەزل بىرئاز نارازى بولدى . خۇددى مۇھەممەد ئەمىن پۇلنى ئاياۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان . بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇپ بولمايدۇ . خەسىسلىك بىلەن شۆھرەت تېپىش مۇشكۇل ئىش . سېخىيلىق نامىڭ ئورنىغا تۇرلۇك ـ تۈمەن مىش ـ مىشلار پەيدا

بولىدۇ . ئېتىبار قازانماقنى ، ئۆزۈڭ ھەققىڭدە كىشىلەرنىڭ زوق - شوق بىلەن سۆزلەشلىرىنى ئىستەيدىكەنسەن ، سېخىيلىقنى قولدىن بەرمەسلىكىڭ ، ھەتتا ئىسراپچىلىق قىلىشىڭ كېرەك .

باغداد سارىيىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان فەنخەس دەرھال جەفەر ئىبن يەھيانىڭ نامىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، شۇنى باھانە قىلىپلا مېھماننىڭ زىتىغا تەگكەنىدى . ئۇ رەقىبلەرنى غىژ - غىژغا سېلىپ ھەميانىنى چوڭراق ئاچقۇزماقچى ئىدى . بۇ ئاجايىپ تەدبىر ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى .

— قارىشىمچە ، دۆلەتپاناھىمنىڭ — ئاللا ئۇنى ھەر ۋاقىت ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي — چۆرىلىرى ۋەزىرنىڭكىدىن يۈز ھەسسە گۈزەلرەك ، — دېدى فەزل مۇھەممەد ئەمىننىڭ نام - شۆھرىتى ۋە شانۇشەۋكىتى قانچە ئاشسا ، ئۆزىنىڭمۇ خۇسۇسىي ھۆزۇر - ھالاۋىتى شۇنچە ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، — بولىدۇ ، جوھۇتباي ، دېگىنىڭچە بولسۇن ، يۈزمىڭ ئۇنچە چوڭ پۇل ئەمەسقۇ .

— يا مەرھەمەتلىك خوجام ! — دېدى فەنخەس ۋۇجۇدىنى قاپلىغان خۇشاللىقنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ ، — ئول جانابىي ۋەلىئەھدىنىڭ سېخىيلىقىغا ئىمانىم كامىل . ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ۋە پەرمانبەردار پۇقرالىرىدىن مۇرۇۋۋەتنى ئايىمىغاي .

— ھېلىمۇ خۇداغا شۇكۇر قىل ، جوھۇتباي ! — دەپ گەپنى كەستى فەزل ئورنىدىن قوزغىلىپ ، ئۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن بىرگە كەلگەن ئات باقار ئارغىماقنى ئېگەرلەشكە ماڭدى .

— تېزلىك بىلەن چۆرىلەرنى سارايغا ماڭدۇر ، بىر يولىلا ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ئادەم ئەۋەت .

— ئەمرىڭىز ۋاجىپ، ئەي خوجام، ئۈنچە ئالدىراپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئالتۇنلار قېچىپ كەتمەيدۇغۇ، — دېدى فەنخەس ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئىچىدىكى خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سەللىسىنى پېشانىسىگىچە چۈشۈرۈپ.

## 15. قاماققا ئېلىنمىدى

دار ئەر - رەقىنىنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى ئەمدىلا ئېچىلىۋىدى، فەزلىنىڭ قۇلىقىغا سىرتتىكى غەلۋە - غوۋغا، ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلاندى. توپلىشىپ تۇرغان لەشكەرلەرگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ناھايىتىمۇ غەلىتە ئىدى. ئۈچىسىدا خۇددى نىقابلىنىش ئۈچۈن كىيىۋالغاندەك تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن يېپىنچا، باشلىرىدا بولسا دۇبۇلغا ئۈستىگە ئورالغان تىك سەللە بار ئىدى. ئەجەب ئىش، پەقەت خەلىپە ئەبۇ جەفەر مەنسۇر زامانىسىدىلا لەشكەرلەر مۇشۇنداق كىيىنىپ يۈرۈشەتتى. توۋا، بۇ نېمە گەپتۇر؟

توساتتىن كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئىشىتىلگەن داد - پەرياد ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلغۇزدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! سىلەرگە زادى نېمە كېرەك؟ مەن فەزل ئىبن رابىيەنىڭ ئادىمىمەن!

ئۆز نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋەلىئەھدىنىڭ يېقىنى فەزل بىر ئاز سەگەكلەشتى - دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا يېرىپ كىردى. مەھرەملىرىمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. شاھانە كىيىنگەن بۇ



www.uyghurkitap.com

ئادەمنى كۆرگەن لەشكەرلەر ئارقىغا چېكىنىدى . پۇت ـ قوللىرى باغلانغان هالدا يەردە تېپچەكلەپ ياتقان كىشىنى ئىككى لەشكەر مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى . يەردە تېپچەكلەۋاتقان ئەبۇل ئەتەخىيە ئىدى . «ساراي شائىرى ؟ ! ۋاي خۇدايىم ، بۇ ئوخشىمىمۇ ، چۈشۈمىمۇ ، نېمە ئىش بۇ ؟» ھەيران بولدى فەزل . كاللىسىنى چىرمىغان بۇ سوئاللارغا بىر-بىرىدىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشىشنى ئويلىغان فەزل ئۇيان ـ بۇيانغا كۆز يۈگۈرتتى . بىردىنلا نېرىراقتا تۇرۇپ ، تۇتۇۋېلىنغان ئادەمنى تېخىمۇ مەھكەمرەك باغلاپ ، «تېزرەك ئېلىپ مېڭىڭلار» دەپ ۋارقىراۋاتقان پەرەنجىلىك ئايالنى كۆرۈپ قالدى . ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان ئايال دەرهال يۈزلىرىنى شايى پەردە بىلەن ئورىۋالدى .

ئەبۇل ئەتەخىيە بولسا ، «مەن فەزل رابىيەنىڭ ئادىمى» دەپ توۋلىغىنىچە پەرياد كۆتۈرەتتى .

— فەزل ، فەزل ، دەپ توۋلاۋېرىپ ئەجەب جانغا تەگدىغۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان لەشكەر ، — ئۆپكەڭنى بېسىپ تۇر ، خەلىپىنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىسەن !

فەزل يەرگە قارىشى هامان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئەبۇل ئەتەخىيە ياردەم سوراپ تەلمۈرەتتى .

شائىرنىڭ ئاغزىدىن پاش قىلىدىغان سىر بارلىقىنى پەملىگەن فەزل ئارىغا چۈشتى .

— بۇ ئادەمنى دەرهال بوشىتىۋېتىڭلار ! ئۇنى تۇتۇشنى كىم بۇيرۇدى ؟

— ئەمىرۇلمۇئمىنىن ! — دېدى ئاۋازى خىرىلداپ چىقىدىغان لەشكەر ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويماستىن ئارقاننى تېخىمۇ چىڭراق تارتىپ تۇرۇپ .

— پەرمان قېنى ؟ قايسى قانۇن ـ قائىدىگە تايىنىپ ئۇنى

تۇتىسىلەر ؟

— بىز ئەمىر ۋەلمۇسلىمىنىنىڭ خاس قوغدىغۇچىلى-رى ! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈلگەن فەزل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قەددى - قامىتى ناھايىتىمۇ يوغان ، كۆچتۇڭگۇر ، دارازا ئارىپنى① كۆردى .

— بۇنداق ئادەملەر باغدادتا ناھايىتىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ . بۇ ئەبلەخنى تۇتۇپ قاماش بۇيرۇلغان ! — دېدى ئارىپ ئۈنلۈك خىرقىراق ئاۋازدا .

— ئالدامچىلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ۋەلىئەھدىنىڭ يې-قىنى ، — ھارۇن رەشىدنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ دولىسىدا دۆلەت بەلگىسى بار ئىدى ، سىلەردە بۇ بەلگە يوق !

ئارىپ خۇددى نەرە تارتىۋاتقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلدى - دە ، مۇرىسى بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ يېپىنچىسىنى چۇشۇردى . مەيدىسىگە تىكىلگەن شۇ قۇرلار كۆزگە تاشلاندى .

مەيلى ، قانخور ياۋغا قاقشاش بولسۇن يار ،
يالغۇز ئۆزۈڭ ، ئاللا ، بۇندا مەدەتكار .

ئارىپ قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى ، كۈن نۇرى ئۇنىڭ بېلىگە ئېسىلغان ئۇزۇنچاق شەمشىرىگە چۈشۈپ يالتىراپ كەتتى .

بۇنداق ئىشلاردا پىشىپ كەتكەن ۋەلىئەھدىنىڭ يېقىنى كۆلكىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى . قورقۇنچلۇق بۇ مىسرالار خەلىپە ئەبۇ جەفەر مەنسۇر زامانىدا ئادەت بولغانىدى . ئۇزۇنچاق شەمشەر تاقاشنىمۇ ئەبۇ مەنسۇر ۋارىسلىرىدىن ئايرىملىرى بۇ خىل كىيىنىش بىلەن بىرگە لەشكەرلەر ئۈچۈن ساقلاپ قېلىشقانىدى .

---

① ئارىپ — خەلىپە قوشۇنىدىكى يۈز بېشىنى كۆرسىتىدۇ .

— هالىڭغا ۋاي سەنلەرنىڭ، ئەلمىساقتىن قالغان بۇ رۇدۇپاي ياراغلارنى قايسى گۆردىن ئېلىپ كېلىشتىڭ؟ — دەپ دەبدەبە بىلەن ۋارقىرىدى فەزل، — ياخشىسى، سەنلەر ماڭا هازىرقى خەلىپىنىڭ ئىسمى شەرىپىنى كۆرسەت!

ئارىپ ئۇندىمەستىن ئۇچىسىدىكى يېپىنچىسىنى يەشتى. مۇرىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا زەر يىپچىلار بىلەن تىكىلگەن، «ئەمىرۇلمۇسلىمىن هارۇن رەشىد» دېگەن پۇتۇك تۇراتتى. ئارىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تېخىچە جان - جەهلى بىلەن تېپىچەكلەۋاتقان ئەبۇل ئەتەخىيە بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان لەشكەرلەرگە قاراپ:

— ئۇنى يەنىمۇ چىڭراق باغلاڭلار، ئازراق قىمىرلاشقىمۇ هالى قالمىسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

فەزلنىڭ خاس مەهرەملىرى ساراي شائىرىنى قۇتقۇزۇشقا تەييار بولۇپ ئۇنىڭ ئىشارىسىنى كۇتۇۋاتاتتى. ئەمما، ۋەلىئەهدنىڭ ئەتىۋارلىقى فەزل ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئاۋازىدىكى قەتئىيلىكمۇ پەسىيىپ قالغانىدى.

— بۇ ئۆلگۈر فەزل ئىبن رابىيەنىڭ ئادىمىمەن دەپ ۋارقىراپ، بىزنى ئىشەندۇرۇشكە ئۆلۈپ - تىرىلىۋاتىدۇ. هوي، ئەزىزلەر، ئاراڭلاردا كىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ — دەپ توۋلىدى ئارىپ قوپاللىق بىلەن، — ئادەمنى كولدۇرلىتىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنى تۇتۇش هەققىدە پەرمان بار.

— مەن كاپالەت بېرىمەن! — دېدى دەرهال قەتئىي تەرىزدە فەزل، — بۇ كىشى فەزل ئىبن رابىيەنىڭ خاس مەهرەملىرىدىن. ئۇنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن!

ئارىپ هودۇقۇپ قالدى، بىرەرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ئەمىرانە تەرىزدە پەرمان قىلالايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. «كىم بىلىدۇ، بۇ كىشى بىرەر ئەمىر - پەمىر بولۇپ

قالمىسۇن يەنە» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئارىپ نېمىلەرنىدۇر ئەسلىگەندەك بولۇپ دەرھال ھوشىنى يىغدى ــ دە، نېرىراقتا تۇرغان پەرەنجىلىك ئايالغا قارىدى. ئايالنىڭ ئاللىقاچان غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ ئويلاپ قالدى: «بۇ كىشىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئېلىپ قاچقىنىغا قارىغاندا، ئۇ راستتىنلا بىرەر ئەمىر بولسا كېرەك! ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغان ياخشى...»

ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىقى فەزلىنى ئۇزاتقىلى چىققان فەنخەس كوچىدا بولۇۋاتقان بۇ غەلۋە ــ غوۋغالارنى كۆرۈپ ئۇندىمەستىن قاراپ تۇردى، پەقەت ئەبۇل ئەتەخىيەنى ئۆزىنىڭ قورۇسى ئالدىدا قولغا ئالغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىنى ئازراق غەش قىلدى، ئەگەر بىرئاز نېرىراقتا بولغان بولسىغۇ، باش ــ كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى دەپ ئەسلا كارى بولماس ئىدى. ئۇ ھەتتا ئارىغا چۈشمەكچىمۇ بولدى، ھايتلا دېسە قانچىلىغان خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ پەرمانىغا تەييار. بىر ئىما قىلىپ «ھە» دېسىلا كۇپايە. لېكىن، بۇ شائىر قانداق قىلىپ خەلىپىنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ قالغاندۇر؟ بولدى، قوي، ئۇنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىنى بالاغا تىقىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە؟... پايدىسىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىگە ئەمەل قىلماق كېرەك... مۇبادا ئەبۇل ئەتەخىيە قاماقتا ئېلىنىپ قالسا، پايدىنىڭ يېرىمىمۇ ئۆزىگە قالىدۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى ــ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەييانىنىڭ ئېيتقىنىدەك، خەتىبە ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن سەييىدەنىڭ پەرمانىمۇ بېجىرىلگەن بولىدۇ. پايدا ئۈستىگە پايدا دېگەن گەپ! زىخمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدۇ. مانا مەن دەپ ئۆزى كېلىۋاتقان نەق پايدىنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ئەخمەقلىق ــ دە، قولپۇرۇش ئۆز ــ ئۆزىدىن رازى بولۇپ، مەمنۇن ھالدا دىماغ قىرىپ قويدى.

ئۇ تەرەپتە بولسا فەزل ئارىپنى قورقۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەۋاتاتتى .

— سېنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ھەققىڭ يوق ! — دەپ جار سالاتتى ئۇ ئارقان بىلەن مەھكەم باغلانغان شائىرغا ئىشارە قىلىپ ، — ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ؟ ئەمىر ۋلمۇسلىمىن ھۇزۇرىدا جاۋاب بېرىسەن !

— خوش ، سەن ئۆزۈڭ كىم ، ماڭا مۇنچە ھۆركىرەيدىغان ؟ — دەپ ۋارقىرىدى دەرغەزەپ بولغان ئارىپ ، — مەن سېنى بىلمەيمەن ، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن ، يولۇڭغا ماڭ !

خوجايىنىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە چىداپ تۇرالمىغان فەزلىنىڭ مەھرەملىرى قىلىچلىرىغا قول سوزدى ، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ ، تىللىشىشلار ، دوق - پوپۇزا قىلىشلار ئاڭلاندى . ئارىپنىڭ لەشكەرلىرى يېپىنچىلىرى ئاستىدىن جەڭگىۋار شەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغاردى ، قورقۇپ پۇت - قولىدا جان قالمىغان قۇلپۇرۇش ئۆزىنى ئىچكىرىگە ئاتتى .

— شەمشەرلەر قىنىغا سېلىنسۇن ! بۇ فەزل ئىبن رابىيەنىڭ ئەمرى ! — دەپ غەزەپلىك ۋارقىرىدى فەزل ۋە لەشكەرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ساراسىمىلىكنى كۆرۈپ ، شائىرنى تۇتۇپ تۇرغان نۆكەرلەرگە قاراپ ئەمر قىلدى ، — ئەسىرنى دەرھال ئازاد قىل ! ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئۆز زىممەمگە ئالىمەن ! ئاڭلاۋاتامسىلەر - يوق ؟ ناۋادا ساراي شائىرى ئەبۇل ئەتەخىيە بىرەرسىگە كېرەك بولۇپ قالسا ، ئۇنى مەندىن سورىسۇن !

بۇنداق غوۋغالارنى كۆپ كۆرۈپ پىششىپ قالغان ئارىپ ۋەزىيەتنى دەرھال پەملەپ :

— شەمشەرلەر قىنىغا سېلىنسۇن ! — دەپ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بەردى ، ئاندىن فەزل تەرەپكە ئۆرۈلۈپ :

— خوجام ، بۇ ئادەمنى قولغا ئېلىش ھەققىدە پەرمان بار ،

ئۇنى قويۇپ بەرسەك، مەن نېمىدەپ جاۋاب قىلىمەن؟

— شائىر فەزل ئىبن رابىيە ھۇزۇرىدا دېگىن!

— ئاشۇ كىشى شۇ، بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى! — دەپ بىر - بىرى بىلەن شىۋىرلاشقىلى تۇردى لەشكەرلەر، — ئۇنى تونۇدۇم! شۇ كىشىنىڭ دەل ئۆزى.

— ئەي خوجام، نېمىشقا كىم ئىكەنلىكىڭىزنى باشتىلا ئېيتمايسەن؟ ئەمىر - پەرمانىڭغا دەرھال ئىتائەت قىلماسىمىدىم، — دېدى ئارىپ بوششىپ، — ھەي، مەھمۇد، تۇتقۇننى بوشات!

كەڭ مۇرىلىك لەشكەر ئارقاننى يەشتى. ئەبۇل ئەتەخىيە ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يالاڭئاش، كىر - قاسماق ھالىتىدە فەزلنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، جۇببەسىنىڭ[1] ئېتەكلىرىگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى. ۋەلىئەھدىنىڭ يېقىنى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان شائىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— بۇ نېمە ئىش ئۆزى، شائىر؟ شۇنداق تەقۋادار ئادەم تۇرۇپ قانداقلارچە بۇنداق شەرمەندە ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا ھېلىقى پەرەنجىلىك ئايالغا چىقىلماقچى بولدۇڭمۇ يە؟ — دېدى فەزل گەپنى بۇراپ.

— كېيىنچە ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى شائىر.

## 16. چەۋگان ئويناش

سارايغا قايتقان ئەبباسە سىرى پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، پەقەت ئەبۇل ئەتەخىيەنى كۆزدىن يوقاتسىلا خەتەردىن

---

① جۇببە — ئەرەب ئەرلىرى كىيىدىغان، ئۇزۇن كۆڭلەك شەكلىدە تىكىلگەن كىيىم.

قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى . قەيسەر تەبىئەتلىك ئەبباسە دەرھال قەدىمىي لىباسلارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . ساراي قوغدىغۇچىلىرىغا قەدىمىي لەشكەرلەرنىڭ لىباسىنى كىيگۈزۈپ ، ئارىپنى باش قىلىپ دار ئەر ـ رەقىققە ماڭدۇردى . يەنە لەشكەرلەر يېڭىلىشىپ باشقا بىرىنى تۇتۇپ كەلمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ، شائىرنى ئۇلارغا ئېنىق تونۇپ بېرىشى ئۈچۈن خەتىبەنى قوشۇپ قويغانىدى .

پىلانى بەربات بولغانلىقىنى ئۇققان ئەبباسە بېشىنى چاڭگاللاپ :

ـــ ئەي ئاللا ! بىز خاراب بولدۇق ! ـــ دەپ ئاھ ئۇردى .

ـــ بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ۋەزىرگە يەتكۈزۈش زۆرۈر ، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى خەتىبە . ئۇ سارايغا قايتىپ كەلگۈچە بۇ مۇشكۇلاتنى قانداق ئاسان قىلىشنىڭ ئىلاجىنى ، چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئويلاپ كەلگەنىدى .

ـــ ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاجمىز . ۋەزىر دەرھال كېلىشى كېرەك ، سەييىدە ، ئېيتىڭا ، ئۇ ھازىر قەيەردە ؟

ـــ ئەبەدىيەت قەسرى ئالدىدىكى مەيداندا ، ئاكام بىلەن بىللە ، بۈگۈن مۇسابىقە كۈنى ، چەۋگان ئويناپدۇ .

ـــ مەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن .

ـــ بىلگىنىڭنى قىل ! ماڭا بەرىبىر ، ئەمدى بىزگە نىجادلىق يولى يوق ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئەبباسە ئۈمىدسىزلىك بىلەن .

ـــ ئاللا بىزدىن ئۆز لۇتپۇ كەرەمىنى ئايىماس ئىلاھىم ! ۋەزىر چوقۇم ئامالىنى قىلىدۇ ، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل ، ـــ دەپ ئەبباسەنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتى كۆيۈپ ـ پىشىپ ھالى قالمىغان خەتىبە ، ـــ ماقۇل ئەمىسە ، مەن كەتتىم .

ـــ سەل تەخىر قىل ، ـــ دەپ ئۇنى توختاتتى ئەبباسە ، ـــ ۋەزىرگە خەت پۈتۈپ بېرەي ، ـــ ئۇ سىياھداننى ئالدىغا سۈرۈپ ، يۇپقا ، نەپىس قەغەزگە خەت پۈتتى : «بىكار

بولغان هامان تېزدىن يېتىپ كېلىڭ! مېنى ئالۋاستىلار چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇڭ!»

خەتىبە ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇچىسىغا يېپىنچىسىنى تاشلىدى، بېشىغا خۇراسان چاپارمەنلىرىنىڭكىگە ئوخشىتىپ ياغلىقنى يۆگىمە قىلىپ چىگىۋالدى. بۇ كىيىمى بىلەن ۋەزىر ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالالايتتى. مەكتۇپنى كۆكرىكىگە يوشۇردى. ئەرەب ئارغىمىقى ئۇنى چەۋگان مەيدانى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. چەۋگان ئوينىلىدىغان يەر چوڭ مەيدان بولۇپ توغرا ئايلانما شەكىلدە ئىدى. مەيداننىڭ ئەتراپى يەرگە بېكىتىلگەن خادىلارغا تارتىلغان ئىككى قاتار يوغان ئارقان بىلەن ئورالغانىدى. تاماشا كۆرۈشكە يىغىلغان كىشىلەر توپىنى لەشكەرلەر ئارقىغا ياندۇرۇۋاتاتتى.

كۈن قىيام بولغان ۋاقىتتا قارا ئاتتا ھارۇن رەشىد چىقىپ كەلدى. بېشىدا چەۋگانبازلىقتا ئورىلىدىغان مەخسۇس نەپىس سەللە، قولىدا يايسىمان ئۇچىغا زەر قاپلانغان بامبۇك كالتەك بار ئىدى، ئەمىرلەر، سەردارلار، ۋەزىرلەر ۋە باشقا بىر توپ ئاتلىق ساراي ئەمەلدارلىرى خەلىپىنىڭ ئەتراپىدا تىزىلىشىپ تۇراتتى. ئاتلىقلارنىڭ قوللىرىدىمۇ بامبۇك كالتەكلەر بار ئىدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئاتلىقلار مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سەۋر ـ تاقىتى قالماي ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم ئاتلىقلار ئارغىماقلىرىنى پۇشقۇرتۇپ ئوينىتاتتى ۋە يەنە تىزگىنىنى تارتىپ قويۇشاتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان چەۋگان تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايلانمىسى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ سىرتقى پەيلىرىگە ئالاھىدە ئىش قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان چەم بىلەن سىيرىپ تارتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قاپلانغان قېلىن تېرە مەھكەم بولسۇن ئۈچۈن كامان يىپلىرى بىلەن پۇختا قىلىپ سىيرىپ تىكىلگەنىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هارۇن رەشىد بامبۇك كالتىكنى ئويىنىتىپ ، نەرە تارتقان كەبى تۇۋلىغىنىچە ئالدىغا تاشلاندى ـ دە ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چەۋگاننى كۈچ بىلەن ئۇرۇپ ھاۋاغا ئۆرلىتىۋەتتى . چەۋگان يۇقىرىغا ئۇچۇپ كەتتى . ئويۇنچىلار ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . بامبۇك كالتەكلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى . چەۋگاننى قارشى تەرەپكە تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزى تەرەپكە تارتىۋېلىش كېرەك ئىدى . ئەمما بۇ خەلىپىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر قىسىم ئاتلىقلار ئەتەي خاتا ئۇرۇپ ، چەۋگاننى خەلىپىگە ئىتتىرىپ بېرىشەتتى . بەزىلىرى بولسا ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىغا مەست بولۇپ مەيداندا شىردەك ئېلىشاتتى . بامبۇك كالتىكنى ماھىرلىق بىلەن تۇتقان ھارۇن رەشىد چەۋگاننى چاققانلىق بىلەن سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئاتلىق قويۇندەك تېزلىكتە ئېتىلىپ چىقىپ يولىنى توستى . بۇ بېلىنى شايى بەلۋاغ بىلەن مەھكەم باغلىغان ، قولىدا زەر قاپلانمىغان ئاددىي بامبۇك كالتىكى تۇتقان جەفەر ئىبن يەھيا ئىدى . ئۇ تورۇق ئارغىماقنى ئويىنىتىپ ، ئارىنى خاتا ھېسابلاپ قويغىلى تاسلا قېلىپ ، ئاخىرقى دەقىقىدىلا ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى .

— ياق ! ئالالمايسەن ! — دەپ نەرە تارتقىنىچە ھارۇن رەشىد چەۋگاننى باشقا تەرەپكە ئېلىپ كەتتى .

لېكىن ئۇ جەفەر ئىبن يەھيادىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . ۋەزىر ئارغىماقنى نىقتىدى ، سوزۇلۇپ ، چەۋگاننى ئېلىۋالدى ـ دە ، ئارقىسىغا ئاتتى ، ئارغىماقنىڭ تۇياقلىرىدىن توزۇغان چاڭ ـ توزان ئەتراپنى قاپلىدى ، پۇشقۇرىغان ئاتلارنىڭ كۆپكەن بويۇنلىرىدىن چىققان تەر يايلىدىن كۆكرىكىگە ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى .

بۈگۈنكى ئويۇن ۋەزىرگە ناھايىتىمۇ مۇشەققەتلىك

تۇيۇلدى . ئالدىنقى كۈنى تۈن بويى كىرپىك قاقمىدى . ھەر قېتىمقىدەك بىلەكلىرىدە شىددەت ، شىجائەت ۋە قۇۋۋەت سېزىلمىدى . كۆزلىرى يۇمۇلۇش ھامان كۆز ئۆڭىدە رىشاش ، بالىلار ، گاھ تارتىنچاق ، گاھ بىئارام كۆرۈنىدىغان ئەبباسەنىڭ مەيۈس چىرايى گەۋدىلىنەتتى . ئۇنىڭ ئۆزىگە رەقىبلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ، زەھەرخەندىلەرچە قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلىرىگە بىر ئاز كۆنۈپمۇ قالدى . ئەمما ، ئەبباسە كۆنەلمىدى . ھەرگىز كۆنەلمىسە كېرەك . ئاياللار زاتى شۇنداق يارىتىلغان ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىگىلى بولاتتىمۇ ؟

جەفەر ئىبن يەھيا خەلىپىنىڭ قوللىشىغا تايىنىۋاتىدۇ . بىراق ، بۇ قانچىلىك داۋام قىلار ؟ شۇنداق ، ئۇ ھازىر ئەتىۋارلىق ئەرباب ، ئۇنىڭ قولىغا ئاز بولمىغان خەزىنە ، دەپىنە ـ دۇنيا توپلاندى . سارايلار ، باغۋارانلار ، يەر ـ سۇ ، مال ـ مۈلۈك دېگەن بىھېساب ، كۆپەيگەنچە كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ . بۇ ئىشلارغا چەك قويۇش پەيتى كېلىپ قالمىغاندۇرمۇ ؟ بۇنىڭ ئاخىرى ئاھ ئۇرۇش بولۇپ چىقارمۇ ؟ لېكىن ، ھازىر بۇنداق تەشۋىشلىنىشكە تېخى بالدۇر ، ئەسلىدىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ ئوشۇقى ھامان ئالچۇ ، بىرەر كىشى ئۇنىڭ مۇشۇكىنى پەش دېيەلمەيدۇ . ئۇ كۈندۈزدە ياكى كېچىنىڭ خالىغان ۋاقتىدا ئەبەدىيەت قەسىرگە ئىجازەتسىز كىرەلەيدۇ . خەزىنىلەر ، ھەتتا ھەرەملەرنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاتىسى يەھيا ئىبن خالىدنىڭ قولىدا . بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئەمەسقۇ ، ئاخىر ! نېمىلا بولمىسۇن ، گەرچە ساختا بولسىمۇ نىكاھنامىگە ئىمزا چېكىلگەنغۇ ، ئاخىر ! ياق ، تەشۋىشلىنىشكە ، ئەندىشە قىلىشقا ھازىرچە ھېچقانداق سەۋەب يوق .

جەفەر ئىبن يەھيا كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇنداق خاۋاتىرلىك ئويلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتتى . ھارۇن رەشىد تەرەپتىكىلەر چەۋگاننى قولغا كىرگۈزۈپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى .

## 17 . ئەبباسەنىڭ سارىيىدا

خەتىبە ۋەزىرگە يېقىنلىشىشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى تاپالمىدى ، جەفەر مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوينىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، يوغان ئارقان توسۇقلاردىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى . توساتتىن خەتىبە قېرى خىزمەتكارنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ ئەبباسەنىڭ سارىيىغا پات - پات كېلىپ تۇراتتى ، بىرنەچچە قېتىم خەتىبەنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بېجىرگەنىدى .

— خامدان ! — دەپ چاقىردى خەتىبە . ئۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان كىشى ئىدى . خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسا ۋەزىرگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى ، — خامدان !

— ھە ، مانا ! — دېدى ئۇ كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقاچ . خەتىبەنىڭ باشقىچىرەك كىيىنگىنىگە كۆزى چۈشكەن خىزمەتكار ئۇنىڭ مەخپىي ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندى .

خامدان ئەللىك يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بەرمەكىيلەر خانىدانىغا — دەسلەپ يەھيا ئىبىن خالىدقا ، كېيىن ئوغلى جەفەر ئىبىن يەھياغا بەجانىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي ، يەنىلا كۈچلۈك ھەم پۇت - قولى چاققان ئىدى . خوجايىنلىرى ئۇنىڭغا قۇل ئورنىدا ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قەدىردانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلاتتى . بۇنداق قەدىر - قىممەتتىن كۆڭلى قانائەت تاپقان خامدانمۇ خوجايىنلىرىنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيتتى . ئۇ پارس دىيارىدىن بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يۇرتلىرىنى ئېنىق ئەسلىيەلمىسىمۇ ، ئۆزىنى خوراسان ئېلىنىڭ پەرزەنتى دەپ بىلەتتى . ئۇ گۆدەك چېغىدىلا باغدادقا كېلىپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى ھېچياققا چىقىپ باقمىغانىدى.

— نېمە ئىش بولدى، قىزىم؟ بىزگە بىرەر خىيىمخەتەر كەلمىگەندۇر؟ — قېرى خىزمەتكارنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— تەقدىرىمىز يېگانە ئاللانىڭ ئىلكىدە، خامدان، سېنى ئۇچراتقىنىم بەك ياخشى بولدى! ئاخىر، سەن مېنىڭ بىر تۇغقان تاغامدىنمۇ ئارتۇقراقتۇ! — دېدى خەتىبە خۇشال بولۇپ، جىددىيلەشكەندىن بىرەرى كۆزىتىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانسىراپ ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، شىۋىرلاپ قوشۇپ قويدى، — سەييىدەنىڭ نامەسى بار، تېزدىن ۋەزىرگە يەتكۈزۈش كېرەك!

— قېنى مەن ئۇرۇنۇپ باقاي، قىزىم، بىر ئامال بولۇپ قالار. ئويۇنمۇ تۈگەي دەپ قالدى، ئويۇننىڭمۇ ھېچ مەززىسى يوق، چەۋگاننى قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. بۈگۈن ئەجەبمۇ نەس كۈن بولدىغۇ، — دېدى ئۇ نامەنى ئېلىپ ئەباسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى.

ئەبباسەنىڭ سارىيىدىكى ئىنتىزارلىق ئۇزاققا سوزۇلدى. جەفەر ھاياللاپ قالغانىدى. مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ئۆزلىرىنى قويغىلى جاي تاپالماي قېلىشۋاتاتتى. سارايىنىڭ بالىخانىلىق ئايۋىنىدىن ئىككىسى بولۇپ بىرى كەڭرەك ئىدى. ئۇ دەجلە تەرەپكە قارىغان بولغاچقا، دەريانىڭ بۇرۇلۇشىدا ھاسىل بولغان ئاجايىپ مەنزىرە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سارايىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى ئايۋىنى كىچىكرەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يېقىن ئارىدىكى زۇبەيدە سارىيى، نېرىراقتىكى دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئەبەدىيەت قەسرىگە ئېلىپ بارىدىغان تەپتەكشى يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادەتتە ۋەزىر مانا شۇ يولدىن كېلەتتى. شۇڭا ئاياللار يات كۆزلەردىن خالىي دەپ، قويۇق دەرەخ شاخلىرى بىلەن پۈركەنگەن ئەنە شۇ ئايۋاندا كۈتۈشنى قارار قىلىشتى.

ئاپتاپ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئۇپۇقتا تۇتىشىپ كەتكەن يولغا تىكىلىپ قاراش كۆزنى تالدۇردى . ئىنتىـــزار بولۇپ كۈتۈشتىن قىيىن ئىش يوق دۇنيادا ، نېمە قىلارىڭنى بىلمەي تىت ـ تىت بولۇپ كۈتۈشنىڭ ئېغىرلىقىنى دېمەمدىغان ! . . .
يىراقتىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆزگە تاشلاندى .
ـــ شۇ ، دەل ئۆزى !
ـــ ئەجەبا ؟ !
ـــ قارىغىن ، خەتىبە !
ـــ نېمىشقا ئاتلىق كەلمىگەندۇر ؟ !
ـــ ئانچە ئالدىراتمىغان چېغى .
ـــ ئېزىتقۇ ئەمەستۇر ؟ !
يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە كۆرۈنگەن كىشى باشقا تەرەپكە قايرىلىپ كەتتى .
زۇبەيدە قەسرىنىڭ تېمىغا مۇنارنىڭ سايىسى چۈشتى . مەزىننىڭ ئەزان ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئادەتتە ، ئەبباسە كۈگۈم ۋاقتىنى ياخشى كۆرەتتى . بۇنداق دەملەردە ئۇنىـــڭ قەلبىدە ئاجايىپ كېچىنمىلەر جۇش ئۇرۇپ ، دىلىــدا نازۇك تۇيغۇلارنى قوزغاپ ، ۋۇجۇدىنى خاتىرجەملىك چۇلغىۋالاتتى . ئەمما ، مەزىننىڭ بۈگۈنكى ئەزان توۋلــــغان ئاۋازى گويا بىردەمدىن كېيىنلا تۈن زۇلمىتى تەپتەكشى يولنى ئۆز قەرىگە يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئەسلىتىۋاتقاندەك ، يۈرىكــــگە تەشۋىش سېلىپ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى . خەتىبەدە بولسا مەزىننىڭ ئاۋازى تامامەن باشقىچە پىكىر ۋە تۇيغۇلار ئويغاتتى .
ـــ سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز ، سەييىدەم ؟ ـــ دېدى ئۇ مەلىكىگە قاراپ ، ـــ ۋەزىر كەچ كىرىشنى ساقلاپ تۇرغان بولسىچۇ ؟ ! بۇنىڭدا ئايىغاقچىلارنىڭ كۆزىگىـــمۇ ئازراق چېلىقىدۇ ـ دە . . .
ـــ سەن بىرەرىدىن گۇمانلىنىۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟ ـــ

سورىدى ئەبباسە تەشۋىشلىنىپ .

— بىرەرىدىن ئەمەس ، ھەممىسىدىن ، سەييىدەم ، بولۇپمۇ ھارۇن رەشىدتىن .

— بىلىپ سۆزلەۋاتامسەن يە ؟ مېنىڭ ئاكام قاچاندىن بېرى ۋەزىرنىڭ ئارقىسىدىن پايلايدىغان بولۇپ قاپتۇ ؟ مەن بۇنى ئەجەب سەزمەپتىمەنغۇ ؟ ! بىلىشىمچە ، بەرمەكىيلەر ئۈچۈن ھەممە دەرۋازىلار ئوچۇق . لېكىن ، مەن جەفەرنى ھېلىقى ئادەم ئەمەس ، ئىپلاس كوزىچى ، قارا نىيەت قەغەز بويىغۇچى سەۋەبىدىن ھايال بولۇپ قالدىمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن . ئاھ خۇدا ، ناۋادا شۇ دەقىقىدە ئۇنى . . . — دېدى گېپى بوغۇزىدا قالغان ئەبباسە قورۇپ كەتكەن گېلىنى ئاران قىرىپ .

— كۆپ تەشۋىشلىنىۋەرمەڭ ، سەييىدەم ، — دېدى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا ، خوجايىنىنىڭ يەنە ھوشىدىن كېتىشىدىن قورققان خەتىبە .

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇنى ھەپسىگە ئېلىشنى ئويلىغانىدىم . ئاخىر بېرىپ سىرىمىز ئەبۇل ئەتەخىيەگە ئاشكارا بولۇپ قالغىنىنى دېمەمدىغان ؟ ئۇ راستتىنلا ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ يۈرمەسمۇ ؟ لېكىن ئۇ تىلى قورۇغۇرنىڭ تىلى يامان - دە ، شۇ كېسىلگۈر تىلى بولمىغىنىدا ، ئاجايىپ ئېسىل ئادەم بولار ئىدى . بەلكىم مەنمۇ . . . مەيلى ، باش - كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى ! . . . ئەمما ، گەپ باشقا تەرەپتە ، يالچىماس شائىرنى ئالجىدىمۇ دەيلى ، لېكىن ، بۇ گەپلەرنى خەلىپىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈشكە كىممۇ جۈرئەت قىلالار ؟ زادى كىم ؟ بۇنداق باشباشتاقنىڭ چىقىشى تەس .

يامان خەۋەرلەرنى قارنى - كۆكسى تار ھارۇن رەشىدكە يەتكۈزۈش ئەجەل بىلەن ئوينىشىش دېگەنلىك ، ئۇزۇن قۇلاقنىڭ يەتكۈزگەن گەپ - سۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلگۈرمەيلا ، شورى

قۇرۇغۇر ئايغاقچىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بولالتتى . سارايى ئەمەلدارلىرى ئەمىرۇلمۇسلىمىنگە خۇش كەلمەيدىغان خەۋەرلەرنى ئېيتىشتىن دىر ـ دىر تىترەيتتى ، خەلىپىنىڭ قېشىدا پەقەت ئۇنىڭغا ياقىدىغان گەپلەر بىلەن مەدداھلىق قىلىشتىن نېرىغا ئۆتمەيتتى . شۇڭا ئاشكارا بولغان سىر ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى سارايىنىڭ خىلۋەت كوچىلىرىدا خېلى ئۇزۇن سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ يۈرەتتى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ رەقىبلەرگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلىناتتى . جەفەر ئىبن يەھيا زەربىنى ھەممىدىن ئاۋۋال خەلىپىنىڭ ھەسەتخور قېرىنداش ـ ئۇرۇقلىرىدىن كېلىدۇ ، دەپ قارايتتى .

— مەن ئەنە ئاۋۇنىڭكىدىن ئەنسىرەيمەن ، — دېدى ئەبباسە قولى بىلەن زۇبەيدەنىڭ سارىيى تەرەپنى كۆرسىتىپ ، — ئۇ پەنجىسىگە ئېلىنغاننى قويۇپ بەرمەيدۇ . گەپكە قاملاشتۇرۇپ كىيىم پەردازلايدۇ . ئۇ جادۇگەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق پەسكەشلىك كېلىدۇ .

ھارۇن رەشىد ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سۆيۈملۈك ھەم قەدىرلىك ئاياللار — بىرى سىڭلىسى ، يەنە بىرى سۆيۈملۈك ئايالى . ئەمما ، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرەرگە كۆزى يوق . رەشك دەردىدە تۇغۇلغان ئۆچمەنلىك ئوتى ئۆچۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كۈنسېرى لاۋۇلداپ بېرىۋاتاتتى . خەلىپىلىكنىڭ بىرىنچى سەييىدەلىرى ئارىسىدىكى دۇشمەنلىك سەۋداسىنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ ، خىزمەتكارلارمۇ بىلەتتى ، ئەمما ئۇنى ئاددىي ھەم تەبىئىي ئىش ، دەپ قارىشاتتى .

— مىش ـ مىش گەپلەر زۇبەيدەنىڭ قۇلىقىدىن نېرىغا ئۆتمىگىيدى ، ئىلاھىم ، — دېدى تەن ئېلىپ خەتىبە ، ئۇنىڭ چىرايىنى مەيۈس تەبەسسۇم قاپلىدى ، — بۇ مىش ـ مىشلاردىن زۇبەيدەنىڭ نېمە مۇرادى ھاسىل بولۇپ كېتەر ؟ ھېلىمۇ

سارايىنىڭ ئىچى پىتىنە ـ پاساتقا تولۇپ يېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈزىمۇ يەتمەمدۇ، ئاخىر!

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ــ دېدى پىغانى پەلەككە ئۆرلىگەن ئەبباسە، ــ سۆزلەشتىن ئاۋۋال يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس! ئۇ مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم! يەنە كېلىپ ئەڭ خەۋپلىكى! ئەگەر ئۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا...

ــ كۆپ ھاللاردا سىرلىرىمىزنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ دەپ ئويلايمىز، بۇ توغرىدا كىشىلەرنىڭ بازار ۋە مەسچىتلەردە گەپ سېتىپ يۈرۈشكىنىدىن خەۋەرسىز ئولتۇرىمىز، ــ دەپ قول شىلتىدى خەتىبە ۋە شۇئان ئۆز سۆزىدىن پۇشايمان يېدى، ئەبباسەنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، يۈزى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــ نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ زۇبەيدە ھەممىسىنى بىلىدۇ؟ ساراي مۇلازىملىرىغىچە ھەممىسى بىلىدۇ دەمسەن؟ گەپ قىلساڭچۇ؟ يۈرىكىمنى قان قىلىپ... ــ ئەبباسە غەزەپلىك ۋارقىرىدى ۋە بىردىنلا ھالسىزلىنىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ــ بىلمىشى ناتايىن! بەلكى ئاشۇرۇۋېتىپ قاپتىمەن، ــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ھاي بەرگەندەك قىلىپ ئەھۋالنى يۇمشىتىشقا ئورۇندى خەتىبە، ــ ئەمما، ئېھتىمالغا ناھايىتىمۇ يېقىن. شۇنچە ئەقلىڭىز بىلەن، سەيىدەم، بەزى ئاددىي نەرسىلەرگە پەم ـ پاراسىتىڭىز يەتمەيدۇ. خۇددى گۆدەك بالىلارغىلا ئوخشايسىز. ئىككىڭلارنىڭ سارىيىڭلار يانمۇيان. ۋەزىر ئادەتتە كەچقۇرۇنلىرى پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ. كۆزى ئەما ئادەملەر بۇنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن. قاچانلاردا چىقىپ كېتىدىغانلىقى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئايان، زۇبەيدەنىڭ پىتنە ـ پاسات ئىزدەپ يۈرگەن ئايغاقچىلىرى سان ـ ساناقسىز، ئەمما، دەلىل ـ ئىسپات تېپىشالمايۋاتىدۇ، ماقۇل، ئۇ خوتۇننى بۇ سىرلاردىن ۋاقىپ بولدىمۇ دەيلۇق، ئەمما بۇ سىرلارنى ئېرىگە يەتكۈزىدۇ،

دېگەنلىك ئەمەس . خەلىپىنىڭ تەبىئىتى نازۇك ، ئاسان چىچىلىدۇ ، مىجەزى تۇراقسىز ، ۋەزىرگە تۆھمەت قىلىش ، ھەتتا زۇبەيدە بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاسان ئىش ئەمەس . . .

ئايۋاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . يولمۇ كۆرۈنمەي قالدى . سارايدا شاملار يېقىلدى . پەستىن كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان خىزمەتكارلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئايال خوجايىنىنىڭ سىر - ئەسرارى بىر خەتنىبەگىلا ئايان ئىدى . گۆدەكلىكىدە خەلىپە مەھدى قولىغا چۈشكەن خەتىبە ئاخىر بېرىپ ئەبباسەگە نېسىپ بولدى . ئەبباسە خەتىبەگە ھەتتا ئۆزىدىنمۇ ئارتۇقراق ئىشىنەتتى .

— ئۇياقتىكى ئايۋانغا ئۆتسەكمىكىن ؟ ئۇ دەريا تەرەپتىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، — دېدى ئەبباسە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ . خەتىبە جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ، تار يولدا بىرىنىڭ گۈس - گۈس دەسسەپ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى .

— ئەنە كەلدى ! كەلدى ! — دەپ ھاياجان بىلەن تولغۇنۇپ ئىدى ئەبباسە . ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ دۈپۈرلەپ ئۇرۇشى ئېرى جەفەرنىڭ قەدەم تاشلىشى بىلەن رىتىمداش بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئەبباسە ئېرىنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى ، خەتىبە ئۇنىڭ يولىنى توستى :

— سىز ھۇجرىڭىزغا كىرىپ كېتىڭ ، سەييىدەم ! خوجامنى ئۆزۈم باشلاپ كىرىمەن . شۇندا يات كۆزلەردىن خالىي بولىسىلەر . مەنمۇ كېتىمەن .

ئەبباسە دەرھال ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . خەتىبە يول تەرەپكە ماڭدى . جەفەر ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . ئوتلىغان شاملاردىن تارالغان نۇرلار ئۇنىڭ جۇببە ۋە سەللىسىنى قا-

www.uyghurkitap.com

رامتۇل قىلىپ كۆرسىتەتتى .

خەتىبە تەزىم بىلەن ۋەزىرنىڭ قولىنى سۆيدى .

— خەتىبە ، بۇ سەنمۇ ؟ — قىسقىچىلا سورىدى ئۇ ، — سەيىدەڭ قەيەردە ؟

— ھۇجرىسىدا ، خوجام ، — دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ، قەددىنى رۇسلىغان خەتىبە جەفەرگە باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتتى .

ۋەزىرنىڭ كەيپىياتى جايىدا كۆرۈنەتتى . ئۇ ئوتتۇز يەتتە ياشتا ئىدى . بۇ ئەرلەرنىڭ ئەڭ قىران چاغلىرى - دە ! پۈزۈر كىيىنگەن ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ، قىزغۇچ چاچلىرىنى ئارىلىغان بىرەر - يېرىم تال ئاقلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى . ئۇچۇق چېھرىنى قويۇق ساقال قاپلىغان ، مەغرۇر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، ئىرادە ۋە شىجائەت نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى . سەللىسى ئۈستىگىرەك سۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ ، پېشانىسىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس قورۇقلار ئانچە - مۇنچە كۆزگە تاشلىناتتى . ۋۇجۇدى ئىشتىياق ۋە ئېھتىراس بىلەن تولغان بۇ ئادەم بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ خۇشامەتچىسىگە ئوخشاش ھېلىگەر ئەمەس ئىدى . غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەتكە سۈكۈت قىلىپ تۇرمايتتى .

«سەيىدەمنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئېرى بار - دە !» دېگىنىچە ھەۋەس بىلەن ئويغا چۆمدى خەتىبە . ئۇ جەفەرنى سەيىدەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسىغىچە ئەكېلىپ قويۇپ ، ئۆزى سىرتتا پايلاقچىلىق قىلىشقا قالدى .

## 18 . ئۇچرىشىش

پۈتلىرىدىن باشلانغان تىترەك ئەبباسەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى . گويا كۆكرەك قەپەسىنى تېشىپ چىقىپ كېتىد-

دىغاندەك قىلىپ تۇرغان زىددىيەتلىك ئىچكى كېچىنمىلەر — سۆيگۈ، قورقۇنچ، ئۈمىد ھەم ئۈمىدسىزلىك . . . ھەممىسى ئارىلىشىپ گادىرماچ بولۇپ كەتكەنىدى . مۇنار شەكىللىك شامدانلار ۋە ئېسىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن كەڭ خانا بارغانسېرى تارىيىپ ئۇزۇنچاق ساندۇققا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى . جەفەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنى ئاڭلاندى، يان تەرەپتىكى ئىشىك يوغان ئېچىلدى . ئەبباسە ئېرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى .

ۋەزىر ئەبباسەگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتى، ئەقىل - پاراستىگە قايىل بولۇپ ھەيرەتكە چۆمدى . ئەبباسە ھەر دائىم ئۇنى ئاددىيغىنا ئۆي كىيىمىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ قارشى ئالاتتى . بۈگۈندىن جەفەرنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى . بۈگۈن ھەم شۇنداق بولدى . ئۇنىڭ قامچىدەك ئۆرۈلگەن چاچلىرى بېشىغا تۈرمەكلىنىپ، ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن قىسقۇچلار قىسىلغان، بېشىدىكى نەپىس شايى رومالنىڭ ھاشىيەسىگە زەرباب يىپلار بىلەن شېئىرىي مىسرالار پۈتۈلگەن . جەفەر بىر بېقىشتىلا ئايالىنىڭ كۆزلىرىدىكى قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈك، تەشۋىش ئالامەتلىرىنى بايقىدى . ئەمما، بۇ خىل غەمكىنلىك ھالىتى ئۇنىڭ چېھرىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسىتىۋاتاتتى .

دەسلەپتە ئۇلار خۇددى تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ لام - جىم دېيىشمىدى . ئەبباسەنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . ئۇ ۋۇجۇدىدا لاۋۇلداۋاتقان سۆيگۈ ھاياجىنىنى باسالمىدى . جەفەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا بولسا، بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان پالاكەت، دەرد - ئەلەم، ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، روھى شادلىق دېڭىزىغا غەرق بولدى .

ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىمۇ شۇنداق بولاتتى. ئەي، سۆيگۈ سېھرى، نېمانچە قۇدرەتلىكتۇرسەن ـ ھە! بەختسىزلىك ۋە دەرد ـ ئەلەملەر سېنىڭ ئالدىڭدا باش ئېگىدۇ! غالىبلىقىڭ بىلەن نى ـ نى زەپەر قۇچقانلارنىڭ قەددىنى پۈكمىدىڭ! قارشىلىقتا دۇچ كەلسەڭ، تېخىمۇ تاۋلىنىپ كامال تاپىسەن. سېنى نېمىگە تەققاسلاش مۇمكىن، ئەي بىباھا تۇيغۇ؟ ئالتۇنغىمۇ؟ تەبىئەتنىڭ بۇ ئىنئامىمۇ ناھايىتى زىبا، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش جەريانىدىكى مۇشەققەتلەرمۇ خۇددى سېنىڭ قىسمىتىڭگە ئوخشاش. شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككىڭلارمۇ ئەزىز ھەم قىممەتلىكتۇرسىلەر.

جەفەر ئەبباسە بىلەن بولغان ئائىلىۋى بەختىنىڭ كەلگۈسىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئىنسانىي بەختىنىڭ يوللىرى ناھايىتىمۇ ئەگرى ـ توقاي، خەلىپىلىك پايتەختىدە ئۇ كىم؟ ئۆزىنىڭ چەبدەسلىكى، تەدبىركارلىقى، جاسارىتى ۋە ئەقىل ـ زەكاۋىتى، ئۇنىڭدىن قالسا تەقدىر تەقەززاسى تۈپەيلىدىنلا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ياقا يۇرتلۇق. ئەبباسەچۇ؟ ئۇ كىم؟ ئارىلىرىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھاڭ بار، كىمدىنلا سورىمىسۇن، ھەممە شۇ گەپنى ئېيتىدۇ. ئەبباسەنىڭ ئەسلى زاتى ئۇلۇغ، ئۆزى بولسا تېگى پەس خاكسار ئادەم. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ ھاشىمىيلار خاندانىنىڭ قىزىغا ئەر، ئۇنىڭ بالىلىرىغا ئاتا بولۇشقا لايىقمۇ؟ ھەسەن ۋە ھۇسەيىنلەرنى دۇنيا ئېتىراپ قىلارمۇ؟

جەفەر ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بولغان كەچمىشلىرىنى، دۇچار بولغان قىسمەتلىرىنى خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىرى خەلىپە قىزىنىڭ قانۇنىي ھالال جۈپتى بولۇپتۇ، دېگەن گەپ تېخى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىپ باقمىغان. كەلگۈسى بولسا نامەلۇملۇقنىڭ زۇلمەت پەردىسىگە چۈمكەلگەن. ئارىدا ئۈچ ئەسىر ئۆتكەن بۇ

ۋاقىتتىمۇ، بىرەر تېگى پەس ئادەمنىڭ ئەمىرۇلمۇسلىمىنگە رەسمىي كۈيئوغۇل بولۇشى مۇمكىنلىكىنى قۇرئەدە كۆرۈش بىرەر بېشارەتچىگە نېسىپ بولمىغانىدى. بۇ ھادىسە بەلكىم ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان باسقۇچىدا يۈز بېرىپ قالار، ھارۇن رەشىد زامانى بولسا سۇلالىنىڭ ئالتۇن دەۋرى. جەفەر ئىبن يەھيا پەقەت ئەبباسەگە يېقىنلىقى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، باشقا تەرەپلەردىمۇ شۇنداق يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر ياقا يۇرتلۇق كىشى ھاكىمىيەتنىڭ قانداق يۇقىرى پەللىسىنى ئىگىلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق بەختنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى، ۋەزىر بولسا سۆيگۈگە نائىل بولدى، بىر جۈپ پەرزەنت كۆردى! دۇنيادا يەنە نېمە ئارزۇ - ئارمىنى قالدى؟ چىن سۆيگۈ نە خائىن ھۆكۈمدارلىقنى، نە ئۆتۈپ بولماس توسۇقلارنى ۋە نە مەغلۇبىيەتنى تەن ئالىدۇ دەيسىز؟ سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ بۇ قۇدرىتى ئالدىدا ھارۇن رەشىدنىڭ ئىلاجى قانچە؟ ئۇلار پەقەت بىردىنبىر يېگانە خەلىپە — ئىشق سۇلتانىغىلا باش ئېگىدۇ! ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىلالمىدى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە گويا پۈتۈن ئالەم يوقلۇق دېڭىزىغا غەرق بولغاندەك ئىدى. بىر ئاشىق شائىر شۇنداق دېگەنىكەن:

كۈن بويى ئۆرتىنەر خارلىقتا بۇ جان،
غەم - تەشۋىش قىلماقتا ئارامدىن جۇدا.
بارىنى ئۇنتۇرمەن پەقەت چۆكسە تۈن
ئەزىز يارىم كۆزىن كۆرسەم مۇبادا.

بىرىنچى بولۇپ ئەبباسە ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى (كۆپ ھاللاردا ئاياللار ئەرلەردىن ئىلگىرى ھوشىنى تېپىۋالىدۇ) ۋە

مېنى نېمە مۇنچە ئىنتىزار قىلىسەن ، دەپ ئېرىگە تەنە تاشلىرىنى ياغدۇرغىلى تۇردى .

— نېمە ئۈچۈن جەفەر ئۆزىنىڭ بىچارە ئەبباسەسىنىڭ باغرىنى ھىجران ئوتىدا داغلايدۇ ؟ — دەپ نازلىنىپ شىۋىرلىدى ئەبباسە . ئۇ ئاشىق قەلبىنىڭ ئېھتىراسلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېرىگە ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن ئەركىلەيتتى .

— ئاھ جېنىم ، سەن كۆزلىرىمنىڭ نۇرىسەن ! سېنىڭ ئەمر ـ پەرمانىڭغا ئىتائەت قىلىش بۇ خاكسار قۇلۇڭ ئۈچۈن ھەم پەرز ، ھەم قەرز . ئەپسۇسكى ، ئىشلار بېشىمدىن ئېشىپ تۇرۇپتۇ . بۇ جەھەتتىكى ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس ! — دەپ جاۋاب بەردى جەفەر ئاشىقانە بېقىشلىرىنى خوتۇنىدىن ئۈزەلمەي ، — خەلىپە كۆزىدىن غىپپىدە يوقاش ئاسان ئىشمۇ ؟ ! دەجلىدىن قىيىندا ئۆتتۈم ، خىزمەتكار ئاتنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتلىق ماڭدىم . ئايۋاندا ئولتۇرغان بولساڭ ئۆزۈڭمۇ كۆرگەندۇرسەن . . .

— سەن بىلەن ھەر ۋاقىت بىرگە بولۇشنى ئىستەيمەن ! — دېدى ئەبباسە ھاياجان بىلەن . لېكىن ، نېمىشقىدۇر يېرىم كۈن يولىغا قاراپ ئولتۇرغىنىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمىدى . سوغۇق تەر باسقان نازۇك بارماقلىرى ئېرىنىڭ كەڭ ئالقىنىدا ھالسىزغىنا تىترەيتتى . ئۇ ئېرى بىلەن كەشتە تىكىلگەن ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى ، — يا بىللە ياشايلى ، يا بولمىسا بىللە جان بېرەيلى ! جەفەر ! بۇنداق مۆكۈنۈپ ياشاشقا زادىلا تاقىتىم قالمىدى !

— ئەزىزىم ، سەن ھاشىمىيلار زاتىدىن ، مەن بولسام ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ بالىسى ! — دېدى ۋەزىر ئىچىنى تاتىلاۋاتقان دەردنى ئاران بېسىپ ، — تەقدىر ئارىمىزغا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق قۇرغان .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئەبباسە ئاۋازىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ تەنىلىك تەلەپپۇزدا، — نېمىدېگەن بىمەنە گەپلەر بۇ! سەندىكى ئالىيجانابلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئالدىدا مەنمەن دېگەن ھاشىمىيلارمۇ يىپ ئېشەلمەيدۇ.

— كەچۈرگىن، ئەبباسە، نېمە ئىش بىلەن مۇنچە جىددىي چاقىرتقاندىڭ؟ — دەپ گەپنى بۆلدى جەفەر، — نېمە ئىش بولدى؟ تىنچ - ئامانلىقمۇ، يە...؟

— ئەي ئەزىزىم! «كۆندۈزكى ماجىرالار قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ، نە قىلاي...»

ئەبباسەنىڭ قەلبىدە يېقىلغان ئۇچرىشىش شادلىقىنىڭ شاملىرى ئۆچتى، ۋۇجۇدىنى يەنە شۇ تەشۋىش ۋە خەتەر ئەندىشىسى چۇلغىۋدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

— يا بىرگە ياشاش، يا بىرگە ئۆلۈشكە رازىمۇ سەن؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ئەبباسە، — بۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىشقا ئەمدى تاقىتىم قالمىدى!

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئوچۇقراق گەپ قىلساڭچۇ؟ ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ئۆلۈم دېگەن قانچىلىك ئىش!

— مىلىك ئەپسۇس، جەفەر، لېكىن... — ئەبباسەنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، قىلماقچى بولغان گېپى بوغۇزىدا قالدى. بىر ئاز جىمىپ قالغاندىن كېيىن بىراقلا تۆكۈۋەتتى، — سىرىمىز ئاشكارىلىنىپ قالدى! پات ئارىدا ئاكامغىمۇ يېتىپ بارىدۇ!

— نېمە دېدىڭ؟ بۇنىڭغا پېتىنغان كىمكەن ئۇ؟ بۇ شۇم ۋەقە قاچان يۈز بەردى؟

— بۈگۈن كېچىدە، ئەزىزىم، فەنخەسىنىڭ ئۆيىدە، باللىرىم بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا...

— كىم كۆرۈپ قالدى؟

— ئەبۇل ئەتەخىيە.

— ئۇ بەتبەخت ئۆلۈمگە لايىق!

— مەن ئۇنى ھەپسىگە ئالماقچى بولۇپ، نۆكەرلەرنى ئەۋەتكەنىدىم ، لېكىن ئۇ قۇتۇلۇپ قاپتۇ .

— نۆكەرلەرنىڭ قولىدىن؟ ۋاي بەتبەختلەرەي ، ئۇلارمۇ ئۆلۈمگە لايىق !

— بۇ تېخى بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى ئەمەس ، ئەزىزىم ، ئۇنى سېنىڭ دۈشمىنىڭ قۇتقۇزدى .

— دۈشمىنىڭ دەمسەن؟ مېنىڭ دۈشمىنىم كۆپقۇ؟

— ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ .

— فەزلمۇ؟

— دەل ئۆزى .

ۋەزىر تونىنى غەزەپ بىلەن يەشكەنىدى ، چەكلىرى سۆكۈلدى .

— ئەي ئاللا ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسەن ! ھەي ، ئۇ مېنىڭ ئۆچ ئېلىشىمدىن قورقمىغاندۇرمۇ؟ شەمشىرىم بېلىمدە ! ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئەدىپىنى بېرەيكى . . .

— قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، ئەزىزىم ، — دېدى بېشىنى چايقاپ ئەبباسە ، — ئۇ مۇھەممەد ئەمىن بىلەن زۇبەيدەنىڭ ئەتىۋارلىقى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما . ئەبۇل ئەتەخىيەنى تۇتقۇن قىلىنىپ بولغاندا توساتتىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ . خەتىبە ھەممىگە گۇۋاھ . گەپ شۇ يەردىكى ، شائىر ھازىر ئەركىن ، ئۇ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىشقا ئالدىرايدۇ . بۇ ئىنتىزارلىق بىلەن ئۇنىڭغا بىر كۈن مىڭ يىلدەك بىلىنىپ كېتىۋاتقاندۇر بەلكىم . نەزەرىمدە ، سىرلىرىمىزنى دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى ئەلگە يېيىۋاتىدۇ ، ئۇ گويا باغدادتىكى ھەربىر تاشقا پۈتۈپ قويۇلغاندەكلا بىلىنىۋاتىدۇ . ناۋادا ، شۇ تاپتا خەلىپە لەشكەرلىرى كېلىپ بىزنى قولغا ئالغۇدەك بولسا ، بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەيمەن . بىز ئۈچۈن كەڭ شەھەرمۇ تارلىق قىلىدۇ . بۇ بالا - قازا بىر مېنىڭ بېشىمنى يېيىش بىلەن تۈگىسە ئىدى ،

كاشكى !

— بىر تال موييۇڭغا تېگىشكە كىمنىڭ ھەددى ئىكەن قېنى ! — دېدى ۋەزىر ئورنىدىن چاپچىپ تۇرۇپ ، — ئۇنداق ئادەمنى ھازىرلا ھالاك قىلىمەن !

— جەفەر ، سەن ئەر كىشىسەن ، مەردانىرەك بول ! ئۆزۈڭنى بېسىۋال ! — دەپ ئەبباسە ئېرىنىڭ پېشىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ، — ئەرەبلەرنىڭ كۆپى ، ئاۋۋال بولۇپ ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ ئۆزى ساڭا قارشى چىقىدۇ ، بارچە ھاشىمىيلار ، ھەممىسى چىدىماس ھەسەتخورلار . ئۇلار سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار . ئورۇنسىز قەدەم تاشلاپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىل !

## 19 . ئايرىلىش — ھىجران

— ئېيتقانلىرىڭ راست ، كۆزۈمنىڭ نۇرى ، ھەسەتخورلار ماڭا ئورا كولاش كويىدا يۈرۈشىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلى شۇنداق يارىتىلغان . ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق . جېنىم ئەبباسەم ، مەن خۇددى پايلاقچىغا ئوخشاش ھەر دەقىقە ھوشيار تۇرىمەن . لېكىن ، بۇ پايلاقچىلىق خىزمىتىم ئەجەبمۇ سوزۇلۇپ كەتتىغۇ تاڭ ، — جەفەرنىڭ لەۋلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ ، چىرايى مۇلايىم تۇس ئالدى . ئەمما ، غەزەپ ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى ناھايىتىمۇ سەگەك ئىدى ، — لېكىن ، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمگە ئايان . مەنمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ، ھاشىمىيلار جەمەتىدىكىلەر-نىڭ بېشىدىن شۇنچىلىك كۆپ ئالتۇنلارنى چاچتىمكى ، مەندىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن مۇنداق سېخىيلىق كەلمەس ! مىڭلاپ دىنارلارنى ئاسمانغا سورۇدۇمغۇ ، ئاخىر ! ياق ، ئالتۇنلار چوقۇم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ ! يېگەن ئېغىز

ئۇيلار، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۇلار ھەرھالدا مەندىن ھېيىقار . . . لەشكەر ئارىسىدىكى مەسىلىگە كەلسەك، ئەمۇال باشقىچىرەك، — دەپ ئۇيچان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى جەفەر، — لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان يېرىمۇ مانا شۇ. بىراق، سەردارلار ۋە ئەمىرلەر ئارىسىدا پارسلار ئانچە - مۇنچە بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلىپەرەسلەرنى قاقشىتىپ، تەقىب قىلىۋاتقان ئاكاڭنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا مەدەتكار بولۇشىدا گەپ يوق. خۇراساننىڭ لەشكەرلىرى توغرىسىدا غەم يېيىش ئارتۇقچە. ئۇلار ھەر ۋاقىت مېنىڭ پەرمانىمنى كۈتىدۇ. ئۇ ۋىلايەت خەلىپىلىككە تەۋە بولغىنى بىلەن، باغدادتا تۇرۇپ ئۇ يەرنى باشقۇرۇش قىيىن. بوۋاڭ ئەبۇ جەفەر مەنسۇر ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىينى قەتل قىلدى، خۇراسان خەلقى بۇ ياۋۇزلۇقنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ . . . ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى جەفەر قولياغلىقىنى ئېلىپ، ئارقىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئەبباسەگە قاراپ. — مېنى كەچۈر، سېنى رەنجىتمەكچى ئەمەستىم. بوۋاڭ . . .

— ھە، بوۋام نېمە قىپتۇ؟ ئارىدا تىلغا ئالمىغان شۇ بوۋام قاپتۇمۇ ئەمدى؟ — دەپ گەپنى بۆلۈۋەتتى ئەبباسە. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئەگەر گەپلىرىم ساڭا ياقمىغان بولسا ئۇچۇقىنى ئېيتىۋەرگىن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى جەفەر، — ئاكاڭ ھەققىدىمۇ . . .

— تۇز كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، جېنىم جەفەر، بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن چەكسىز مىننەتدارمەن، — دېدى ئەبباسە ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە بېقىپ، — سېنىڭ دۈشمىنىڭ — مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، مەيلى ئۇ بوۋام بولامدۇ، ئاكام بولامدۇ، بۇ ماڭا بەربىر. لېكىن، گۇمانىمچە . . . توپىلاڭ كۆتۈرۈپ،

قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىشنى پىلانلاۋاتامسەن ، قانداق؟ مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم — خاتىرجەم ، ئاسايىش تۇرمۇش كەچۈرۈش . ھەر دەقىقە خەۋپ - خەتەر سايە تاشلاپ تۇرغان ھەم سەللا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن بېسىلغان بىر قەدەم ئاقىۋىتىدە شۇم پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىدىغان ئېزىتقۇلار ئارىسىدا ياشاش جېنىمغا جاق تەگدى . باغدادتىن قېچىپ كېتەيلى ، چېدىردا ياشىساقمۇ كۈنىمىز ئۆتەر ! ماقۇل دېگىن ، جېنىم ! شۇ شانۇشەۋكەت ، ئىززەت - ئىكراملاردىن كەچكىن ! سەلتەنەت ھەرقانچە جەزىبىلىك بولمىسۇن ، ئاخىرقى نەتىجىدە ھۆكۈمدارنىڭ ئېرىشىدىغىنى نېمە؟ شاھقىمۇ ، گادايغىمۇ ئوخشاشلا بىر غېرىچ يەر !

جەفەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسەبىيلىك باش كۆتۈرۈۋاتاتتى . ئۇ بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تاراپ قويدى . ئەبباسە ئالىقىنى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى . جەفەر ئايالىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى سىلاپ ، قوللىرىنى ئاۋايلاپ چۆشۈرۈپ قويدى .

— يىغلىما ، جېنىم ، نېمىگە يىغلايسەن؟ ! باغرىڭنى قان قىلىپ ياش تۆكۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ سەن نېمە دېسەڭ مەن ھەممىگە تەييار . ھەر ئىككىلىمىز ناھايىتىمۇ سەگەك بولۇشىمىز كېرەك . سەۋر - تاقەت بىلەن ئىش تۇتمىساق بولمايدۇ .

ئەبباسە ئېرىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ كىرپىكلىرى تىترەپ ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لەۋلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى .

— خاتىرجەم بول ، ئەزىزىم ئەبباسە ! — دەپ خوتۇنىنى بەزلەيتتى جەفەر ، — شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى ، كۆزۈم ئوچۇقلا بولىدىكەن ، ئاكاڭ جىگەر - باغرىلىرىمىزنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگەلمەيدۇ ، خۇدا ھەققى ! فەزل تۇغرىسىدىمۇ كۆپ تەشۋىشلەنمە ! خەلىپىنىڭ ئالدىدا ئۇ قورقۇنچاق ئۇ گەپنى

قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . مەن ئۇنى بەش قولدەك بىلى-
مەن . ئىغىز ئېچىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ . پەقەت ئامالسىز قالساق،
ئارقىمىزدا خۇراسان تۇرۇپتۇ . باغدادتىن يىراق بولغىنى-
ئۈچۈن ، پۈتۈن خەلىپىلىك بىلەن جەڭ قىلىشقا قۇربى يېتىدۇ .
ئىنشائاللا ! ئەلپەرەسلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا مەدەت بېرىدۇ .
زەپەر بىزگە يار بولغۇسى . خىلىدىن بېرى بۇ پەخرىي مەنسەپتىن
ۋاز كېچىشنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن . قايسىبىر ۋاقىتتا ھارۇن
رەشىد ماڭا خۇراساننى ۋەدە قىلغانىدى . ۋەدىسىنى ئېسىگە
سالىمەن ، ئۆز سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .
— راستىلا شۇنداق بولارمۇ ، جەفەر ؟ — سۆيۈنۈپ كەتتى
ئەبباسە ، — ئەمما ، ئاكام ساڭا تۇزاق قۇرۇش كويىدىغۇ
ئەمەستۇر ؟
— بۇنىسى ناتايىن ، ئازاد قىلىنغان قۇلنى تەخت يېنىدىن
يىراقلاشتۇرۇش ھاشىمىيلار مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن — دە .
— ئۇنداق بولسا ، ئەزىزىم ، ئاكامنىڭ ۋەدىسىنى
كىچىكتۈرمەي ئېسىگە سال ، — ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىلتىجا
قىلدى ئەبباسە ، — ئەگەر خەلىپە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا ، خۇداغا
مىڭ قەتلە شۈكۈر ئېيتاتتۇق ! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ ،
ئەتىسىگىلا خۇراسانغا يول ئال . تەختنى جىنىدىن ئەزىز
كۆرىدىغان ئاكام ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ
ئۇ ياقلارغا ھەرگىز بارمايدۇ .
— سەنچۇ ؟
— مەندىن ئەندىشە قىلمىساڭمۇ بولىدۇ . ماڭا ھېچ ئىش
بولمايدۇ . مېنى يوق قىلىش ئۈچۈن كىممۇ ھاياتىنى دوغا
تىكسۇن ؟ ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بالىلارنى
ئېلىپ يېنىڭغا بارىمەن .
— كېيىمىزنىڭ بىر يەردىن چىققىنىغا خۇشالمەن ،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى . خۇراسانغا كېتىش — ئەڭ زور ئارزۇ-

ئۇمىدىم .

— جېنىم ، ئىلاھىم بىزگىمۇ ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا قانۇنىي ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشنى نېسىپ قىلغاي !

— يېنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالماسمەن دەيمەن ! — دەپ سالدى ۋەزىر ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا . ئەمما ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ، ئورنىدىن تۇردى ، — ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك .

— يەنە بىردەم ئولتۇرغىن ! — دەپ يېلىندى ئەبباسە ئېرىنى تۇرغىلى قويماي .

— يالغۇز قېلىشتىن قورقۇۋاتامسەن ؟ — جەپەر خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشقا تىرىشتى ، ئەتىگى تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن جەم بولىدىغان كۈنلىرىمىز يېقىنلاپ قالدى .

— ھەرگىز قورقمايمەن ! بارغىن ، مېڭىۋەرگىن ، جېنىم !

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىشتى . بۇ ئۇنسىز سىردىشىش ئىچىدە نۇرغۇن مەنىلەر بار ئىدى . جەپەر ئورنىدىن تۇرۇپ سەللىسىنى ئورىدى .

— مەن ئادەم ئەۋەتىمگۈچە سارايدىن ئايرىلما ، — دېدى ئەبباسە ئېرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ خوشلىشىپ ، — رەھىمدىل ھەم مېھرىبان ئىگەمگە تىنماي سەجدە قىلىمەن ، — دەپ ۋەدە قىلدى ئەبباسە ، — بارغىن ، خوجام ، ئاللا ئىگەم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي !

— خوجام ، — دەپ تەكرارلىدى جەپەر . بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىغانىدى ، — ئۇنىڭدىن كۆرە «قۇلۇم» دېسەڭلا بولمىدىمۇ ، شەرىئەت ھۆكمى ، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا ، ھاشىمىلارنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قان — ھۆكۈمرانلار قېنى ، سەن بولساڭ ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ سىڭلىسى .

— مەن پەقەت بىرلا قانۇننى ئېتىراپ قىلىمەن، — دېدى ئەبباسە تەنىلىك ئېتىراز بىلدۇرۇپ، — ئادالەتپەرۋەر ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى — ئاللانىڭ قانۇنىدۇر. ئەنە شۇ قانۇن، شۇ ئادەت بويىچە ئېيتقاندا سەن مېنىڭ خوجامسەن.

— كۆپ تەشەككۈر، ئەبباسەم! خەير! بىر مەزگىل يېنىڭغا كېلەلمەيمەن.

— ماڭىمۇ ناھايىتى قىيىن، جېنىم! ئەمما، چىداي-مەن، — دېدى ئەبباسە قەتئىيلىك بىلەن، ئاندىن ئىككى قېتىم چاۋاك چالدى.

خەتىبە دەرھال پەيدا بولدى. ئۇ ۋەزىرنى پىنھان يولدىن باشلاپ خامدان ئاتلار بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردى.

## 20. مۇھەممەد ئەمىن سارىيى يولىدا

ساراي شائىرنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن فەزل مەھرەملىرىگە ئاتلىنىشنى ئەمر قىلدى. ئاتلىقلار توپى يولغا چىقتى.

ئەبۇل ئەتەخىيە نىجاتكارىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇ بۇ خەۋەرلەرنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يەتكۈزەلمىگىنى ئۈچۈن ئىچى تىتىلداپ، تاقىتى تاق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاڭلىغان گەپلىرىنى قانداق ياساپ، قانداق پەردازلاپ يەتكۈزۈش ھەققىدە ئويلاپ بولالماي كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتاتتى. شائىر ئۆزى كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن ئىش تۇتۇۋاتقان خەتىبەنىڭ ئويۇنلىرى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمىغىنىدا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئالدىدىغان مۇكاپات پۇللىرىنىڭ جىرىڭلىشى پۇلپەرەس شائىرنى قانچىلىك ئۆزىگە تارتىپ

ۋەسۋەسگە سالسۇن ، ئۇ ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تىيمىدى . بۇ ھەرگىزمۇ ، ناۋادا سىر ئاشكارىلىنىپ قالسا نارەسىدە گۆدەكلەرنى كۈتۈۋاتقان ئۆلۈم خەۋپىدىن شائىرنىڭ يۈرىكى ئېچىشقانلىقىدىن ئەمەس ئىدى . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بار ئىدى . ئۇ خەلىپىنىڭ بۇ سىردىن خەۋەردار بولغان چاغدىكى دەھشەتلىك غەزىپىدىن ھەم دانا ۋەزىرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ھازىرچە تۇرۇپ تۇراي ، ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قالار ، دەپ تىلىنى تىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

چەۋگان ئويۇنىغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەيدان ئۈستىدە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى . فەزل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېلىۋاتقان كوچا قايرىلىپ بېرىپ باغداد كۆۋرۈكىگە تۇتىشاتتى . كىچىك قىيا - چىياغا تولغان . ئۈستى تەكشى يۇك كېمىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان تاختا كۆۋرۈك ئۈستىدە ئادەملەر ، قېچىرلار ، ئات - تۆگىلەر دەريادىن ئۆتۈۋاتاتتى . كېمىلەر بىر - بىرىگە ئۇزۇن سىغا چېتىلغان بولۇپ ، كېمە ئەتراپىغا تارتىلغان يوغان ئارغامچىلار توسۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى . كېمە ھەيدىگۈچىلەر بىر قولى بىلەن ئارغامچىنى تۇتۇۋالاتتى . بەزىلىرى ئۇركۈگەك ۋە قورقۇنچاق ھايۋانلارنىڭ ئارغامچىسىنى تارتىپ ، ئۇلارنى تىنچلاندۇراتتى . ۋارقىراش - جارقىراشلار ، پۇشقۇرۇش ، كىشنەشلەر قوشۇلۇپ تىنىمسىز ھۆركىرەيتتى .

كىچىككە كەلمەيلا ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشتى . باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دېگەن تەرىزدە فەزل يۈزىگە بۇرقە[1] تارتتى . ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغان ياخشى . كۆۋرۈكنىڭ ھەر ئىككى بېشىدا ماراقچىلار كىچە - كۈندۈز پۇرىشىپ يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار ، كىم ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ ، بۇنى بىر ئاللا

① بۇرقە — يۈزىنىڭ كۆزدىن ئاستىنقى قىسمىنى توسۇپ تۇرۇش ئۇچۇن تارتىلىدىغان نىقاب .

بىلىدۇ .

بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ بارىدىغان يول باغداد كۆۋرۈكىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن باشلىنىپ ، ئەل ـ رۇسەفا ۋە دەجلە قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ ، ئەل ـ مۇھەررەمنى كېسىپ ئۆتەتتى . ئاتلىقلار ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى . چۈنكى ، ئاق تەنلىك چۆرىلەرنى مۇھەممەد ئەمىننىڭ ھۇزۇرىغا ناشتا ۋاقتىغا ئۇلگۇرتۇپ ئاپىرىپ بولۇش كېرەك ئىدى . كۈن قىزىرىشقا باشلىدى . فەزل بولسا ھايالداپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئوتتىدىن كەلگەن بۇ سودىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى . ئۆزىگە كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئارغىماقنى قامچىلايتتى .

مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئالدىدا بېجىرىلگەن ھەربىر ئىش ئۇنى دىلىدىكى يوشۇرۇن ئارزۇغا — ۋەزىرلىك مەنسىپى تەرەپكە يېقىنلاشتۇراتتى . تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن بۇ ياش ھەم مەنمەنچى يىگىت ئىككىنچى ۋەلىئەھد ، مەمەدانە مەئمۇننى قوللايدىغان يۈكسەك مەنسەپتە ئولتۇرۇۋاتقان قول ئەۋلادى — جەفەر ئىبن يەھيانى چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچ كۆرەتتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ، بۇ بەرمەكىيلەر بەكمۇ كۆرەڭلەپ ، ھامان بىر كۈنى تاج ـ تەختكە كۆز ئالايتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . بۇ بەتبەخت پارسىينى ھارۇن رەشىد ناھايىتىمۇ غادايتقۇزۇۋەتتى . ئەسلى ئۇنى ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ تاشلىسىغۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىش بولاتتى . ئەمما ، بۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس . فەزلنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن مۇددىئاسى ۋە پىلانلىرى بار . ۋاقتى كېلىپ ، مۇھەممەد ئەمىن تەختنى ئىگىلىسە ، جەفەرنىڭ پەيمانى تولدى دېگەن شۇ . ۋەزىرلىك ئورنى بوش قالىدۇ . ئۇنىڭ قىلغان پۈتۈن خىزمەتلىرى شۇ ۋاقىتتا ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئەبۇل ئەتەخىيەنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىدىمۇ بىر ھېكمەت باردەك تۇرىدۇ .

بەلكىم ، بۇ شائىر شۇ ۋاقىتتا ئىشقا ياراپ قالار . خۇلاسە كالام ، قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان قۇلغا قىلىنغان بۇ ياخشىلىقلار هامان بىر كۈنى ئۆز جاۋابىنى قايتۇرىدۇ .

مۇھەممەد ئەمىننىڭ سارىيىغا ئېلىپ بارىدىغان كەڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قارا قېيىن دەرەخلىرى ئاسمانغا بوي سوزۇپ تۇراتتى . ساراي ئەتراپىدىكى ئاۋات باغلار خۇددى قەلئەلەردەك قوغدىلاتتى . ئىككى زەڭگى ئاران ئاچالايدىغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىچىدە ھەر نەچچە قەدەمدە بىردىن مەنجانىق① ئورنىتىلغان قۇببە مۇنارىلىك تاش تام بولۇپ ، تاملار دەجلىنىڭ قىرغاقلىرىغا تۇتىشاتتى . باغداد پىرقىلەر ۋە گۇرۇھلارنىڭ دۇشمەنلىشىشلىرى ، ئېلىشىشلىرى بىلەن قايناپ تېشىۋاتاتتى . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ قارارگاھلار ئۇزاق مۇددەتلىك قاماللارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ سېلىنغانىدى . فەزل ھەر قېتىمقى ئادىتى بويىچە دەرۋازا ئالدىدا ئەمەس ، كوچىنىڭ ئاغزىدا ئاتتىن چۈشۈپ ، ئەبۇل ئەتەخىيەنى يېنىغا كېلىشكە ئىما قىلدى . شائىرنىڭ قانداقتۇر مەخپىي سىردىن خەۋەر تاپقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ ، بىردەم پىيادە مېڭىشنىڭ زەرەرى يوق ئىدى .

سارايغا كىرىشتىكى كوچىغا تۇتاشقان مەيدان خۇددى بازارغا ئوخشاش ئادەملەر بىلەن تولغانىدى . كېچە - كۈندۈز سەگەك تۇرىدىغان قورۇقچىلار سارايغا پەقەت بەگزادە - خوجىلارنىلا كىرگۈزەتتى . خىزمەتكار ۋە ئات باقارلار قەلئە سىرتىدا قېلىپ ئاتلىرىنى دەرەخكە باغلاپ ، ئالدىغا يەم سېلىپ بېرىپ خوجايىنلىرىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى . كوچا ئاخىرلىشىپ ئۇ تەرەپتە سارايىنىڭ ئاپئاق ئىمارەتلىرى كۆزگە تاشلاندى . شائىرنىڭ ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ فەزل ئەقلى داڭ

① مەنجانىق — تاش ئاتىدىغان قەدىمىي ئۇرۇش قورالى .

قېتىپ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! بۇ گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ شائىرغا تىكىلىپ، — بۇلارنى ئۆزۈڭ توقۇپسەن، ئەخمەق شائىر! ئۆزۈڭگە ھېزى بول، بەتبەخت! مەلىكە ئەبباسەنىڭ مۇنداق پەسكەشلىك قىلىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ! ياق، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! ئىشىنىشنىمۇ خالىمايمەن! مېنىڭ مەسلىھەتىم، تىلىڭنى يىغ!.. تىلىڭ بېشىڭغا چىقمىسۇن يەنە!

ئەبۇل ئەتەخىيە جەفەر ئىبن يەھيانىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان فەزلدىن بۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەنىدى. لېكىن، ئۇ مۇنداقمۇ ئويلىدى: «ناۋادا ئۇ بۇ سىرلارنى مەندىن ئىلگىرى باشقىلار ئۇقۇپ كەتمىسۇن، دەپ مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتقان بولسىچۇ؟»

— مېنىڭمۇ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم يوق! — دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ فەزلىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى شائىر، — گەرچە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولساممۇ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق. بەلكىم شەيتان ۋەسۋەسىگە سالغاندۇر، بەزىدە ئادەم كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ ئادىشىدۇغۇ، ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قويۇلغان بىر قەدەم ئادەمنى كور قىلىپ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلىتىۋېتىدۇ.

ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ سەپسەتىلەر تامام بولغاندىن كېيىن، ئەبۇل ئەتەخىيە «بۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم! ماڭا پۇل بولسىلا بولدى ـ دە!» دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

# 21 . تەختكە يەنە بىر دەۋاگەر

باغدادتا نېمە چاقىقان ـــ گەپنىڭ بازىرى چاقىقان . چۈنكى ، خەلىپىلىكتە ھەممە يېڭى گەپلەر ئاغزاكى رىۋايەت شەكلىدە تارقىلىدۇ . يېڭى گەپلەر ، شۇ جۈملىدىن غەيۋەت ـ شىكايەتلەر ، ئەپقاچتى گەپلەر ، سۆز ـ چۆچەكلەر پۇلغا سېتىلىدۇ . مەخپىي گەپ ـ سۆزلەرنىڭ باھاسى تېخىمۇ قىممەت بولىدۇ . قورساقنىڭلا غېمىدە يۈرگەن ئادەم ھەممە گەپتىن قۇرۇق قالىدۇ .

شائىرغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ، تېخىمۇ مۇھىمى ، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىشنى ئويلىغان فەزل ئادىتى بويىچە ، يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئالتۇن تەڭگىلەر بىلەن تولغان قاپچۇقنى چىقىرىپ ئەبۇل ئەتەخىيەگە تەڭلىدى ـ دە :

ـــ سەن شائىر ، شائىرلار ئادەتتە مۇكاپاتنىڭ ھىدىنى سەزمىسە ، ھەتتا ئاددىي گەپلەرنىمۇ خۇشىياققاندەك ئېيتمايدۇ . بىر ئازدىن كېيىن يەنە جانابىي مۆھتەرەم ۋەلىئەھدتىنىمۇ ئۆز ئۇلۇشىڭنى ئېلىشىڭ مۇمكىن . ئاق تەنلىك ساھىبجامالىلار بەلكىم ئۇنىڭ نازۇك دىلىنى شاد قىلىپ قالار ، بۇ سودىدا سېنىڭمۇ ھەسسەڭ باردەك قىلامدۇ قانداق ؟ ـــ دېدى .

يۈزنى توسۇپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاچقا ، فەزل يۈزىدىن بۇرقىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە شائىرنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ :

ـــ شۇنداق ، دېگىنىمدەك ، ـــ دەپ قوشۇپ قويدى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەي ، ئۇنىڭ قوللىرىنى يالاپ ـ شوراپ سۆيۈۋاتقان شائىرغا قاراپ ، ـــ ۋەزىرنىڭ كۆزىگە ئەسلا كۆرۈنگۈچى بولما ، پۇت ـ قولۇڭدىن باغلاپ زىندانغا تاشلايدۇ ، تامام ۋەسسالام . يا جانابىي مۆھتەرەم ۋەلىئەھدنىڭ پاناھىدا جان ساقلا ، يا مېنىڭ

ئۆيۈمگە بار ، لېكىن كۆپ هايالداپ قالما ، بەلكىم ، كېرەك بولۇپ قالارسەن ، بارغىن ، ئاللا سېنى ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي!

سارايغا ئالىي مەرتىۋىلىك مېهمان قەدەم تەشرىپ قىلغاندىمۇ قانداق ، مەيدان تەرەپكە قارىغان چوڭ تۆمۈر دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىلغانىدى . «بۇ كىمدۇر ئەمدى ؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئەبۇل ئەتەخىيە بىلەن خوشلاشقان فەزل . ساراي قوغدىغۇچىلىرى ساراي ئېمىنىنىڭ يېنىغا تىزىلغان بىرمۇنچە مەھرەملەرگە يولنى چوڭ ئېچىپ قويۇشقانىدى . ئات باقارلار ئارغىماقلارنىڭ تاقىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، سامان تىقىلغان سۇرتكۈچ بىلەن سۇرتۇپ تازىلىشاتتى ، خىزمەتكارلار ئاتلارنىڭ ئالدىغا يەم ـ خەشەك تاشلاۋاتاتتى . بۇ كۆرۈنۈشلەرگە بىردەم قاراپ تۇرغان فەزل «ھە بۇ ئىبن هادىينىڭ ئادەملىرىغۇ ! دېمەك ، ئۇ تېخى بەسرەگە قايتىپ كەتمەپتۇ ـ دە» دېدى ئۆزىگە ئۆزى .

ئۇنىڭ نەسەبىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئىبن هادىي هارۇن رەشىدنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى خەلىپە هادىينىڭ ئوغلى ئىدى . ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئاتىسى خەلىپە مەهدىي هەر ئىككى ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى . هادىي ـــ بىرىنچى ۋەلىئەهد ، هارۇن رەشىد ـــ ئىككىنچى ۋەلىئەهد دەپ ئېلان قىلىندى . ھىجرىيە 169 ـ يىلى مەهدىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن هادىي خەلىپىلىك تەختىنى ئىگىلىدى ، ئۆزىنىڭ هاكىممۇتلەق سەلتەنىتىنى مۇستەهكەملەش مەقسىتىدە ، ئانىلىق هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلىپىلىكنى ئىدارە قىلىشقا ئىنتىلگەن ئانىسى هەيزۇراننى دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇردى . ئۇنىڭدىن سىرت تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ئىنىسى هارۇن رەشىدنىڭ تەخت ۋارىسلىق هوقۇقىنى بىكار قىلدى . هارۇن رەشىد بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى تەخت ۋارىسى ئۇ ئەمەس ، بەلكى ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئىبن هادىي بولۇپ قالدى . ئەمما ، كۆرەش بۇنىڭ بىلەن

تۆگىمىدى . قۇدرەتلىك يەھيا ئىبىن خالىد بەرمەكىي ھارۇن رەشىدنى قوللىدى . ناھايىتىمۇ ھىيلىگەر ، يىراقنى ئويلاپ ئىش تۇتىدىغان دانا تەدبىرلىك بۇ ۋەزىر مەرھۇم مەھدىينىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلماسلىق — خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا جەڭگى - جېدەل ، تەخت ماجىرالىرى تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ ، دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆزلەرنى كۆچەپ تارقاتتى .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىبىن ھادىي تېخى كىچىك ، — دەپ خەلىپىنى ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇناتتى ئۇ ، — شاھزادىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەشكە تېخى بالدۇر .

خەلىپىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ، ئىنىسى ھارۇن رەشىدنى ھىمايە قىلىپ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغان يەھيا ئىبىن خالىد زىندانغا تاشلاندى ، ھەتتا كاللىسى ئېلىنغىلىمۇ تاسلا قالدى . ئەمما ، ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي خەلقئالەم ئالدىدا ھارۇن رەشىد بىرىنچى ۋەلىئەھد دەپ ئېلان قىلىندى . بىھۇدە ئۇۋال قىلىنغان پارسىيمۇ ئازادلىققا چىقىرىلدى . نەچچە كۈندىن كېيىن ، بىتاپ بولۇپ قالغان خەلىپە ھادىي تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولدى . خەلىپىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات قىلىشىدا ، ھارۇن رەشىد ، يەھيا ئىبىن خالىد بەرمەكىي ۋە مەرھۇمىنىڭ قىساسخور ئانىسى ھەيزۇرانلارنىڭ قولى بار ، دېگەن مىش - مىش گەپلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېقىپ يۈردى . ئېھتىمال ، ھەيزۇران ئىككىنچى ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى لايىقىدا قىلار دەپ ئويلىغاندۇر ، ھەرھالدا ، نېمە بولسا بولسۇن ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر يىل ئۈچ ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھادىي قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ جان ئۈزدى . بۇ شۇم ھادىسە يېرىم كېچىدە يۈز بەردى . يەھيا ئىبىن خالىد شۇ زامانلا شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ھارۇن رەشىدنىڭ ھوزۇرىغا يۈگۈردى . ئۇنىڭ بۇ قەدەر ساداقەتمەنلىكى (ناۋادا تىل بىرىكتۈرۈش بولمىسا ) يۈز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەسسە ئارتۇقى بىلەن مۇكاپاتلاندى . بۇ ھىيلىگەر ھەم چىدىغۇس
سابىق قۇل چەكسىز ئىمتىيازغا ئېرىشىپ ، پۈتۈن خەلىپىلىكنى
ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ، ئوغلى جەفەر
ئىبن يەھيا بولسا ۋەزىرلىك ئورنىنى ئىگىلىدى . ھارۇن رەشىد
ئىشنى ئالدى بىلەن ئېھتىيات ئۈچۈن باغدادتىن يىــــراقراق
بەسرەگە جايلاشتۇرۇلغان ھاشىمىيلارغا ئىــــنئام ـ ئېھسان
ئۇلەشتۇرۇشتىن باشلىدى . تەختنى چىڭ تۇتۇشنىڭ يولى ـــ
ساخاۋەتلىك بولۇش . ئالتۇن ـــ ئۆزگىـــلەر قەلبىــــنى
تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ ، بۇ كۆۋرۈك خەلىپە ئۈچۈن
بەكمۇ زۆرۈر ئىــدى . چۈنكــى ، ئالتۇن ، زىبۇزىننەتلەرگە
كۆمۈلگەن ھەسەتخورلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىناتتــى . ھەددىدىن
ئارتۇق راھەت ـ پاراغەت ئۇلارنىڭ زېھنىنى خىرەلەشتۇرۇپ ،
قابىلىيەت ۋە قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۇرۇپ ، ھاكىمىيەت تالىشىش
ئىستىكىنى بوشاشتۇراتتى ، شۇڭا خەلىپە ھاشىمىيلارنىــــڭ
ھەۋەسلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ ، ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ
بېرەتتى ـ دە ، تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىــق
قىلاتتى . خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ھەمشىرىك ، ئەمما ئىشرەت
دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ، كۆڭۈللىرىنــى باغۇ بوستانلاردا راھەت ـ
پاراغەتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ، كېچىلىرى ساھىبجامال كېنىزەكلەر
قوينىدا ئەيش قىلىۋاتقان ، باغدادقا پەقەت نەپىقە ، ئىنئام ـ
ئېھسان ئېلىش ، خۇش قامەت چۆرىلەردىن سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا
قەدەم قويۇۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يەنە نېمە يېتىشمەيدۇ
دەيسىــز ؟ ســـرتتىـــن قارىغاندا ، ئىــبن ھادىيمۇ باشقا
ھاشىمىيلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى . ئۇمۇ دۆلەتمەن ،
نۇرغۇن يەر ـ مۈلۈككە ئىگە ئىشرەتۋاز شاھزادە ئىدى . ئەمما ،
ياش يىگىتنىڭ قەلبىدە ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ تەختىدىن مەھرۇم
قىلغانلارغا قارشى كۈچلۈك نەپرەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇراتتى ئىدى .
نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئۇ قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ تەختنىڭ بىرىنچى

ۋارىسى بولغانىدىغۇ ! دادىسى بىلەن بىر قورساقتىن چۈشكەن تاغىسى خەلىپە بولغاندىن كېيىن بۇ گەپلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ . بولمىسا ، ئۇ قانداقلارچە مۇھەممەد ئەمىن ۋە مەئمۇنلارنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ ؟ ھەرھالدا ئىبن ھادىي قانداقتۇر مۆجىزە تۇپەيلى ، قىسمىتىمدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ قوينىدا ياشاۋاتاتتى .

ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋەزىر ئىدى . جەفەر ئىبن يەھيانىڭ قېنىغا فەزلمۇ ئىنتايىن تەشنا . مۇددىئا ئورتاق ، فەزلمۇ بۇ يولدا ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەت قىلىۋەرسۇن ، قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ھەرگىز ئايىمايدۇ . ئاخىر بىرىپ ۋەزىر غەزەپكە دۇچار بولغۇدەك بولسا ، مەئمۇنىنىڭمۇ كۈنى تۇگىدى دېگەن گەپ . چۈنكى ، ھارۇن رەشىد ۋەزىرىنىڭ يۈزىنى دەپ ، ئۇنىڭ قىستىشى بىلەن مەئمۇننى تەختنىڭ ئىككىنچى ۋارىسى قىلىپ پەرمان چىقاردى . ئەگەر بۇ ئارزۇلار ئىشقا ئاشىدىغان بولسا ، تەخت دەۋاسى قىلغانلاردىن بىرى كېمىيىدۇ . . . مۇھەممەد ئەمىندىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ناھايىتىمۇ ئاسان : ئۇنىڭ ئىشرەتپەرەسلىك ئىللىتىگە تېخىمۇ ئوت يېقىپ لاۋۇلداتسا بولدى . پات ئارىدا ئۇنىڭ بولارى بولۇپ ، ئىشرەتۋازلىقنى ئەۋزەل بىلىپ ، تەخت ۋارىسلىقىدىن ۋاز كېچىشى تۇرغانلا گەپ . پاھىشۋازلىق پاتقىقىغا پېتىپ ، ئەيش ـ ئىشرەتتىن باش كۆتۈرەلمىگەن مۇھەممەد ئەمىن ھاشىمىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ . ئىرادىسى زەئىپلىشىپ ، سەلتەنەتنىڭ راۋاجى ۋە پاراۋانلىقىنى خەۋپ ئاستىدا قالدۇرۇشى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان خەلىپىگە كىم قاراپ تۇرۇپتۇ ؟ . . . ھەق ـ ناھەق ، قۇدرەتلىك سۇلالىنىڭ كۆزى ئۇچىنچى دەۋاگەرگە چۈشۈشى مۇمكىن . . . قىسقىسى ، سەلتەنەتكە ئېرىشىش يوللىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . ھەممە گەپ بۇ ۋاستىلەردىن

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك پايدىلىنىشنى بىلىشكە باغلىق.

ئارتۇقچە شۈبھە تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن باغدادقا ئاندا - ساندا كېلىدىغان ئىبن هادىي بىرىنچى ۋەلىئەھدكە ئىشرەتۋازلىق ۋە پاھىشىۋازلىقنىڭ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ، يېڭى - يېڭى شەكىللەردە ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قويۇپ كېتەتتى. مۇھەممەد ئەمىن بولسا بارغانسېرى كەيپ - ساپا ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. خەلىپىنىڭ قۇلىقىغا بولسا، ئىبن هادىي پۈتۈنلەي ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىدا سىياسەتتىن نام - نىشانمۇ كۆرۈنمەيدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈلەتتى.

بۇ قېتىم ئۇ خىراجەت ئېلىش باھانىسىدە بەسرەدىن باغدادقا كەلگەنىدى. بىرىنچى ۋەلىئەھدنىڭ سارىيىدا بېرىلگەن ئىشرەت بەزمىلىرى ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. بۇ نۆۋەت ئىبن هادىي خېلىلا ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. مۇھەممەد ئەمىننىڭ ھاۋايى - ھەۋەس ئوتلىرىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىش ئۈچۈن، ئاق تەنلىك كېنىزەكلەرنى سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى شاھزادىگە ئۇ بەرگەنىدى.

## 22. مۇھەممەد ئەمىن

سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرنى كېمىدە ئېلىپ كېلەرمىكىن دېگەن تەخمىن بىلەن بىرىنچى ۋەلىئەھد ۋە ئۇنىڭ مېھمىنى چاشگاھقىچە دەجلە دەرياسىغا قارايدىغان ئايۋاندا سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. فەزل هاياللاپ قالغانىدى. كۈتۈشكە تاقىتى يوق مۇھەممەد ئەمىن ئىبن هادىينى ئاجايىپ قىزىقارلىق ئويۇن — قوچقار سوقۇشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتۈپ بولغۇچە باغنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

بىرىنچى ۋەلىئەھدنىڭ بېغى تەبىئەتنى قەدىرلەيدىغان ئەڭ

نازۇك تەبىئەت دانىشمەنلەرنىڭمۇ ئەقلىنى لال قالدۇراتتى. خۇش پۇراق رەيھان ۋە سۇمبۇللار ئۆستۇرۇلگەن گۇللۇكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تەپتەكشى قىلىپ قىرقىلغان چاتقاللارنىڭ تۆپىسىدە شاخلىرى سىلكىنىپ تۇرغان ياپيېشىل دەرەخلەر سەپ تارتقان بولۇپ، گويا تار يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە بوشقىنا ئۇرۇۋاتقان شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك يېشىل پەردە ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ گۇللۇكتە زۇمرەتتەك تىنىق توق يېشىل رەڭدىن تارتىپ، ئاچ كۆك، سارغۇچ، كۇمۇشسىمان رەڭلەرنىڭ جۇلاسى ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ، رەڭگارەڭ خۇشبۇي شولىلارنى تارقىتاتتى. بۇنداق ۋال - ۋۇل يالتىراشلار خەلىپىلىكنىڭ تۇرلۇك بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ يىراق دېڭىز ئارقىسىدىكى مەملىكەتلىرىدىن كەلتۇرۇلگەن نابادات ئالىمىنىڭ ئاجايىپ خىللىرى بولغان سەرۋ، شەمشاد، سەنۇبەر، سەندەرۇس، مەجنۇنتال، پىستە، بادام، سەندەل كەبى دەرەخلەرنىڭ غارايىپ خاسىيىتى تۇپەيلىدىن بارلىققا كەلگەنىدى.

— ھەرقانچە ھەيرەتلەنسە ئەرزىيدۇ - دە، جانابى ئالىيلىرى! — دېدى زوق بىلەن ئىبن ھادىي مايسىلىقتىن چىقىۋاتقاچ.

— تېخىمۇ قىزىقى ئاۋۇ يەردە، ئۇ ياقتا قارا، دوستۇم! — دېدى مۇھەممەد ئەمىن بىپەرۋاغىنا قول شىلتىپ، چوڭ چىنار دەرىخىنىڭ تېگىدە تۇرغان يولۋاسنى كۆرسىتىپ.

ناۋادا تەجرىبىسىز مېھمان بولىدىغان بولسا، قورقۇنچتىن نەپسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان بولار ئىدى. ئەمما، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق ئىدى. بۇ تەدبىرلىك باغۋەنلەرنىڭ ھۇنىرى بىلەن، تۇرلۇك چاتقال، مايسا ۋە گۇللەردىن ياساپ چىقىلغان يولۋاسنىڭ سۇرىتى ئىدى. باغدا راست يولۋاس، شىر، توز، پىللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆلبىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

خىلىلا كەڭ قەپەسلەردە ساقلىناتتى .

يوپۇرماقلىرى كۆپ خورما دەرەخلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەر ئاستى تۇرۇبىلىرىدىن ھاسىل بولغان كىچىك ھاۋۇزنىڭ سالقىن ھاۋاسى كىشىنى ئۆزىگە تارتاتتى . تۇرلۇك ـ تۇمەن خىلدىكى بېلىجانلار ھاۋۇزدا جىممىدە تۇراتتى . بىرەبىر خۇشياقمىغان ھالدا ئۇزگۇچلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىتىپ ، مەغرۇرانە ئۇزۇپ بىر ـ بىرلىرىنى قوغلايتتى . يەم مول بولغاچقا ، ياخشى بېقىلغان بېلىقلار ناھايىتىمۇ تېز كۆپىيەتتى . تارغىنا ئېرىقنىڭ نېرىراقىدا قىزىل ، كۆك ۋە سېرىق رەڭلىك نېلۇپەرلەر بەرق ئۇرۇپ ئۆسكەن ھاۋۇز كۆزگە تاشلىناتتى . ئىككى تەرىپى بوك ـ باراقسان يېشىللىق بىلەن ئورالغان تار يول پۈتىنىڭ ئاستىدا بارغانسېرى يېيىلىپ ، ئۇزىراپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئىبن ھادىي بىلەن مۇھەممەد ئەمىن پاياندار ئۇستىدە يۇرۇۋاتقاندەك قەدەم تاشلىشاتتى . ئەتراپقا يەنە رەڭگارەڭ ئۇششاق تاشلار ۋە يىراقتىن كەلتۇرۇلگەن شېغىللاردىن ھايۋانات ، ئۆسۈملۈك ۋە قۇشلارنىڭ سۇرەتلىرى چۈشۈرۇلگەن ھەر خىل تەشتەكلەر قويۇلغان بولۇپ ، بۇ ئىشلار ئۇچۇن ئىران ۋە رۇمدىن مەخسۇس ئۇستىلارنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى .

ئۇلار قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا پىلانلىغان مەيداندىكى شىپائىغا چىقىپ كۇرسقا ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا ، سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا تۇتىشىدىغان تار يولدا فەزل كۆزگە تاشلاندى . ئۇ ھاسىرىغىنىچە چېپىپ كېلىۋاتاتتى .

— ھە ، كەلدىڭمۇ ؟ — سورىدى ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق خىزمەتكارىغا كۆزى چۇشكەن مۇھەممەد ئەمىن ۋە سەۋرسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى ، — قېنى قانداق يېڭىلىقلار بار ، ئەزىزىم ؟ !

— ياخشىلىقتىن ئۆزگە ھېچ گەپ يوق ! — دەپ جاۋاب بەردى تېخىچە ھاسىراۋاتقان فەزل .

— چۆرىلەر قېنى؟ نېمىشقا ئۇلار سېنىڭ ئارقاڭدىن چېپىپ كەلمىدى؟

— جانابى ئالىيلىرى، ئۇلار ئۇنچىۋالا چاپقۇر ئەمەس! خۇدا خالىسا ئۇلارنىمۇ كۆرىسەن.

فەزل نەپسىنى ئاران رۇسلىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئۇستۇۋېشىغا قادالدى. ۋەلىئەھد بۇنى دەرھال بايقىدى.

— «مەستانىلەر كىيىمى» دە كىمگە ئوخشاپ قاپتىمەن، ئەزىزىم؟

— ساماۋى جىنلارغا، — دېدى فەزل كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ.

بىرىنچى ۋەلىئەھد ئون يەتتە ياشقا قەدەم قويغان بولۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقىنىدا قارىماي، ئۇچلۇق بۇرنى ئۇستىدە تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن زالىملىق، قانخورلۇق ۋە بۇزۇقچىلىق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، كۈچ - قۇۋۋەتكە كەلگەندە خۇدا ئۇنىڭدىن ئۆز ھىممىتىنى ئايىمىغان بولۇپ، شىر بىلەن ئېلىشىشتىنمۇ قورقمايتتى. باشباشتاقلىقتا تەڭدىشى يوق بۇ يىگىتنىڭ ئەقلى گالىراق ئىدى. لېكىن، بۇ ئىسراپخور ۋە پاھىشىۋاز شاھزادە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشتە كىشىدە ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى.

— شۇنداقمۇ، تېخى جىنغا ئوخشاش دېگىن! — سۆز قىستۇردى ئۇ، — سەنمۇ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىۋال. سەن ھايالLاپ قالغاچقا، كۆڭلۈم بەزمىنى بولدى قىلدۇق. بىزنى قانچىلىك راھەتلەردىن مەھرۇم قىلدىڭ - ھە! خەيرىيەت، ئاللاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، كۆڭلىڭ قالغان قىسمىنى بەلكىم شاد - خۇرام ئۆتكۈزەرمىز.

شاھزادە ئىككى قېتىم چاۋاك چېلىۋىدى، شىپاڭ ئالدىدا

ئەسلى تۈركمۇ يا چىركەسمۇ ، ئىشقىلىپ سىلىقتىنا ، قىزلاردەك سەرۋى قامەت بىرى پەيدا بولدى ـ دە ، ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى . بۇ كىشى ھەرەمئاغىسى ئىدى ، جىنگىلەك چاچلىرى بىر قىلىپ يوغان ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا تاشلانغانىدى .

— شائىرلار تائىپىسىدىن بۈگۈن كىملەر بار ؟

— ئەبۇ نۇۋاس بار ، خوجام ، — يۈقىرى ، ئەمما ناھايىتىمۇ خۇش ئاھاڭ جاۋاب بەردى ھەرەمئاغىسى ، — ئۇنىڭدىن باشقا ئەبۇل ئەتەخىيە ۋە يەنە . . .

— جىن ئۇرسۇن شۇ ئەبۇل ئەتەخىيەگىنى ! بىزگە مەي ۋە مەھبۇبتىن سۆزلىگۈچى مەيپەرەس شائىرلار كېرەك ! باش ئىدىشچىغا يەتكۈز ، بادە بەزمى كەم ـ كۈتىسىز بولسۇن !

— ئەي زاتى مۇبارەك ! — دېدى فەزل يېلىنىش ئاھاڭىدا ، — ئەمر قىلىڭ ، ئەبۇل ئەتەخىيەنى قوغلىمىسۇن . ئېھتىيات كېرەك . ھامان بىر كۈنى ئەسقېتىپ قالىدۇ . ئىچمىسە ، ئىچمەي ئۆلسۇن .

— بوپتۇ ، مەيلى ! — ماقۇللۇق بىلدۈردى مۇھەممەد ئەمىن .

## 23 . ياۋا قوچقار سوقۇشتۇرۇش

يەنە بىر چاۋاك چېلىنىۋېدى ، شىپاڭ ئالدىدا باشقا بىر قۇل ئاستا پەيدا بولدى .

— قوچقارلار قەيەردە ؟ — مەغرۇرانە سورىدى ۋەلىئەھد ، — ئۇرۇشقاقلىقتا نە باغدادتا ، نە بەسرەدە ، نە پۈتۈن بابىلدا مىسلى يوق ھايۋانلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نەۋرە ئاكامغا كۆرسەتمەكچىمەن .

— قوچقارلار ئۆز جايىدا ، خوجام ! — جاۋاب بەردى قۇل يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ، — تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ باغ

ئىچىدىكى يولنىڭ كاشىنىلىق نەقىشلىرىنى بۇزۇۋەتمىسۇن دەپ، ئىگىسى ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەكەلمىدى. دېمىسىمۇ، ئۇلار قاتتىق يەردە ئوبدانىراق سوقۇشىدۇ. مۇبادا، خوجام ئۇ يەرگە ئۆتۈشنى مالال كۆرمىسە...

— خوپ، ياخشى گەپ، قوچقارلارمۇ كۈچلىرىنى بىكارغا سەرپ قىلمىسۇن! — دېدى مۇھەممەد ئەمىن ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەغرۇر قىياپەت بىلەن قەلئە ئالدىدىكى تەكشىلەپ چىڭدالغان مەيدان — قوچقارلار جەڭگاھى تەرەپكە قەدەم ئالدى. ئەگەر ئۇچىسىدا «مەستانىلەر كىيىمى» بولمىغىنىدا، بۇ تۇرقىدا ئۇنى دۆلەت كېڭىشىگە كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاشمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىبن هادي بىلەن فەزل بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. مەشرىقتە — هىندى ئوكيان بويلىرىدىن، مەغرىبتە — تاكى ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغا قەدەر كېڭەيگەن خەلىپىلىكنىڭ تەقدىرىنىڭ مۇشۇ قانخور، زالىم، تەنتەكلەرچە قىلىق قىلىدىغان سەۋداينىڭ قولىغا قېلىشىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ! ئۇنىڭ خىيالىدا ئويۇن - كۈلكە، گۆدەكلەرچە هاۋايى - هەۋەستىن باشقا نەرسە يوق! ئاخىر ئۇ ئەلنى باشقۇرۇشقا، ئۇلار بىلەن ئۆز لايىقىدا مۇئامىلىدە بولۇشقا، قائىدە - قانۇنلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا، سىياسەت ۋە دۆلەت مەنپەئىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىرمۇ؟ ئەسلا! ئۇنىڭغا قوچقاردىن ئىككىسى بولسىلا كۇپايە!

تويۇقسىز يول ياقىسىدىكى چاتقاللار ئارىسىدىن:

— يا، خوجام! يا، خوجام! — دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئىشتىلدى.

بېشىغا هىندى سودىگەرلىرىگە ئوخشاش سەللە ئورىۋالغان، خۇش پىچىم، ساقاللىق بىرى چاتقاللار ئارىسىدىن لىپ قىلىپ يولغا چىقتى. بۇ هىندى دىيارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتتىن كەلگەن ھايۋانلارنى كۆندۈرگۈچى سەييارە قىزىقچى ئىدى .

— چىق بۇياققا ، دەرھال چىققىن ! — ۋارقىرىدى ئۇ يان تەرەپتىكى تار يولغا ئىشارە قىلىپ ، — جېنىم قوچقىرىم راسا ئەدىپىڭنى بېرىپ قويدۇ !

ئالدى تۇياقلىرى بىلەن يەرگە تىرىنىۋالغان ئىككى ياۋا تاغ قوچقىرى خۇددى بىر - بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك خىرىس قىلىپ تۇراتتى . ئاق يۇڭلىرى قورقۇنچلۇق كۆرۈنسۇن دەپ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويىۋېتىلگەن بولۇپ ، بويۇنلىرىغا يولدا باغلانغان زەنجىرنىڭ ئورنىغا بىر تىزىق - بىر تىزىق مونچاقلار ئېسىپ قويۇلغانىدى . بىر قوچقارنىڭ مۈڭگۈزى يېشىل ، يەنە بىرىنىڭ قىزىل رەڭدە بويالغانىدى .

— ئەجەبمۇ چىرايلىق قوچقارلاركەن ! — رازى بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتتى بىرىنچى ۋەلىئەھد ، — قايسىسى مەن ئۈچۈن سوقۇشىدۇ ؟

— مانا بۇنىسى ، ئالىيلىرى ، مانا بۇنىسى ! — سەييارە قىزىقچى تەزىم بىلەن قىزىل مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى كۆرسەتتى .

— رازىمەن ! ئىككىنچىسى سىنىڭكى ، فەزل . پەقەت بىرلا شەرت بىلەن : كىم ئۇتتۇرسا ، ئۇتقاننىڭ بويىنىغا بىر تىزىق گۆھەر ئېسىپ قويىدۇ . بۇ دورەم چۆنتەكنى يوغانراق ئېچىشقا توغرا كېلىدىغان بولدى ، ئەزىزىم ! قانداق ، بولامدۇ ؟

فەزل گويا سۆيۈنۈپ كەتكەندەك قىياپەت بىلەن ئېيتتى :

— ئەي ، زاتى مۇبارەك ! ئاللادىن سىزنىڭ قوچقىرىڭىزنىڭ يېڭىشىنى تىلەيمەن ! بولمىسا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمەن - دە !

— مەنمۇ قىزىل مەڭگۈزنىڭ غالىب چىقىشىنى خالاي- مەن ! — دېدى مۇھەممەد ئەمىن كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ ، — پەقەت ، باشقا بىر سەۋەبكە ئاساسەن . . . شۇنداق ئەمەسمۇ ،

دوستۇم؟ — ئۇ ئىبن هادیغا قاراپ ئىما قىلىپ كۆز قىسىپ قويدى، ئاندىن فەزلگە چۇشەندۇردى، — سىنىڭ يىشىل مۇڭگۇزۇڭنى بەرمەك دىيىشىدۇ. ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولسا، جەفەر ئىبن يەهيا بەرمەكىي مەغلۇپ بولدى، دىگەن گەپ.

فەزل كىنايىلىك كۇلۇمسىرىدى، بىرىنچى ۋەلىئەهد قوچقارنى جەفەر دىمەكچى بولدىيۇ، يەنە تىلىنى تىيىدى. چۇنكى، نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىسمىمۇ جەفەر ئىدى.

ئىككىسى تەرىپىدىن گىژ - گىژگە سېلىنغان قىزىل مۇڭگۇزلۇك قوچقار ئارقا پۇتلىرى بىلەن تىك تۇردى - دە، چاچراپ بېرىپ رەقىبىنى قوغلىدى. يىشىل مۇڭگۇزمۇ جاۋاب زەربىسىنى ئۇردى. جەڭ باشلىنىپ كەتتى. قوچقارلار جەڭگاهتا بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، قوغلىشىپ، بىر - بىرىنى يەرگە دومىلىتاتتى، سەكرەپ تۇرۇپ يەنە قوغلىشاتتى. بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن مۇڭگۇزلەردىن قارسىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. هايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن قىزىقچى سارائلاردەك يۈگۈرۈپ ئۇلارنى قامچىلايتتى. يىقىلغانلىرىنى قارشى زەربىگە ئۆتۈشكە هەيدەيتتى. بىرەبىر يىشىل مۇڭگۇزنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ كۇتكىنىدەك بەرمەك مەغلۇپ بولۇپ، يەرگە ئېغىناپ پۇتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈردى.

سۆيۈنۈپ كەتكەن مۇهەممەد ئەمىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغىنىچە چاۋاك چېلىپ، فەزلنى غالىب قوچقار ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنى مۇكاپاتلاشقا قىستاشقا باشلىدى. بوشاپ قالغان مەيداندا ئىككى پۇكۇلۇپ تەزىم قىلغىنىچە هەرەمئاغىسى پەيدا بولدى.

— سۆزلە! — ئىجازەت بەردى بىرىنچى ۋەلىئەهد.

— ئالىيلىرى! — مۇلايىم ئاهاڭدا سۆزلىدى هەرەمئاغىسى، — ئىشرەتبېشى ئۆزلىرىنى خوراز سوقۇشتۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com

تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلىندۇ .

— قانداق خوراز سوقۇرشتۇرۇشكەن ئۇ ؟ قوچقارلارنىڭ ئۆزى يېتەرلىك . ئەمدى شاراب ۋاقتى يەتتى . خورازلار كېيىنكى قېتىمغىچە سەۋر قىلىشسۇن ، — ئەمر قىلدى مۇھەممەد ئەمىن ، ئاندىن مېھمانلار تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قوشۇپ قويدى ، — ئىبن هادي ، فەزل ، قېنى ئەمدى توخۇخانامغا مەرھەمەت ! ھا- ھا- ھا ! . . .

بىرىنچى ۋەلىئەھدنىڭ سارىيى ئىران ۋە يۇنان سەنئىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، سارايىنىڭ دەريا تەرەپكە قارىغان ئۇيما نەقىشلىك ئايۋان ۋە دېرىزىلىرى گويا دەجلە دەرياسىغا ھەيۋەت بىلەن بېقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . پېشايۋاندىكى مەخپىي ئىشكتىن مۇھەممەد ئەمىننىڭ چايقىلىپ تۇرغان يەلكەنلىك كېمىلىرى ، قېيىقلىرى تۇرىدىغان جايغا چۈشكىلى بولاتتى .

باغ تەرەپتىن سارايغا ياپىسىمان يېرىم ئايلانما شەكىلدىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشكلەر ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى . بىرنەچچە پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئىشكلەرنىڭ يېنىغا سايىۋەنلىك مەرمەر كۇرسىلار تىزىپ قويۇلغانىدى . تاشتىن ياسالغان راۋاقنىڭ تورۇسىغا كۆركەم ھەم يالتىراپ تۇرىدىغان قىلىپ خەتتى كۇفىي بىلەن «مۇھەممەد ئەمىن ئىبن هارۇن ئەر - رەشىد» دەپ ئويۇلغانىدى . ئالدىدا چېپىپ كەتكەن جارچى بىرىنچى ۋەلىئەھدنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا هازىرلىنىپ تۇرغان ئىشكئاغىسى بېشى يەرگە تەگكۈدەك پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى .

مۇھەممەد ئەمىن ، ئىبن هادي ۋە فەزللەر پەلەمپەيلەردىن يۇقىرىغا چىقىپ ، بىر تەرىپى قوشۇمچە بىنالار ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھۇجرىلىرى ، يەنە بىر تەرىپىگە بولسا ھەشەمەتلىك دىۋان ۋە مېھمانلارغا ئاتاپ سېلىنغان خانىلار

جايلاشقان تار يوللاردىن ئۆتۈپ ، ئايلانما تار دەھلىزلەر ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىرىپ ، ئاخىر ھەشەمەتلىك شايى پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ماكان — پۈتۈن بىر شەھەرنى ئەسلىتىدىغان شاھزادە ھەرىمىگە يېتىپ كېلىشتى .

## 24 . ساراي ھەرىمى

ھەبەش ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ قوللىرى ئارقىلىق ئېھتىيات بىلەن تارتىلغان كىمخاب زەر پەردىلەر ئاستا - ئاستا ئېچىلدى . يۈگۈلىرى كۆپۈپ تۇرغان گىلەملەر ئۈستىدىن يۈرگەندە ئاياغ تىۋىشلىرى ئىشىتىلمەيتتى . كىچىك ۋە تارغىنا يول ، ئوچۇق ئايۋان ، ئىچكى باغنىڭ ئايلانما شەكىللىك گۈللۈكى ۋە ئۇ-زۇن - ئۇزۇن قىزىل مەرمەردىن ئىشلەنگەن يەتتە پەشتاق ئارقىدا قالدى . بۇ يەردىن ئاياللار سەلتەنىتى باشلىناتتى . زەڭگەر رەڭلىك يۇمشاق شايى پەردىلەردە بۇ سەلتەنەتنىڭ يەك-كە - يېگانە ، ئالىي ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەتپاناھ سۇلتانىنىڭ پەزىلەتلىرى شەنىگە پۈتۈلگەن ئېسىلزادىلەرچە ئالتۇن مىسرالار يالتىراپ كۆزگە تاشلىناتتى .

مىسرالارنىڭ مۇئەللىپى شائىر خەتمۇت تەگى ئىدى .

بوشاتماسەن تۆگەمنىڭ تىزگىنىن ئەسلا ،
سۇ ئىچىشكە يا سايىگە قويماسەن ھەتتا ،
ئېگىرىدىن چۈشۈرمەسمەن يۈكنىمۇ بىرئان ،
يولنى بېسىپ ئۆتسۇن ئۇچۇن قىينالماي ، ئاسان ،
ياق ، قورقمەن بوشتىشقا تىزگىنىن قولدىن ،
تا يانمۇ يان دوست باراركەن بۇ ئۇزۇن يولدىن .
ناۋادا سەن تۆگە سېتىۋالماقچى بولساڭ ،
ۋە قاتتىق قول ساھىب بولۇپ قالماقچى بولساڭ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەسىھەتنى يادىڭدا تۇت قىيىن سەپەردە :
ئۇلاغسىز بولسا يېنىڭدىكى دوستۇڭ ئەگەردە ،
شۇئان تۆگەڭنى تىز چۆكتۈرۈپ شارتىدە ،
دوستىنى ئۆتكۈز ئېگەرگەيۇ ، تۆشلۈكنى تارت ــ دە ؛
ئىككىيلەڭنى ھېچ قىينالماي كۆتۈرۈپ كېتەر ،
دوستۇڭ بىلەن ھېچ كۆرۈنمەس ھەرقانداق خەتەر .
يۈرمەك ئۈچۈن تۆگەڭدە گەر قالمىسا مادار ،
ئۇل تۆگىنى نۆۋەت بىلەن مىنمەكلىك دەركار .

مېھمانلار شېئىرلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ھەرەم ئاغىلىرى سەردارى دەرپەردىنى ئاستا سۈرۈپ قويدى . بەزمە ــ ئىشرەت ئۆتكۈزۈلىدىغان شىپاڭغا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ھەم كەڭ زالمۇ ، ياتاقخانىلارمۇ ھەشەمەتلىك ئەرمەن ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن بولۇپ ، چاقماق نۇسخا گۈل تىكىلگەن شايىلارغا كۆمۈلگەنىدى . يەرگە ناھايىتىمۇ نەپىس توقۇلغان ، تۆت ئەتراپى يىگىرمە غۇلاچ كېلىدىغان ئاجايىپ چوڭ گىلەم سېلىنغان بولۇپ ، ھەممە تەرەپكە ئىچىگە تۆگىقۇش پېيى تىقىلغان پەرقۇ ياستۇقلار تىزىپ قويۇلغان . تاماقلارغا ئىران شاھلىرى ، يۇنان پادىشاھلىرى ، ئېسىل ئارغىماقلار ، قاپلان ، لەھەڭ ۋە تىمساھلارنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان . سۈرەتلەر ئېمەن دەرىخى ياكى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان تاختايلارغا ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئەتراپلىرىغا ئالتۇن ، سەدەپ ۋە قىممەت باھا تاشلار كۆپلەپ قادالغان . ھەتتا سۈرەتلەر ئېسىلغان مىخلارمۇ ئالتۇندىن قىلىنغان . ئىشىكلەرنىڭ ئويمىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىگىمۇ كۈمۈش يالىتىپ بېزەلگەن . ئۆينىڭ ئۈستى چىرايلىق ھەم نېپىز مەرمەر تاختىلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ ، ئۇلاردىن بىمالال ئۆتكەن كۈن نۇرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ كەتكەنىدى .

مۇھەممەد ئەمىن قىزىل، قارا سەندەل ياغىچى بىلەن قاپلانغان تەختىراۋاندىكى گۈللۈك ياستۇققا يانپاشلاپ، مېھمانلارنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شايى پەردىلەر تۇتۇلغان تامنىڭ ئارقىسىدىن پەدىلىرى تەڭشىلىۋاتقان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تىرىڭ - تىرىڭ ئاڭلىناتتى.

شاھزادىنىڭ ئىشارىسى بىلەن ھەبەش ھەرەمئاغىلىرىنىڭ سەردارى خانىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئىبن ھادىي ئۆز پىلانلىرىنىڭ قانچىلىك تېز ئەمەلگە ئېشىشى توغرىسىدا، فەزل بولسا ۋەلىئەھدكە چۆرىلەرنىڭ قايسىبىرى — كارنافلېلىمۇ ياكى ئۇنىڭ دوستىمۇ، قايسىسى بەكرەك يارايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيلا تامنىڭ كەينىدىكى ئاۋازلار بېسىقتى. شۇئان ياتاقخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭدەك ئېچىلىپ قوللىرىدا ئۇد كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى جور بولۇپ كۈيلىشىۋاتقان سەرۋى قامەتلىك گۈزەل كېنىزەكلەر بىر - بىرلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئون ئىدى. ئۇلار تەبەسسۇم بىلەن مۇھەممەد ئەمىن ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى ئىشىككە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ئارقىدىنلا يەنە بىر توپ كېنىزەكلەر قاتارلىشىپ چىقىشتى. ئۇلارمۇ ئون بولۇپ، پەقەت كىيىملىرى ئوخشاشمايتتى. يېڭى قوشاقلار ياڭرىدى. شۇ تەرىقىدە ھەر قېتىمدا ئوندىن ئون مەرتە كېنىزەكلەر توپى سەپ تارتىپ ئۆتۈپ ئايالىلارغا خاس گۈزەللىك، ناز - كەرەشمە ۋە جەزبىدار ھۆسنى لاتاپىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى سورۇن ئەھلىگە نامايىش قىلىشتى. بۇ ھەرەم ئەھلىگە بېغىشلانغان تەنتەنىلىك كۆرەك ئىدى. ئىبن ھادىي بىلەن فەزل ئارقىمۇئارقا ئۆتۈۋاتقان كېنىزەكلەرگە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەرەم ئەھلىنى تەنتەنىلىك كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈش ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن رەسىم - رۇسۇم بولۇپ، بۇ ئىش ئۇنىڭ

ۋەزىرى ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە خەلىپىلىكنىڭ بارچە سارايلىرىدا تېزلا ئومۇملىشىپ كەتكەندى .

ھەيرەتكە چۈشكەن مېھمانلارنىڭ بېقىشلىرىدىن ، ئەلۋەتتە ، بۇنىڭغا ھەيرەتلەنسە ئەرزىيدۇ ، دېگەن مەنە بايقالدى . كۆركەم، خۇشقامەت ، پەرداز قىلىشقان ئاق تەنلىك گۈل ئوغلانلارنىڭ① دىت بىلەن تاللانغانلىرى كۆز - كۆز قىلىندى . ئۇلارنىڭ لىباسلىرى كېنىزەكلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىممەت باھالىق بولۇپ ، ۋاللىداپ پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى . بۇ قىممەت باھالىق ماتالار خەلىپىلىكنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن ياكى بولمىسا باشقا مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئەڭ سەرخىل بۇيۇملار ئىدى . تەختىراۋان ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ئاختا گۈل ئوغلانلار خۇددى چۆرىلەرگە ئوخشاش قاش ئېتىپ ، كۆزلىرىنى سۈزۈپ ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ، بەدەنلىرىنى ئوينىتىپ ، بەچچىلەرگە خاس خۇلق - ناز كۆرسىتىپ ئۆتەتتى .

— ئاھ . . . ئاھ . . . مېنىڭ يىگىناغۇچلىرىميەي ! — زوقلىنىپ ئاھ تارتتى بىرىنچى ۋەلىئەھد . ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇق ئىدى . گۈل ئوغلانلىرى ئىشرىتى مۇھەممەد ئەمىننىڭ جانۇ تېنى بولۇپ ، پۈتۈن ئىشتىياقىنى شۇلار چۇلغىغانىدى . ئۇلارسىز ھۇزۇر - ھالاۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . گۈل ئوغلانلار بار جايدا ئۇ يېمەك - ئىچمەكنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قوياتتى . خالايىقنىڭ تەنە - دەشنەملىرى ، نامەلۇم كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ھەجۋىيلىرى ، سۆز - چۆچەكلىرىنى ئۇ پەرۋايىغا ئېلىپمۇ قويمايتتى . ئەكسىچە ، گۈل ئوغلانلارنى ئىنئامۇئېھسانلارغا كۆمۈپ تاشلاپ ، سىلاپ - سىيپاپ ، مەدھىيىلىرىنى يەتتىنچى پەلەككە يەتكۈزەتتى ، — ۋاھ ، ۋاھ . . . جېنىم ، سادىغاڭ كېتەي ، يىگىناغۇچلىرىم ! بۇلارنىڭ

---

① ئاختا قىلىنغان چىرايلىق ئوغلانلار .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېگى مول ! قارغا بەچچىلەرنىڭ[1]ھەم شۇ !

ئۇد ، تەمبۇر ، قالۇن ، راۋاب ۋە چاڭ چېلىنىۋاتقان گۈل ئوغلانلارنىڭ ئايالللارنىڭكىدىنمۇ يوغانراق قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرى مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا ماس ھالدا سىلكىنىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئىچىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشىنىڭ جەزبىدار ۋە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئاھاڭى قاپلىدى. «ئاھ ، قانداق ئاۋازلار بۇ !» ھەممە نەرسىنى ، ھەتتا پېشايۋاندا ھازىرلانغان شەربەتنىمۇ ئەستىن چىقارغان مۇھەممەد ئەمىن شىرىن خىياللار قوينىغا شۇڭغۇپ كەتتى.

## 25. پېشايۋاندىكى كەيپ - ساپا مەجلىسى

مەجلىسلەر تۈرلۈك - تۈمەن بولىدۇ: دۆلەت ئىشلىرى ، ھەربىي ئىشلار ، مالىيە ۋە سىياسەتكە دائىر مەجلىسلەردە خەلىپىلىك ۋە ياكى پۈتۈن جاھاننىڭ مۇئەممالىرى ھەل قىلىنىدۇ. يەنە شۇنداق مەجلىسلەرمۇ بولىدۇكى ، ئۇنىڭدا نۆۋەتتىكى ئوۋغا چىقىش ، يېڭى چۆرىلەرنى سېتىۋېلىش ، مۇشائىرە ۋە ياكى ئوغلاق تارتىش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئادەتتە خەلىپە ۋە ئەمىر باشلىق بىرنەچچە ئەر كىشى توپلاندىمۇ ، بولدى ، مەجلىس قۇرۇلىدۇ دەۋېرىڭ. ھەرەمنىڭ تەنتەنىلىك كۆرۈنىدىن كېيىن ، مۇھەممەد ئەمىن سارىيىدىمۇ خۇددى شۇنداق مەجلىس قۇرۇلدىكى ، ئۇنىڭغا كېنىزەكلەردىن باشقا ، تۈنجى قېتىم گۈل ئوغلانلارمۇ ئىشتىراك قىلىشتى. بىرىنچى ۋەلىئەھد ۋە ئۇنىڭ ئىككى مېھمىنى پەلەمپەيلەردىن

---

[1] مۇھەممەد ئەمىن قارغا بەچچىلەر دەپ خۇشچىراي قارا تەنلىك ھەبەش ئوغلانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبن ئەمىر مەلۇمات بېرىدۇ.

تۆۋەنگە چۈشۈپ، تار يول بىلەن ئوچۇق پېشايۋانغا چىققاندا، كەيىپ ـ ساپا لازىمەتلىكلىرى ئاللىقاچان تەخلەپ قويۇلغانىدى. خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە سېلىنغان گىلەملەرگە يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر چېچىپ قويۇلغان. پېشايۋاننىڭ بۇرجەك تېمى ئالدىدا ئېمەن دەرىخىدىن ياسىلىپ، يانلىرىغا ئالتۇن ۋە سەدەپلەر قادالغان ھەشەمەتلىك پاكار كارىۋات ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسىگە قىممەت باھا گۈللۈك رەختتىن چىمىلدىق تارتىلغان، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆپتۈز ئورۇندۇقلار ۋە گۈللۈك ياستۇقلار يېرىم ئايلانما شەكىلدە تىزىپ قويۇلغانىدى.

كارىۋات ئالدىغا چىرايلىق يولۋاس تېرىسى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېيىتىلغان يېرىم سۈزۈك شايى داستىخان ئۈستىگە قىزىل دەرەختىن ياسالغان خانتاختا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىدە كەيىپ ـ ساپا ئەسۋابلىرى ھازىر ئىدى. ئاجايىپ ـ غارايىپ بىللۇر ئىدىشلاردا ئۈزۈم ۋە خورمىدىن ياسالغان شارابلار، مۇزدەك شەربەتلەر تەييار. نەقىش چېكىلگەن كۈمۈش ئىدىشلارغا قارامتۇل سۇلاۋ[1] تولدۇرۇپ قويۇلغان. مەئىشەتلەرگە تولغان خانتاختىدا پىيالە ۋە چوڭ ـ كىچىك قەدەھلەر تۇراتتى. ۋازىلاردا خۇش پۇراق ھۆل مېۋىلەر، مېغىزى كۆرۈنۈپ تۇرغان پىستە، نىشاپۇر قۇمدا قورۇلغان مېغىزلار، ئەتىردە يۇيۇلغان شېكەر قومۇشلار، سوغۇق قۇش گۆشلىرى، مۇشك ـ ئەنبەر سېپىلگەن كۇلچىلار، قاتلىما نان ۋە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇ نېمەتلەر تارتىلغان. كۆرۈنمەس خۇشبۇي يېلىمدىن تارقىلىۋاتقان خۇش پۇراق ئىسلار ھاۋانى قاپلىغان.

كارىۋاتقا ئولتۇرغان مۇھەممەد ئەمىن ئىبن ھادىينى ئۆز يېنىغا چاقىردى، ئاندىن ئىككىنچى مېھمانغا قاراپ ئېيتتى:

— ئەزىزىم فەزل، ئۈستۈڭدىكى كىيىملىرىڭ سورۇنغا

---

① كۋاس تۈرىدىكى ئىچىملىك.

باب ئەمەس، ساڭا هازىرلا «مەستانىلەر كىيىمى» كەلتۈرىدۇ.

ئۇ خىزمەتكارلارغا ئىشارەت قىلدى. ئارىدىن بىر دەقىقە ئۆتەر - ئۆتمەي، فەزل قىزىل ياۋا زەپەر سۈيى بىلەن بويالغان ۋە كۆركەم پارقىراپ تۇرىدىغان جەلەبىيە كىيىۋالدى. خىزمەت قىلىۋاتقان ھەبەش چۆرە يېڭى گۈللەردىن ياسالغان گۈل چەمبىرەكنى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىم بىلەن ئۇزاتتى.

مۇھەممەد ئەمىن چاۋاك چالدى.

— ناخشىچى كېنىزەكلەرنى چاقىر! — بۇيرۇدى ئۇ پەيدا بولغان ئىشىكئاغىسىغا، — بىزدە يېڭى كېنىزەكلەر بارمۇ؟

— ئەي شاھزادەئى ساھىبى دۆلىتىم، ئىشرەت مەجلىسىگە باغدادنىڭ ئەڭ سەتەڭ ناخشىچى كېنىزەكلىرى تاللانغانكى، بۇنداقلىرى ئەمىرۇلمۇئمىنىنىڭ سارىيىدىمۇ تېپىلمايدۇ.

— ياخشى، چاقىر شۇ نازىنىن چۆرىلەرنى، مېنى ئىنتىزار قىلغان كېنىزەكلەر يېتىپ كەلگۈچە كۆڭلىمىزنى خۇش قىلغاچ تۇرسۇن.

ئىشىكئاغىسى چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كەينىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. گويا قەپەزدىن ئاران قۇتۇلغان ئاھۇدەك خۇشقامەت ساھىبجامال كېنىزەك چاققانلىق بىلەن پېشايۋانغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا سۇلتانىيە ماتاسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك بار ئىدى. كۆڭلەكنىڭ تېگىدىن گۈلگە ئوخشاش نازۇك بەدىنى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېشىدا مەھكەم چىگىلگەن يىپەك رومال، رومالغا زەر يىپلار بىلەن شۇنداق مىسرالار كەشتىلەنگەنىدى:

نېچۈن ئالالمىدىم نىشانغا سېنى،
كامانىنى ئىگرىتىپ قايان ئۇچتى ئوق!
بىرىنچى ئوقۇڭ بىلەن، ئەي مەرگىنىم
يۈرىكىمنى كاۋاپ قىلدىڭ مىسلى چوغ.

زىلۋا بويلۇق بۇ كېنىزەكنىڭ چېكىلىرىدىكى غۇزىمەكلەر ، يادەك قاشلىرى ، كىچىككىنە بۇرنى ، غۇنچىدەك لەۋلىرى گۆھەردەك يالتىراپ تۇرغان كۆكرەكلىرى تېخىمۇ جەزبىدار كۆرسىتەتتى . قولىدا يىپەك تالاسى بىلەن كەشتىلەنگەن تۆگىقۇشى پېيىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بار ئىدى . يەلپۈگۈچنىڭ پىل سۆڭىكىدىن قىلىنغان تۇتقۇچىغا ئىككى قاتار تۆتلىك شېئىر ئويۇپ قويۇلغانىدى :

مېنى ئىگىلىسە كىمكى ، مەنمۇ ئۇنىڭغا
ئەركىلەپ دىلىمدىن كۆلەرمەن شۇئان .
يازدا سالقىن سابا يوللاپ ئۇ تامان ،
چاشگاھ ئىسسىقى — ئاتەش ئۇرغان ھامان .

مەن يامغۇرمەن ۋە مەن مەسۇم شەبنەممەن ،
مۇھەممەد ئەمىنگە تەنھا تەسەللىمۇ مەن .
مېنىڭ ھۆسنىم مەگەر كىمگە ئاچسا گۈل ،
دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل ھۆكۈمدارى — ئۇل .[1]

كېنىزەكنىڭ بىلەكلىرىگە تاقالغان قوڭغۇراقلار بىر - بىرىگە تېگىشىپ بوشقىنە جىرىڭلايتتى . بارماقلىرىغا خېنە قويۇلغان بولغاچقا لالىدەك قىزىل كۆرۈنەتتى . ئاپئاق چىشلىرى دۇررى يەتىمدەك[2] يالتىرايتتى . كۆكرىكىنى بېزەپ تۇرغان ئاي شەكىللىك تاقىنچىقىغا ئەرەبى ھەرپلەر بىلەن پۈتۈلگەن تۆت مىسرا شېئىرنىڭ ئارىلىرىغا گۆھەر قادالغانىدى .

① شېئىرلار ئىبىن رەبباھىنىڭ «ئىسىل مارجانلار» مەجمۇئەسىدىن ئېلىنغان . — ئەسلى ئىزاھ .

② دۇررى يەتىم — يىرىك دۇرلار ، چوڭ ئۈنچىلەر .



www.uyghurkitap.com

جەننەت بېغىنىڭ جىمى نازۇك خۇلق ھۆرلىرى ــــ
ئۆزگە قىزلار باغرىدىن قېچىپ كەلدىم سىز تامان .
كىمنىڭكى تاسادىپەن چۈشسە ماڭا نەزەرى ــــ
ئۇلارغا ئالقىش ۋە پاكلىق ئەتكۈم ئارمۇغان[1] .

ئىبن ھادىي بىلەن فەزل ئىچىدە كېنىزەكنىڭ ھۆسنى لاتاپىتىگە تاڭ قالغان بولىسمۇ ، تېشىدا ئەدەپ ۋە ئېھتىرام بىلەن باقاتتى . چۈنكى ، شاھزادىنىڭ ئۇ كېنىزەككە دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىشكەنىدى . پۈتىنىڭ ئۈچىدا يېنىككىنە تەۋرىنىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كېنىزەككە ئورۇن بوشىتىپ ، فەزل بىر چەتكىرەك سۈرۈلدى . لېكىن ، كېنىزەك ھۆكۈمدارنىڭ پۈتلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇنغا ئولتۇردى . ئۇ خوجايىنىنىڭ پېشانىسىدە تامچە تەر كۆرۈنگۈدەك بولسا ، دەرھال سول قولىدىكى قولياغلىق بىلەن سۈرتۈپ قويۇشقا تەييار ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن پېشايۋانغا ئۈچىنچى قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ، يۇناندىن كەلتۈرۈلگەن ساھىبجامال چىقتى . ئۇنىڭ بويىندا قىممەت باھالىق مارجان ۋە ئالتۇن كرېست بار ئىدى . پىشىپ تەييار بولغان ئۈزۈم دانىلىرىغا ئوخشىتىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى . پېشانىسىدە ئەبۇ نۇۋاسنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈلگەن تىللاقاش بار ئىدى .

نېمە قىلىپ قويدۇڭ ، زېرەك مەرگىنىم ؟
ئەبەد مەھرۇم بولدۇم ئەقلىم ، دىلىمدىن .
مەن ئۆزۈمدىن كەتتىم ، سەن گويا غەنىم ،[2]
بىر ئوق بىلەن ئەركىم ئالدىڭ قولۇمدىن .

---

① ئارمۇغان — سوۋغا ، ھەدىيە .
② غەنىم — رەقىب ، ياۋ ، دۈشمەن .

ئوقنىڭ ئاچتى جىسمۇ تېنىم ئۈزرە كۆل،
جېنىم، ئىشق ئوتىدا كۆيدۈردۈڭ تامام.
ئىگرار، ناله قىلار بولالماستىن كۆل،
شۇندىن بېرى ھېچ جايدا تاپماسمەن ئارام.

مۇھەممەد ئەمىن يۇنانلىق كېنىزەككە ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىبن ھادىينىڭ كەينىگە كېلىپ تۇردى ۋە ئۇنى يەلپۈشكە باشلىدى. مانا ئەمدى بۇ نامدار مېھماننىڭ قىزارغان يۈزلىرىنى سالقىن شامال سىيپاپ ئۆتكەندەك بولدى.

پېشايۋانغا سالاپەت بىلەن قەدەم تاشلاپ ئۈچىنچى بىر كېنىزەك چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئادەت بويىچە چېگىلىدىغان يۆگىمە ياغلىق يوق ئىدى. تۇرمەكلەنگەن چېچىنىڭ يېرىمىسى تۇز ئېچىلغان بولۇپ، بۇ شەكىلدە تارىنىش تۇنجى بولۇپ ھۆسەيىنىڭ قىزى سۇكەينا تەرىپىدىن ئادەت قىلىنغانىدى. سۇكەينا ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق جىڭگىلەك چېچىنىڭ كۆركەملىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن چېچىنىڭ يېرىمىسىنى تۇز ئېچىپ كۆرۈنۈش قىلىشنى ئادەت قىلىنغانىدى. كېنىزەكنىڭ پېشانىسىگە ئاچ قىزىل يۇز مېيى بىلەن شۇنداق بېيىتلار يېزىلغانىدى:

ئالتۇن گۈلچەمبىرەكلىك ياش يىگىت،
نە بولۇر قەسىردىن چىقساڭ ناۋادا!
ئاھ ـ ھەسرەت، ھاياجان چەكمەك ئارتۇقچە،
تۇن ئۆزۈڭمۇ يا تاڭ يېقىن، دەپ بىھۇدە.
بۇنى ھازىر قايدىن بىلەي مەن — بەندە،
جېنىم ئوتتا كۆيۈپ تۇگەي دېگەندە.

ئاق بەرقۇت لىباسىنىڭ گۈللۈك جىيەكلىرىگىمۇ نەقىش

ئۇسلۇبىدا شېئىرلار تىكىلگەنىدى .

نىگاھ[1] خەت يوللىدى جېنىمغا ئاستا ،
زوق بىلەن مۆھۈرلەپ ئاڭا بارلىقىم .
شېرىن ئويلار مېنى ئەيلىدى خەستە ،
ئۇندا ئىشقىم ئوتى شەرمسارلىقىم .

كېيىمنىڭ ئوڭ يېقىدا شېئىرنىڭ داۋامى بار ئىدى :

يۈرىكىمنى كۆپ ئىمتىھانغا
دۇچار ئەتتى ئۆتكۈنچى نىگاھ ،
كۆپ ئوقۇبەت ، ئازابنى قانغا
قۇيدى سۆيگۈ زەھىرى بەناگاھ ![2]

فەزل بۇ كېنىزەكنىڭ ئۆزىگە ئاتالغانلىقىنى چۈشەندى . دېگەندەك شاھزادە بىر ئىشارە قىلمۇىدى ، كېنىزەك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن بىرىنچى ۋەلىئەھدنىڭ ئەتىۋارلىقىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ، بىر تىزى بىلەن چوكا چۈشۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنى يەلپۈشكە باشلىدى .

## 26 . ئەبۇ نۇۋاس

يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن كوزىلاردا شاراب كۆتۈرگەن قۇللار كىرىپ كېلىشتى . قۇللارنىڭ بىرىنچىسى — كۆك ،

---

① نىگاھ — قاراش ، بېقىش ، نەزەر سېلىش .
② بەناگاھ — كۈتۈلمىگەندە ، توساتتىن ، تاسادىپىي .

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىسى — يېشىل، ئۈچىنچىسى — سېرىق، قالغانلىرىمۇ شۇ تەرىقىدە قىزىل، كۆك رەڭ، بىنەپشە رەڭ چەكمەنلەر كىيىۋېلىشقانىدى. رەڭلەرنىڭ جۇلاسى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن تاللانغانىدىكى، ئىشرەت نەزمىسى باشقۇرغۇچىنىڭ ساقىيلارنى تاللاشتا ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيلەشتىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇللار ناھايىتىمۇ كېلىشكەن، ياش ھەم تېتىك ئىدى. ئۇلار يىراق ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. ھەممىسى ئاختا قىلىنغانىدى. ساھىبجاماللارغا خاس بولغان بۇنداق سىپايىلىك ۋە مۇلايىملىق ئۇلارغا مەڭگۈلۈك لاتاپەت ئاتا قىلغاندەك تۇراتتى.

پېشايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇتۇلغان شايى دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن قالۇن، ئۇد، تەمبۇرلەرنىڭ قەلبنى غىدىقلىغۇچى يېقىملىق سادالىرى كەلمەكتە ئىدى. ئاھاڭلار بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئاۋاز پەردىسى ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پەردە ئارقىسىدىن قىيسىق كۆزلۈك بىر سېرىق تەنلىك ئايال گىلەم ئۈستىگە چىقتى. ئايالنىڭ چىرايى ئوتتۇراھال، ئەمما ئاۋازى جانغا راھەت ئىدى. يېنىدا ئۇد ۋە تەمبۇر تۇتقان تۆت سازەندە بار ئىدى.

ئىشارەت بويىچە بەزمە باشقۇرغۇچى تولدۇرۇپ قويۇلغان بىر قەدەھ شەربەتنى مۇھەممەد ئەمىنگە تۇتتى. بىرىنچى ۋەلىئەھد قەدەھنى بىكارلىدى. گۈل ئوغلانلار تۇتقان قەدەھنى ئىبن ھادي ۋە فەزللەر ئەدەپ يۈزىسىدىن لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ قويۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭمۇ ئىچكۈسى يوق ئىدى.

سازەندە ۋە ناخشىچىلار گىلەمنىڭ ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان چېتىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

— نېمە ئۈچۈن ئەبۇ نۇۋاس يوق؟ — سورىدى مۇھەممەد ئەمىن.

— جانابى دۆلەتپاناھ ، — دېدى بەزمە باشقۇرغۇچى ، — شائىر مېھمانلار ھۇجرىسىدا ، ئەمرىڭىزگە ئىنتىزار .

— چاقىر ئۇنى !

گۇل ئوغلان ئىشىك تەرەپكە يول ئالدى .

— توختا ! — ئارقىسىدىن چاقىردى ئۇنى بىرىنچى ۋەلىئەھد ، خىزمەتكار تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى . خېنە بىلەن بويالغان بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ تەزىم قىلدى .

— «مەستانىلەر كىيىمى» كىيىۋالسۇن ! — بۇيرۇدى مۇھەممەد ئەمىن .

— پەرمانبەردارمەن !

بىرنەچچە دەقىقە ئۆتەر - ئۆتمەيلا (ئېھتىياتچان شائىر ئاللىقاچان «مەستانىلەر كىيىمى» كىيىۋالغانىدى ) پەيدا بولغان گۇل ئوغلان خەۋەر يەتكۈزدى :

— جانابى دۆلەتپاناھ ، ئەبۇ نۇۋاس يېتىپ كەلدى !

— كىرىشكە ئىجازەت ! — جاۋاب بەردى مۇھەممەد ئەمىن .

پېشايۋاندا شائىر كۆرۈندى . ئۇنىڭ يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان بولسىمۇ ، كالتە قىلىپ قويۇلغان ساقىلىغا تېخى بىرەرمۇ ئاق ئارىلىمىغانىدى . ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ، چىرايى سۇزۇك ، كۆزلىرى كۆپكۆك ئىدى . ئۇنىڭ ئانىسى كىشىلىرى ئۆز ھۆسنى لاتاپەتلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئەخۋەز مەملىكىتىدىن ئىدى . شائىرنىڭ ئىستىھزالىق بېقىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە زېرەكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .

— ئەسسالام ! — دېدى مەمنۇن بولغان مۇھەممەد ئەمىن ياستۇقنى ناخشىچىغا يېقىنراق سۈرۈپ قويۇۋاتقان گۇل ئوغلانغا سىنچىلاپ قاراپ ، — رەسمىي يوسۇندىكى ئىشرەت مەجلىسلىرىنىڭ بىرەرىمۇ شائىرسىز ئۆتسە بولمايدۇ . مىسرالارنى توقۇغۇچى مەشھۇر ئۇستازلار — بىزنىڭ

زىبۇزىنىنتىمىز .

ئەبۇ نۇۋاس سالامغا جاۋاب بېرىپ ، ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

بۇنداق تەنتەنىلەر داۋاملىشىۋەرگەچكە ، ئىبن هادى يېنىدىكى فەزلدىن :

— فەنخەستىن سېتىۋالغان چۆرىلەر كېلىپ قالغاندۇر۔مۇ ؟ — دەپ سورىدى . ئەبۇل ئەتەخىيەدىن ئاڭلىغان مەخپىي گەپلەر خىيالىدىن كەتمىگەن فەزل ئۇنىڭ قولىنى ئاستا قىسىپ :

— سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ! ئاللا رەھمەت قىلغان بولسا چۆرىلەر هازىرلا كېلىپ قالار ! — دەپ قويدى . ئىشرەت بەزمىسىدە خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇش — ئاشكارا بىئەدەپلىك ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشكەن فەزل دەرهال كاللىسىنى سىلكىپ ، تەبەسسۇم بىلەن ئەبۇ نۇۋاسقا گەپ ئاتتى :

— ئەي شائىر دوستۇم ، يېڭى شېئىرلىرىڭ بىلەن بىزنى شاد قىلمامسەن ؟ مىسرالىرىڭ ناخشىچىلارنىڭ ئىجراسىدا زاتى مۇبارەك بىرىنچى ۋەلىئەھدىمىزگە چەكسىز هۇزۇر ۋە ئارام۔بەخش ئەتمەكتە !

— سەل تەخىر قىل ، — دېدى بېشى شارابتىن مەستخۇش بولۇپ قالغان شائىرغا ئىشارە قىلىپ شاهزادە ، ئاۋۋال مەستخۇشلۇق ، ئاندىن ئەشئار !

گۈل ئوغلان يوغان جام تۇتتى . ئەبۇ نۇۋاس جامنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋېتىپ ساقىيغا قايتۇرۇپ بەردى ۔ دە ، «قېنى جامنى يەنە تولدۇر» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى .

## 26 . هەجۋىي ئىشتىياقى

شارابخورلۇقتا ئادەتلەنگەن شاهزادە مۇهەممەد ئەمىنمۇ شائىرنىڭ مەيپەرەسلىكىگە هەيران قالدى . ئۇ ئالمىنى بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىشلەپ ، چاينىماي تۇرۇپ ئېيتتى :

— هاي ئەخىەزلىك ، ئەمدى بىزنى خۇرسەن قىل !

— ئەمرىڭىز قانداق ؟ مەدھىيەمۇ ياكى ھەجۋىيە ؟ — سورىدى شائىر پىرايىغا ئىستىھزالىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

— نېمانداق بىمەنە سوئال تاشلايسەن ، شائىر ؟ — قەھرلىنىپ ئېيتتى فەزل ، — بۇنىڭغا قانداق تىلىڭ باردى ؟ دۆلەتپاناھىمىزنى ھەجۋىيە قاچان خۇشال قىلغان ؟ مەن سەندىن شۇنداق بىر يەڭگىل ، راۋان ، شوخ ۋە ئويناق مىسرا ئېيتقىنىڭكى ئۇنى شۇئان ئاھاڭغا سالغىلى بولسۇن ، دەپ تەلەپ قىلدىم .

ۋەلىئەھدىنىڭ ئۆز ئەتىۋارلىقى فەزلگە ئىستىھزالىق باققىنىنى كۆرگەن ئەبۇ نۇۋاس فەزلگە چاققانلىق بىلەن زەربە بەردى :

— ھۆكۈمدارىمىزنى نېمە خۇشال قىلىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن ، ئەي مۆھتەرەم زات ؟ ياكى سىپەھسالارلىكتىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ جانابىي مۆھتەرەم زاتى شەرىف ماڭا سوئال تاشلىدى ، مەن جاۋاب بەردىم ، ئۇ رازى بولدى . بۇ ئارىغا سېنىڭ گەپ قىستۇرۇشۇڭنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق .

— توغرا جاۋاب بولدى ! — گەپنى تارتىۋالدى مۇھەممەد ئەمىن .

— ئۆزۈم ھەممىنى چۈشەندىم . قۇلاقلىرىم ھەجۋىيەگە ئىنتىزار . مەدھىيىدىن كۆرە ھەجۋىيىدە پايدىلىق گەپلەر كۆپرەك . ئۆزۈڭمۇ بۇنىڭغا ھازىرلا قايىل قالىسەن ، فەزل ، قېنى شائىر ، ناخشىچىغا بىرنەرسە دە ، كۈيلىسۇن !

ئەبۇ نۇۋاستىن يەنە ئىلتىماس قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . ئۇ ئېگىشىپ چۆرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىدى . بارچە ئەھلى مەجلىس ، ھەتتا مۇھەممەد ئەمىنمۇ جىم بولدى . ناخشىچى قالۇنىنىڭ تارلىرىنى سازلىدى . پېشايۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

گۇمبىزىدە مىسرالار جاراڭلاپ كەتتى :

ئۆيلىسام ھېچ يەتمەيدۇ ئەقلىم .
نەگە سەرپلەر ھارۇن شاھ كۈچىن .
ۋەزىرگە ئەمىن ، ئەركىنلىك ئەما،
ئۆزگىلەرگە بۆرىدۇر گويا .
خەزىنىنى بولدى قۇرۇقداپ ،
تۈيدۇرماي جەپەر توشۇغاچ يىللاپ .
ئۇ خۇپسەن يىرتقۇچ ، ئۇ بېخىل ـ خەسىس
سەزدۇرمەيدۇ دۆلىتىنى ھېچ .
ئۇنىڭ بارچە گۇناھى ئارا
ئەڭ يەڭگىلى ــ خەسىسلىك شۇتاپ .
ئېيىنىش مۇمكىن ، ۋەزىرنى ئاخىر ،
نادانلىقى ئەيلەيدۇ خاراب .

ناخشا ئارىسىدا چۆرە مەنىلىك تىنىشۋالاتتى . بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ كۈلكىدىن نەپىسى سىقىلدى . بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھەجۋىي قىلىنىشۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن فەزلىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . ۋەزىرنى مەسخىرە قىلىش ھەممىدىن بەكرەك ئىبن ھادىينى خۇشال قىلدى . ئۇ ئاخىرقى ئاھاڭ تۈگە ـ تۈگىمەيلا شائىرغا مەدھىيە ياغدۇردى :

ــ قالتىس ھەجۋىيە ! قەسىدە ئېيتقان تىلىڭغا ئاللاھ مەدەت بەرسۇن ! ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن ! ــ تەختىنىڭ ئۇچىنچى دەۋاگىرى قولىدىكى گۆھەر تەسۋىنى توختىماي سىيرىيتتى . ئەبۇ نۇۋاسقا كاتتا ئىنئام بەرگۈسى كېلەتتىيۇ ، ئەمما ئۆزى مېھمان بولغاچقا ، ساھىبخانا ئىنئامۇ ئېھسان قىلماي تۇرۇپ بۇنداق قىلىشنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى ، شۇڭا ئەدەپ ساقلاشقا مەجبۇر ئىدى .

ئۇلپىتنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەن مۇھەممەد ئەمىن بىرىنچى بولۇپ شائىرنى تەقدىرلەشكە ئىجازەت بەردى . ئىبن ھادىي ئاتقان گۆھەر تىزىق توپتوغرا شائىرنىڭ تىزىغا چۈشتى . ئەبۇ نۇۋاس گۆھەر تىزىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا تەئەججۇپلىنىپ قاراپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن : «زىبۇزىننەت نە كېرەك ؟ ئاخىر ، مەن ئۇنى تاقاپ يۈرمەيمەنغۇ . . .» دېگەندەك تۇرۇپ قالدى .

شائىرنىڭ تەئەججۇپىنى دەرھال چۈشەنگەن شاھزادە :

— قارىسام ، ئۇنى نەگە تاقاشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان ئوخشايسەن ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ ، — مەن ساڭا ئۆگەتەي ، گۆھەرلەر كۆپرەك ئاپئاق بويۇنلارغا يارىشىدۇ ، — ئۇ يەلپۈگۈچ يەلپۈۋاتقان چۆرىگە ئىشارە قىلدى ، — بۇ ئايال ساڭا تارتۇق . ئەمما ، بۈگۈنكى بەزمىدىن كېيىن ، — ئەبۇ نۇۋاس بىرىنچى ۋەلىئەھدكە چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتماقچى بولۇپ ئېغىز ئۈمىللىۋىدى ، ئۇ شائىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئېيتتى ، — ياخشى ، بىزنى يەنە بىرنەرسە بىلەن خۇرسەن قىل . ئىنئام-ئېھسانىڭ چېكى بولمايدۇ .

بەزمە باشقۇرغۇچى قەدەھلەرگە دەرھال خورما ۋە ئالمىدىن تەييارلانغان شاراب تولدۇردى . تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى تەكشى قىلىپ تارالغان ياش گۈل ئوغلان سىلىق قارا شېشە قەدەھنى شائىرغا تۇتتى . مەستخۇش شائىر گۈل ئوغلاننىڭ كېلىشكەن قامىتىگە تىكىلىپ قالدى .

— قېنى گۈل ئوغلان مەدھىيىسىگە بىرنەرسە دېگىن-چۇ ، — بۇيرۇدى مۇھەممەد ئەمىن ، — ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن .

شارابنى ئوتلىغان شائىر خۇش ئاھاڭ تاۋۇش بىلەن شېئىرنى باشلىدى :

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشتە نازۇك ، كۆڭۈلچەك ، غەمكىن
يۈزىدىكى ئەڭلىك نىگاھنى تارتار .
ھەممىنى ھۆسنىگە قىلىدۇ ئەسىر ،
ھەرقانداق كۆڭۈلنى سېھىرلەر ، خۇشلار .
گېجەك چېكىگە ئېسىلغان ھىيلە ،
پېشانىسىدە زەپەر كوكۇلى ،
شەھلا كۆزلىرى قارا ھەم چوغدەك ،
كۆزلىرىم ئاغرىتىپ تېگىدۇ ئوقتەك ،
كىرپىكلىرى كۆرسە شادلىقنى رازا ،
مەككار نىگاھىدۇر دەردىمگە داۋا .
ئۇنىڭدىن ئىچەرمەن كۆپ يېڭى مەينى ،
پەقەت نېسىپ ئېتەر مەستخۇشلۇق ئەينى !
بال ـ بەزمە مۇشۇنداق قىلىسىلا داۋام ،
دەريا مەي بولسىمۇ تۈگەر بەتامام .

— مىڭ ئاپىرىن ! — توۋلىدى مۇھەممەد ئەمىن ، — ئال ، ئۇنىڭ بىلەن دەۋرۇ دەۋران سۈر . ئۇ سېنىڭكى !

بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ كەيپى بارغانسېرى ئۆرلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن فەزل باياتىن بېرى تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ تۇرغان سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى :

— ئەي ساخاۋەت ئىگىسى بولمىش شاھزادەم ، فەنخەستىن سېتىۋېلىنغان ئاق تەنلىك چۆرىلەر خىيالىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىغاندۇر ؟

— قانداقلارچە كۆتۈرۈلۈپ قالغۇدەك ؟ خىيالىمدىن زادى يىراق بولغىنى يوق ! قېنى ئۇلار ؟

— ئەي دۆلەتپاناھ شاھزادەم ! — خىتاب قىلدى مۇھەممەد

ئەمىننىڭ كۆزلىرى قادالغان بەزمە باشقۇرغۇچى، — چۆرىلەر كەلگىلى بىر سائەت بولدى.

— ئۇلارنى دەرھال بۇ يەرگە كەلتۈر!

بەزمە باشقۇرغۇچى پەرماننى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردىيۇ، بىردىنلا بىر تەرەپكە قاڭقىپ چۈشتى. ئۇ چىقماقچى بولغان ئىشىكتىن بىر مايمۇن سەكرەپ ئويناقلاپ ئېتىلىپ چىقتى. قولاقلىرىغىچە باسۇرۇپ كىيگۈزۈلگەن ئۈچلۈق قالپىقىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغانىدى. قوڭغۇراقلار قۇلاقنى گاراڭ قىلغۇدەك قاتتىق جىرىڭلايتتى. مايمۇن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىۋاتقاندەك چىرقىراپ ئۆرە بولدى. شۇندىلا سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ مايمۇن ئەمەس، بەلكى مايمۇن تېرىسىگە ئورىلىۋالغان ئادەم ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىشتى. ئۇ ئېگىلىپ، ئەپت - بەشىرىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇنچاق تىلىنى چىقىراتتى. پۇت - قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئويناقلاپ سەكرەيتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى شۇ قەدەر كۈلكىلىك ئىدىكى، قاقاقلاپ كۈلۈشلەردىن پېشايۋان لەرزىگە كەلدى. ھەممىدىن بەكرەك بىرىنچى ۋەلىئەھد قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى.

— ئەبۇ ھۇسەيىن ئەمەسمۇ سەن، ھەي مەجنۇن؟ — سورىدى قاقاقلاشتىن نەپەسى بوغۇلۇپ كەتكەن مۇھەممەد ئەمىن.

— خۇدا ئۇرسۇن مېنى، دەل شۇنىڭ ئۆزىمەن! — جاۋاب بەردى زەئىپ مەخلۇق يەردە بېشى بىلەن موللاق ئېتىپ، — ئەنە شۇنى دەپ خۇدانىڭ بۇ بىئەقىل بەندىسى ئەقىل - ھوشىدىن جۇدا بولدى.

ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلىپ ، پېشايۋانغا قىزغىتىشتىن سېتىۋېلىنغان ئاق تەنلىك چۆرىلەر كىرىپ كەلدى . ئالدىدا كېلىۋاتقىنى كارنافلېل ئىدى . يىپەكتەك يۇمشاق قاپقارا چاچلىرى مۈرىسىگە تاشلىنىپ تۇراتتى . قالغانلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇئىز كېلىۋاتاتتى . ئۇد تۇتقان سازەندە قىزلار تېخى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ بىر كۈيگە چالدى . مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇشتى . كارنافلېل ناخشا باشلىدى :

«ئۇ بازاردا ھەممىگە مەشھۇر —
قول ئايالدىن تۇغۇلغان ئەمەس .»
پىتىنچىلەر شۇنداق لاپ ئۇرار ،
لېكىن نەرخى دىناردىن ھەم پەس .
ھەممە ياقتا قىپقىزىل يالغان ،
ھېچكىم تايماس غەيۋەت يولىدىن .
گۇناھ ، سوراقتىن قورقماس بىگۇمان ،
نە ئاللانىڭ ئادىل قولىدىن .

— ھەق گەپ ، ساڭا لازىمى شۇ ، ھەق گەپ ! — دېگىنىچە پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تاراقلىتىپ تۇۋلىدى مۇھەممەد ئەمىن .

فەزل بۇنىڭدىن مەمنۇن . ئۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئەبۇل ئەتەخىيەگە بۇيرۇپ ، چۆرىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى ۋەلىئەھدنى ھاقارەتلەيدىغان بۇ شېئىرنى يازدۇرۇشقا ئۇلگۈرگەنىدى .

## 28 . مۆھتەرەم شەيخ ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل - ھاشىمي

كەچ كىرىپ كۈن پاتاي دەپ قالغانىدى . توساتتىن دەجلە تەرەپتىن مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئەمرى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭلاندى .

قوغدىغۇچى نۆكەرلەر باشلىقى يۈگۈرگەن پېتى پېشايۋانغا كىرىپ كەلدى .

— ئەي دۆلەتپاناھ ! — دېدى ئۇ تەزىم بىلەن يەر ئۆ- پۈپ ، — قېيىق دەريا بېكىتىگە يېقىنلاپ قالدى . ئۇقۇشىمچە ، قېيىقتا شەيخ ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل - ھاشىمي بار ئوخشايدۇ .

بۇ سۆزلەر سورۇنغا خۇددى تاش بوراندەك تۇيۇلدى . مۇزىكا توختىدى . ئىشرەت بەزمىسى بۇزۇلدى . ئىبن ھادىينىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى . ھاشىمىيلار ئاقساقىلىغا كەيپ - ساپا ئىچىدە ئۇدۇل كېلىپ قېلىش ئوپئوچۇقلا ئەدەپسىزلىك بولاتتى .

بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىككەن بىرىنچى ۋەلىئەھد دەرھال ئۆزىگە كەلدى - دە ، بېشىدىكى گۈلتاجىنى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىدى ، قەدەھ - جاملار تۇرغان خانتاختىغا قاراپ قويۇپ ، قىزىقچىنىڭ ئالدىدا شامدەك قېتىپ قالغان يېرىم يالىڭاچ چۆرىلەرگە قەھرلىك نەزەر تاشلىدى - دە :

— كۆزۈمدىن يوقىلىش ، بۇزۇقلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

كىم كەلگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن گۈل ئوغلاننى ماڭدۇردى . گۈل ئوغلان قايتىپ كېلىپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى :

— ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل - ھاشىمي كىرىشكە

www.uyghurkitap.com

ئىجازەت سورايدۇ .

ــــ مۇھتەرەم شەيخنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولۇش بىزنى ھەر ۋاقىت شاد قىلىدۇ ! ــــ دېدى مۇھەممەد ئەمىن تىلىنى چايناپ ، ــــ ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل ـ ھاشىمىي مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن بېشىمىزنى كۆككە يەتكۈزگەي !

خىزمەتكار ئىشىكنى ئېچىۋەتتى . لېكىن ، بوسۇغىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ھەربىر دەقىقىمۇ ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە . كۈتۈش ناھايىتىمۇ ئېغىر بىلىنمەكتە ئىدى . شىپاڭغا تارتىلغان دەرپەردىدە گويا يىرتقۇچ قۇشلار ئۇچۇپ كەلگەندەك بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى . نىھايەت ئۇچىسىغا ھەشەمەتلىك قارا تون ، بېشىغا شاھى سەللە ئورىغان بەستلىك كەلگەن مويسىپىت بوسۇغىغا ئاستا قەدەم قويدى . بۇ كىشى كۆپلىگەن ئەمىرۇلمۇسلىمىن ۋە ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يېتىشىپ چىققان ھاشىمىيلار سۇلالىسىنىڭ رەھنەماسى ، ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى ، يىراقنى ئويلاپ ئىش تۇتقۇچى ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل ـ ھاشىمىي ئىدى . ئەل ئارىسىدا شەيخ ئىسمائىل نامى بىلەن مەشھۇر ۋە مەنزۇر بولغان بۇ مۇبارەك زاتى شەرىپىنىڭ مۇتەپەككۇرانە كەڭ پېشانىسى ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي كۈچ ـ قۇۋۋەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قامىتى ، قاردەك ئاپئاق قاشلىرى ، بويالمىغان ساقىلى ، ئۇنىڭ پانىي دۇنيا لەززەتلىرىگە پەرۋاسىزلىقى ۋە تەقۋادارلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى . ئۇ كىشىلەرگە كېلىپ چىقىشى ياكى تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ۋە تەبىئىي ئەقىل ـ ئىدراكىغا قاراپ باھا بېرەتتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ئىنساندىكى ئەڭ ئالىي پەزىلەت ــــ پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق ئىدى . ھارۇن رەشىد ئانا تەرەپتىن ئۇنىڭغا جىيەن كېلەتتى . مويسىپىت ئەمىرۇلمۇسلىمىننى ئۆزىگە جىيەن بولغانلىقى ۋە ياكى ئۆزىگە ئوخشاش ھاشىمىيلار جەمەتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىرلەيدۇ .

ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيانى بولسا پارس بولغانلىقى تۈپەيلى ئۆچ كۆرىدۇ ، دېيىش توغرا بولمايتتى . شۇنداق ، شەيخنىڭ كۆڭلىدە پەقەت بىرلا ئىستەك — خەلىپىلىكنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ، بۇ گۈللىنىشنىڭ ئۆمرى باقىي بولۇشنى ئۈمىد قىلىش ئىستىكىلا بار ئىدى . بۇ خەيرلىك دەۋرۇ دەۋراننى روياپقا چىقىرىش كىمگە ، قايسى خاندانغا نېسىپ بولىدۇ ، بۇ شەيخ ئۈچۈن بەرىبىر . سەلتەنەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى بەرھەق ۋە بەرقارار بولسا ، بەس .

ۋەزىر ئوردىدىكى پىتنە - پاساتلارغا سەۋەب بولغان ھادىسىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ باراتتى . ۋەزىر خەلىپىگە قارشى پىتنە قوزغاۋاتقان ، تەخت ۋارىسلىرى بىر - بىرلىرىگە قارشى پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتقان ، قارىمۇقارشى گۇرۇھتىكىلەر بولسا ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن تەرىزدە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قارار تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ، بۇنداق ئاخىرى چىقمايدىغان كۈرەشلەرگە شەيخ يۈكسەك مۇتەپەككۇرانە نۇقتىئىنەزەر بىلەن نەزەر تاشلاپ ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىنتىلەتتى . ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئىككى ئەربابنىڭ نۇقسانلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنىمۇ ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنەتتى . ھارۇن رەشىد بىلەن جەفەر ئىبن يەھيا ئەل - بەرمەكىي بۇ مۆھتەرەم بوۋاينى چوڭلارغا خاس مىجەز - خاراكتېر ۋە پاك قەلبى ، خەلىپىلىككە بولغان غەرەزسىز ھەم چەكسىز مۇھەببىتى تۈپەيلى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيتتى . پەقەت تېخى تولۇق يېتىلمىگەن كاللىسىدا ياشلىقنىڭ تىنىمسىز قايناق ئېھتىراسلىرى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان مۇھەممەد ئەمىنلا كۆرۈنۈشتە تولۇق قاپاق تۈيۈلىدىغان شەيخنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىگە ئېتىبارسىز قارايتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 29. تۇيۇقسىز قەدەم تەشرىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى

كۆيۈمچان ئۇستاز سۈپىتىدە شەيخ ئىسمائىل ئىبن ھادىينى تەقۋايى ھەقىقەت تەرەپكە باشلايتتى. شۇنداقتىمۇ شۆھرەتپەرەس ياش يىگىتنىڭ ئۇششاق - چۇششەك دەۋالىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى ئۆزىچە ياخشى كۆرەتتى. خەلىپىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممە نەرسىدىن مۇقەددەس بىلگەن شەيخ ھەتتا ئۆز مەنپەئىتىنىمۇ ئەنە شۇ ئېتىقادقا بويسۇندۇرغانىدى. ۋەسىيسى ئىبن ھادىينىڭ ھارۇن رەشىد ۋە بەرمەكىيلەرگە بولغان كۇچلۇك نەپرىتى بوۋاينى بىئارام قىلاتتى. «قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بۇ ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى تىزگىنلەش كېرەك. بولمىسا ئىشنىڭ ئاخىرى ئىسىت بولۇپ قېلىشى ئېنىق» دەپ ئويلايتتى.

شۇ يىللاردا، بەسرە ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ھاشىمىيلار ئەمىرۇلمۇسلىمىن تەرىپىدىن كۇچەپ رىغبەتلەندۇرۇلۇۋاتقان ئىشرەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنىدى. خەلىپە ئۇلارنىڭ چۆرىلەرنى سېتىۋېلىش، ئىشرەتپەرەسلىك بابىدىكى خىراجەت - چىقىملىرى ئۇچۇن خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ قويىدى؛ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ياغدۇردى. ھاشىمىيلار قەسرىدىكى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ئىشرەت بەزمىلىرىنىڭ ئايىغى ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقانلىقتىن، خەلىپىنىڭ كۆڭلى توق ئىدى. چۇنكى، ئىشرەتپەرەسلەرگە سىياسىي ئىشلارغا كۆڭۇل بۆلگۇدەك نەدە ۋاقىت دەيسىز.

شەيخ ئىسمائىل بۇ خانداننى پاھىشىۋازلىق گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئاللىقاچان ئۇمىدىنى ئۇزگەن بولۇپ، ئىشرەتۋازلىقتا داڭقى چىقارغان بەسرەنىڭ كەيپ - ساپا

سورۇنلىرىغا ئىبن ھادىينىڭ ئىشتىراك قىلماسلىقى ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ئەمما، ئىبن ھادىينىڭ بۇنداق بەزمىلەردىن ئۆزىنى تېيىشى بۇ مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ھارۇن رەشىدنىڭ زىندىيەت ئۇرۇقى چاچقانلىقىغا نىسبەتەن ياش يىگىتنىڭ قەلبىدە ئويغانغان قارشى زەربە بېرىش ئىستىكىنىڭ كۈچىدىن ئىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە، خەلىپىمۇ تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ دەۋاگەرنىڭ خىلۋەتتىكى تۇرمۇش يوسۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى ئىزچىل ھالدا دىققەتتىن يىراق قىلمىغانىدى. ۋەزىيەتنىڭ نازۇكلۇقىنى ھېس قىلغان شەيخ ئىسمائىل ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتاتتى. ئىبن ھادىينىڭ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش، تاجۇتەختنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىشتەك يىگىتلىك ھەۋىسىنى باشقا ياققا بۇراپ، بۇ يىگىت ئۈچۈنمۇ، خەلىپىلىك ئۈچۈنمۇ زاۋاللىق يەتمەيدىغان يولنى ئىزدەيتتى. پەقەت بىر ھالەت ئۇنى قاتتىق ئىزتىراپقا سالاتتى: مۇھەممەد ئەمىننىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈنمۇ ھالاك پەيدا قىلىۋاتقان پايانى يوق شەھۋەتپەرەسلىكىنىڭ قورقۇنچلۇق تەسىرىدىن قۇتۇلۇشقا قۇربى يەتمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبن ھادىي خۇددى كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا ماي چاچقاندەك، پات ـ پات بىرىنچى ۋەلىئەھدنى يوقلاپ تۇراتتى.

بوۋاي ئىبن ھادىينىڭ باغدادقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ يولغا چىقتى. پايتەختكە كېلىشكە ئۇنىڭغا دەجلە بويىدا قۇرۇلغان ئىشرەت بەزمىسىنىڭ خەۋىرى يەتتى. شەيخ قېيىق چاقىرتىپ، شەخسەن ئۆزى سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

پېشايۋاندىكىلەر ئېھتىرام بىلەن باش ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. مۇھەممەد ئەمىن ئولتۇرغان يېرىدىن سەل ـ پەل مىدىرلىغاندەك بولدىيۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاينىڭ

ئالدىغا بىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . پەقەت ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن سەزگۈر فەزللا مۆھتەرەم زاتنىڭ ئىستىقبالىغا بېرىپ ، ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ قارىمۇتۇق قولىغا سۆيدى .

— مەرھابا ، ئەي مۆھتەرەم زاتى شەرىپ ! — ئۇ توقۇما ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى ، — مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرسىلا .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ ، يا شەيخىم ! — كارۋاتتا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى مۇھەممەد ئەمىن ، — مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇشلىرىنى سورايمەن .

شەيخ ئىسمائىل سالامنى تەنتەنىلىك «ئىلىك» ئېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ دەجلىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى ، ئويلىمىغان يەردىن شاھزادىنىڭ ئىشرەت بەزمىسىگە دەخلى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىدى ، ئاندىن ناخشىچىلارغا ، تامنىڭ دالدىسىدا قىسىلىپ - قورۇنۇپ تۇرغان گۈل ئوغلانلارغا ، يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن خانتاختىغا بىرمۇبىر قاراپ ، خېلى زەن سالغاندىن كېيىن ئېيتتى :

— كېلىشىمدىن مەقسەت ، ئىبن ھادىي بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋېلىشتۇر . دەريا ئۈستىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئىشىتىلگەندەك بولدى .

— مۇشۇ يەردىمەن ، ئۇستاز ! — دېدى يىگىت دەرپەردە ئارقىسىدىن چىقىپ ، — ئەسلى ئەتىگەندىلا بەسرەگە قايتىپ كەتمەكچى ئىدىم ، لېكىن مۇھەممەد ئەمىن ماڭغىلى قويماي ، يېڭى ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى تىڭشاشقا تەكلىپ قىلدى .

— ئۆزۈڭنى ئاقلىمايلا قوي ، قوزام ، ھېچبىر گۇناھ قىلغىنىڭ يوق ، — دېدى ئىبن ھادىينىڭ خىجالەت تارتقىنىدىن

كۆڭلى خۇش بولغان شەيخ ئىسمائىل ، — مۇبادا باشقا ئىشلىك بولمىسا بىرگە قايتايلى ، تاجۇتەختىنىڭ مۇناسىپ ۋارىسىنىڭ ئويۇن - كۈلكىسىگە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمىنى سېزىپ تۇرۇۋېتىمەن .

— ئۇنداقتا ، كىيىممىنى ئالماشتۇرۇۋالاي ! — ئىبن هادىي شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىگە ئاجرىتىلغان خاس هۇجرىغا چىقىپ كەتتى .

بوۋاي ئۆزرە ئېيتىپ خەيرلىشىپ تاشقىرىغا چىقتى . چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇلار قېيىقتا ئۇچراشتى . قارا تون كىيىۋالغان ئىبن هادىي تاختا پەلەمپەيدىن قېيىققا چىققاندا ، شەيخ ئىسمائىل قېيىقتا ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرەتتى .

— بالام ، بۇنداق مىجەز - خاراكتېرىڭنى نېمە بىلەن ئاقلايسەن ؟ — دەپ سوئال تاشلىدى ئۇستاز قولىنى ئۆپۈشكە ئىنتىلگەن شاگىرتتىن قولىنى تارتىپ ، — ئاخىر ، مۇشۇ قىلىقلىرىڭ ئىستىقبال تەرەپكە ئىنتىلىۋاتقان سەندەك يىگىتكە يارىشارمۇ ؟

ئىبن هادىيدىن جاۋاب چىقمىدى . قېيىق قىرغاقتىن يىراقلاپ كەتتى . مۇهەممەد ئەمىننىڭ سارىيى قەلئە سېپىللىرى ئارقىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى .

— قانداقلا بولمىسۇن ، سېنى بۇنداق هاۋايى - هەۋەسكە بېرىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم ، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي قېيىقنىڭ باش تەرىپىگە ماڭغاچ .

— ئەجەبا ، سىلى مېنى غەرق مەست دەپ ئويلاۋاتامدىلا ؟ — سوراشقا جۈرئەت قىلدى ئۇستازىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ياش يىگىت ، — خۇدا هەققى ، شۇ لەنىتى هارام ئىچىملىككە پەقەت قولۇمنىلا تەگكۈزۈپ قويدۇم ، خالاس .

— مەن سېنى ، قوزام ، مەست دەۋاتقىنىم يوق ، — دېدى ئىبن هادىيغا زەن سېلىشقا ئۈلگۈرگەن شەيخ ئىسمائىل ، —

ئەگەر سەن ھاياتتا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىرنەرسىگە ئېرىشىش نىيىتىدە بولساڭ ، مۇھەممەد ئەمىنىنى بەزمە ئىشرەت پالاكىتىدىن قوغدىشىڭ لازىم . بۇ پىكرىم خەلىپىلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن . شۇنداقلا سېنىڭ ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم .

www.uyghurkitap.com

## 30 . خەلىپە ھادىي قانداق ئۆلگەن

ئىبن ھادىي قېيىق تۇمشۇقىدا تۇرۇپ ئۇزۇن ياغاچ بىلەن دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەۋاتقان قېيىقچىنىڭ ئىشىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى . لېكىن ، شەيخ ئىسمائىلنى ئالداش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى .

— پىكرىڭ كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن بەند ، ئوغلۇم ، — دېدى بوۋاي ، — ھاكىمىيەت كويىدىسەن .

— مەن ئالدامچى ئەمەسمەن ! — تېرىككىنىدىن ئەدەپسىزلەرچە ۋارقىرىدى يىگىت ، — ئۆز ھەققى ـ ھوقۇقۇمغا تېگىشلىكنى نېمە بولسا شۇنى ئالماقچىمەن !

— قېنى ئىجازىتىڭ بىلەن ئاڭلايچۇ ، ساڭا نېمە تېگىشلىك ئىكەن ، ئوغلۇم ؟

— ماڭا مەلۇم بولۇشىچە ، — دەپ گەپ باشلاپ بىردىنلا جىمىپ قالغان ئىبن ھادىي ئەتراپقا دىققەت بىلەن زەن سالدى ۋە بىركىم ئاڭلاۋاتمىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ ، ئاستاغىنا گېپىنى داۋام قىلدى ، — جىن چاپلاشقۇر سابىق قۇل بەچچىلەر مېنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قىلىشتى . ئەسلىدە تاجۇتەخت ماڭا تېگىشلىكقۇ !

— بەلكىم شۇنداقتۇر ، مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايمەن ، — دېدى شەيخ ئىسمائىل گويا تىلىنى چايناۋاتقاندەك قىلىپ ، — ئەمما مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق

بەزمىلىرى بىلەن ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى سىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقۇڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئالاقە بار ؟

— ئەي ئۇستاز ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىسىلا ياخشى بولار ئىدى ! — ئىلتىجا قىلدى ياش يىگىت ، — ئىجازەت قىلسىلا ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتاي .

— بەجانىدىل ، ئىجازەت ، قوزام . ئەگەر سۆزلىرىڭ راست بولسا ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشەي . ئۇنداق بولمىسا ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يول تۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەرمىز . ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدىمۇ سىرلىرىڭ ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدۇ .

— تەشەككۈرۈمنى قوبۇل قىلسىلا ، ئۇستاز ! ئەلۋەتتە ، سىلىگە ئايانكى ، بوۋام خەلىپە مەھدىي سەلتەنىتىنى ئاتام ھادىيغا قالدۇردى . بىلىشىمچە ، ئاتام خەلىپىلىك سەلتەنىتىنى ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرماقچى بولغان . مانا ماڭا !

— خوش ، يەنچۇ ؟

— يەنە نېمە بولماقچىدى ؟ مېنىڭ ئەس ـ يادىم تاجۇتەخت كويىدا !

— مەرھۇم بوۋاڭنىڭ (گۆرى نۇرغا تولسۇن) ۋەسىيىتىدىن تولۇق خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ مەھدىي سەلتەنەت تىزگىنىنى ئاكاڭغا تۇتقۇزغاندا ، ئاتاڭدىن كېيىن تاجۇتەخت تاغاڭ ھارۇن رەشىدكە ئۆتىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ بەرگەنىدى . كېيىن ، ھادىي — ئاتاڭ شەرتنى بۇزۇپ ھارۇن رەشىدنى تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ ، سەلتەنىتىنىڭ ئاچقۇچىنى ساڭا تۇتقۇزماقچى بولغانىدى . مانا شۇنى سەن ئۆز ھەق ـ ھوقۇقۇڭ دەپ بىلەمسەن !

— شۇنداق ، دەل شۇنى ! — قاشلىرىنى ھىمىرىپ ۋارقىرىدى يىگىت ، — ئەجەبا ، كېيىنكى ئىشلارنى سىلى ئاڭلىمىغان بولسىلا ! توغرا ، پارسىنىڭ قىستىشى تۈپەيلى

www.uyghurkitap.com

سەلتەنىتىنى هارۇن رەشىدكە تاپشۇرغاندا، كېيىنچە تاجۇ-تەختىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تاغام قەسەمياد قىلغانىغۇ.

— بۇ ھەقتىكى مىش - مىشلارنى ئاڭلىغانمەن، ئەمما، بۇلار پەقەت ئەپقاچتى گەپلەردىنلا ئىبارەت، خالاس.

— ئەپقاچتى گەپلەرمىش! — دېدى ئىبىن هادىي ئۆزىنى ئاران بېسىپ، — تېخى بىر يىلمۇ هۆكۈمرانلىق قىلمىغان ئاتامنىڭ قەتل ئېتىلىشى ئاشۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلىمامدۇ؟

— قاتىللىق؟ — ياندۇرۇپ سورىدى شەيخ ئىسما-ئىل، — سەن تېخى خەلىپە هادىي قەتل ئېتىلگەن دېمەكچىمۇ-سەن؟ بۇ گەپلەرنى نېمىگە ئاساسلىنىپ دەۋاتىسەن؟ بىلىشىمچە، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمى پانىيدىن كۆز يۇمغان. ساقايماس كېسەل بىلەن كەتكەن. ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە، شۇنداق ھىيلەيۇ نەيرەڭلەر بىلەنمۇ خەلىپىلىكنىڭ ئىدارە ئىشلىرىغا قول سوزالمىغان بۇزرۇكۋار مومالىڭ ھەيزۇراننىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقى سىر ئەمەس. ئېھتىمال، ئۇمۇ بىچارە پەرزەنتىنىڭ چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىنى ئويلىغاندۇر. لېكىن، سەن ھەدەپ ئاغزىڭغا كەلگەنچە بىلجىرلاپ يۈرمە، «قەتل ئەتمەك» بىلەن «كېسەلنى تېزرەك پايانىغا يەتكۈزمەك» پۈتۈنلەي باشقا - باشقا گەپ. بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ. تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك، ئوغلۇم!

— مومام ئۆزىچە بىرەر ھەرىكەت، ئۇرۇنۇش قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭغا ئاشۇ لەنىتى پارس يول كۆرسەتكەن.

— سەن هازىرقى ۋەزىرنىڭ ئاتىسى يەھيا ئىبىن خالىدنى دېمەكچىمۇسەن؟

— ئەمىسە، يەنە كىم بولاتتى؟ ئەلۋەتتە، شۇنى - دە، ئاتام بوۋامنىڭ ۋەسىيىتىدىن ۋاز كېچىشى بىلەنلا ئۇ ئۆلگۈر

قول بەچچە بىناپ ياتقان ئاتامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى . ئاغرىق ئازابىدىن ماجالى قالمىغان ئاتامغا باشقا ۋەسىيەتنامىگە ئىمزا قويدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى . ئىش پۈتكەندىن كېيىن ، ئاتام ئۇلارغا ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالدى . شۇڭا ئۇنى دەرھال ئارىدىن يوق قىلىشتى . تېخى ئېنىق بىلمەيمەنۇ ، ئەمما ، گەپ خالتىلىرىنىڭ كېپىكە قارىغاندا ، زەھەرنى «تەۋەرۈك» مومام ئىچۈرۈپتۇ . مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئاتام ۋاپاتىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسى — قول بەچچە . قايغۇلۇق خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ ئىشىتكەن پارس پېرىم كېچە بولۇشىغا قارىماي ، ھارۇن رەشىد دەرگاھىغا يۈگۈرۈپ بارغىنى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدىغۇ . مانا ئەمدى ، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، ئۇستاز ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۇنىڭغا نەقەدەر يۈكسەك مۇكاپات تارتۇق قىلدى : ئوغلىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ ، پۈتۈن خەلىپىلىكنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ئەگەر گەپنىڭ راستى ئېيتىلسا ، خەلىپە بىلەن ۋەزىر ئورۇن ئالماشتۇردى . ھەقىقىي ئەمىرۇلمۇسلىمىن جەفەر ئىبنى يەھيا بولۇپ قالدى .

## 31 . بەرمەكىيلەر ۋە خەلىپىلىك

ئىبنى ھادىينىڭ دەۋاسى مەلۇم دەرىجىدە ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرۈۋاتقان شەيخ ئىسمائىل بۇ مەسىلىنىڭ باشقا بىر نازۇك تەرىپى ھەققىدىمۇ باش قاتۇرماي بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇراتتى . ناۋادا ئۇنى قول-لاپ – قۇۋۋەتلىسە ، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قائىدە – قانۇنلار بۇزۇلۇشى ، نىزا قوزغىلىشى ، خەلىپىلىكنىڭ قۇدرىتىگە ئورا كولىنىشى تۇرغانلا گەپ . شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇنىڭ دەۋاسىنى ئاساسسىز دەپ قاراش زۆرۈر ئىدى .

— ئوغلۇم، سەن بەرمەكىيلەر ھەققىدە بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، — دېدى بوۋاي، — ئۇلارنى خۇددى ئەشەددىي دۈشمىنىڭدەك بىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىراقلا لەنەتلەۋاتىسەن. ئەمما، بەرمەكىيلەر خەلىپىلىككە شۇنچىلىك خەيرلىك خىزمەتلەرنى قىلدىكى، ئۇلاردىن باشقا ھېچبىركىم بۇنچىلىك ياخشىلىقنى بۇنيادقا كەلتۈرگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرى بىباھا. مەنمۇ، سەنمۇ، ئەمىرۇلمۇسلىمىنمۇ، بارچىمىز — ھاشىمىيلار ئەۋلادى. تېنىمىز ۋە جېنىمىز، دوستۇ دۈشمەنلىرىمىز بىرلا، بىز ھەر ئىشتا ئىناق بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىمىز لازىم. بەرمەكىيلەرگە ئادالەتسىزلىك بىلەن قاراۋاتىسەن. ئۇلارنى يامانلاشقا قانداق تىلىڭ باردى؟ دەل مانا شۇ جەفەر ئىبن يەھيانىڭ بوۋىسى خالىد ئۇمەۋىيلەر خانىدانىغا قارشى باش كۆتۈرگەن ئەبۇ مۇسلىمنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، دەل مانا شۇ ۋەزىيەت بىزگە ئوڭ كېلىپ، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى تەختتىن تاۋۇتقا ئۇزىتىلىپ، ھاشىمىيلار ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققانلىقىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ كېيىن، خەلىپە ئەبۇ جەفەر مەنسۇر ئەبۇ مۇسلىمنى قەتل ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك، چېگرا ۋىلايەتلىرىدە كۇرد ۋە ئىرانىيلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلىپىلىكنىڭ تەقدىرى قىل ئۇستىدە قالغاندا يەنە خالىد ئارىغا چۈشۈپ، غەليان ھەربىي كۈچ ئىشلىتىلمەي تىنچىتىلىپ، سەلتەنەتتە ئاسايىشلىق قارار تاپقانلىقى ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلدىمۇ؟ خالىد ۋە ئوغلى يەھيانىڭ دۆلەت مەجلىسى ۋە دىۋان تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم ئىشلىشىنى يولغا قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ بولامدۇ؟ خالىدنىڭ باشلىغان ئىشلىرىنى ھازىرقى ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسى — جەفەر ئىبن يەھيا بىلەن فەزل ئىبن يەھيا ناھايىتى ياخشى داۋاملاشتۇرۇۋاتامدۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق خەۋىرىڭ يوقمۇ ياكى يادىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟

بەرمەكىي ، جان ئوغلۇم ، ــ دېدى بوۋاي ھاياجانلىنىپ ، ــ خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى ، پەخرىمىز ۋە شەۋكىتىمىز باغدادقا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلا ، ئەنە شۇندىلا بەرمەكىيلەر پائالىيىتىنىڭ ئاجايىپ سەمەرىسىنى ئېنىق كۆرىسەن : جاھاندا مىسلى يوق كۇتۇپخانا ، ئەسلىھەخانا ، خەستەخانا ، قازىخانىلار . . . بەرمەكىيلەرنىڭ ئۈچ ئەۋلادى مابەينىدە سەلتەنىتىمىزدە ئىلىم ، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتنىڭ روناق تېپىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى . ئۇلار شەھەرلەردە شۇنچىلىك مۇنتىزىم ئامانلىق خىزمىتى بەرپا قىلدىكى ، ھازىر ئۇلارسىز بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايمىز . يۇنان ، ھىندى ۋە پارس تىللىرىدىن شۇنچىلىك نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا زېمىن يارىتىلدىكى ، ئۇنىڭ باھاسىنى ھېچنەرسە بىلەن ئۆلچەپ بولمايدۇ . يەھۇدىيلار ، نەسرايىنلار ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىش تۇتۇشتى ، تېبابەت ئىشلىرىنى دەسلەپ بولۇپ يولغا قويۇپ ، ئۇنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا زور تۆھپە قوشقانلار دەپ كىملەرنى قەدىرلىشىمىز كېرەك ؟ بەرمەكىيلەرنىڭ ئالىملار ۋە ھىندى تېۋىپلىرىنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغانلىقى ساڭا مەلۇم ئەمەسمۇ ؟ ھېچبولمىسا ، ھاياتىدىن پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھارۇن رەشىدنى ئەجەل چاڭگىلىدىن تارتىۋالغان مانكىنى ئەسلەپ باقچۇ . بۇ تېۋىپنى تەۋسىيە قىلغان كىشىمۇ دەل شۇ يەھيا ئىبن خالىد ئىدى . نىھايەت ، جىنىدىخانىنى[1] يادىڭغا كەلتۈر . بۇنداق خەستە خانىلار تېخى ھېچ يەردە بارلىققا كەلمىگەنىدى ! ئەمىر ۋلمۇسلىمىنىنىڭ ئىجازىتى بىلەن بەرمەكىيلەر مەبلەغلىرى ھېسابىغا ئاشۇ خەستەخانىنى بۇنياد ئېتىپ ، سەۋدايىلارنى داۋالاشقا تېۋىپ ئىبن دەخنەنى ئېلىپ كەلدى . قەغەزلەر

---

① جىنىدىخانا — ساراڭ بولغانلارنى داۋالايدىغان ئورۇن ، يەنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى .

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا نېمە دەيسەن ؟ شائىرلار ئۆز قەسىدىلىرىنى سويۇلغان هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىگە ، خەلىپە قارارلىرى بولسا پاپىرۇس ۋە ئورىما قەغەزلەرگە پۈتۈلىدىغان زامان ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى . فەزل ئىبن يەھيا باغدادقا قەغەز ياساش كارخانىسى قۇرۇپ ، قەغەز ياساشنى يولغا قويدى . شۈبھىسىزكى ، سەنمۇ ئۇنى كۆرگەن . ئۇ بىزنى بارچە دەۋر ۋە خەلقلەرنىڭ ئەڭ بىباھا كەشپىياتلىرى بىلەن تونۇشتۇردى . مۇشۇلار يېتىپ ئاشار ! — دېدى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ ، — مۇبادا مەن بەرمەكىيلەر قىلغان خەيرلىك ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ تولۇق سۆزلىمەكچى بولسام ، ئۇلارنى ساناپ چىقىشقىمۇ مادارىم يەتمەس . پارسلار خەلىپىلىكنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ . هامانكى ، دۆلىتىمىزنى سۆيگەنىكەنمەن ، ئۇلارنىمۇ سۆيمەسلىككە ھەققىم يوق . ئېسىڭدە تۇت ، ئوغلۇم ، مەن ۋاقتىلىق ھېسلار تەسىرىدە بۇنچە هاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقىنىم يوق . كۆڭلۈمدە قانداقتۇر مەخپىي پىكىر ـ ئەندىشىلەرمۇ يوق . مەن پەقەت ئىككى نەرسىنىلا كۆزدە تۇتۇپ سۆزلەۋاتىمەن . ئۇ بولسىمۇ ، ئادالەت يولىدىن قايتماسلىق ۋە خەلىپىلىكنى مۇستەھكەملەش .

قىيىق توساتتىن يۈلەنگەن ئىبن هادىي قېيىقنىڭ يان تەرىپىگە سۇنىڭ شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشىغا تىڭىشلىغىنىچە جىمجىت ئاڭلاپ تۇراتتى . كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلغان خىياللار گويا دەريا قەرىگە چۆكۈپ كېتىپ ، ئۇنى ئىلغىۋېلىش مۇشكۇلدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى .

— بىلىمەن ، بەرمەكىيلەرنى قارغىشىدۇ ، — سۆزىنى داۋام قىلدى شەيخ يىگىتكە نەزەر تاشلاپ ، — خوش ، ئۇلار كىملەر ؟ فەزل ئىبن رابىيەگە ئوخشاش ئادەم تەلەتىنى يوقاتقان تۇتۇرۇقسىز ساتقىنلار ! ئاشۇنداق بىرىنېمىلەر سېنى يولدىن ئازدۇرغان بولمىسۇن يەنە ؟ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش —

ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدىكى ئەخمەقلىق . ئۇ خىلدىكى ئادەملەر مەنپەئەت يولىدا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ .

ئىبن ھادىي قەددىنى رۇسلىدى . پارسلارغا بولغان غەزەپ ئوتى ، ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان شۇنچە كۆپ پەزىلەتلىرىگە قارىماي ، ياش يىگىتنىڭ قەلبىدە زەررىچىمۇ ئۆچمىدى .

— ئەي ئۇستاز ، گەپلىرىدىن قارىغاندا ، بەرمەكىيلەر بەخت يولىنى ئاچقان ساماۋى پەرىشتىلەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە ؟ — دېدى يىگىت زەھەرخەندە تەرىزدە ، — يا ئەلھەزەر ! ئاتامنى ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىپ ، مېنى تەختتىن مەھرۇم قىلغان رەزىل ، ئىپلاس كىشىلەر ئەنە شۇلار ئەمەسمۇ ، ئاخىر !

— سەندە قولغا چىققۇدەك بىرەر دەلىل يوق ، بالام ، — دېدى يىگىتنىڭ ياشلارچە ئەسەبىيلىكىنى بېسىشقا ئىنتىلگەن بوۋاي ، — بىلىشىمچە ، يەھيا ئىبن خالىدنى ئاتاڭنىڭ ئۆلۈمىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك سەۋەبكار دەپ ھېچكىم دەلىللىيەلمەيدۇ ، بۇ ئىشلار ماڭىمۇ قاراڭغۇ .

— ئەمما مەن قەتئىي شۈبھىلەنمەيمەن ! — ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتى يىگىت ، — ھارۇن رەشىدنى تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەش ھەققىدىكى ئاشۇ شۇم ھۆججەتكە — ھېچقانداق شەرت ۋە سەۋەبسىز ، ئەڭ قىزىقى ، يا ئىلگىرىرەك يا كېيىنرەك ئەمەس — ئاشۇ ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلۇشى بىلەنلا ئاتامنىڭ جېنى چىقتى . ئەجەبا ، بۇ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىيلىقمۇ ؟ ياق ! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، ئۇستاز ، مانا ۋاسىتىلىك دەلىل ! كېيىنچۇ ؟ ئىشلار تېخىمۇ ئوڭدىن كېلىپ ، ئۆز ـ ئۆزىدىن يۈرۈشۈۋەردى . مۆھتەرەم تاغام خەلىپىلىك تەختىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ، تەخت ۋارىسى توغرىسىدا تەشۋىش چېكىپ ، مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆزىنىڭ پاھىشىۋاز ئوغلى مۇھەممەد ئەميننى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتتى . ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ ،

www.uyghurkitap.com

خۇددى ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا، جەفەر ئىبن يەھيا ئارىغا چۈشتى، ئىرانلىق چۆرىدىن تۇغۇلغان مەئمۇن تەختنىڭ ئىككىنچى ۋارىسى قىلىپ بېكىتىلدى! مېنىچۇ؟ مەن بولسام ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ قېلىۋەردىم. ئاھ خۇدا، ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولسام...

— ئوغلۇم، گېپىڭ بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ بىر-بىرىگە ماس كەلمەي قالدى، — ۋەزىمنىلىك بىلەن سۆز قىستۇردى نارازى بولغان شەيخ ئىسمائىل، — مۇھەممەد ئەمىننى ئاغزىڭدا يامانلاپ پاھىشىۋاز دەيسەنۇ، ئۆزۈڭ ئۇنىڭ ئىشرەت بەزمىلىرىدە بىمالال كەيپ-ساپا سۈرىسەن. ئالدىنقىسىنى سۆزلىگەنىكەنسەن، كېيىنكىسىنى قىلما. ھامان ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالاشقانىكەنسەن، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىمە. ئەمما، ئاساسىي گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. بىلىشىمچە، سەن تارتىۋېلىنغان ھەق-ھوقۇقۇڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئىستىكىدە كۆيۈۋاتىسەن، ئىجازىتىڭ بىلەن سوراپ باقاي: نېمىدىن ئۈمىدۋارسەن؟ تاغاڭ — خەلىپە. لەشكەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى كۆپ، ئۇنى ھاشىمىيلار قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە. تەخت دەۋاسى قىلىۋاتقانلىقىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدىغان بولسا، ھالىڭغا ۋاي. دەرغەزەپ ھالەتتە ھارۇن رەشىد رەھىم-شەپقەتنىڭ نېمىلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ. ئىسيانكارنى قىيما-چىيما قىلىپ تاشلاشنى بۇيرۇيدىغان بولسا، سېنى قىيمىلاپ دەشت-چۆللەرگە چېچىۋېتىدۇكى، نەتىجىدە دەپنە قىلىش ئۈچۈن بىر پارچە گۆشۈڭنى تېپىشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەگەر ساڭا تۆگە سۈيدۈكى سۇمۇرتۇلگەن يۇڭ كۆڭلەك كىيگۈزۈپ، ئاپتاپتا تۇرغۇزسا، ئۇنىڭدا دەردىڭنى كىمگە ئېيتىسەن؟ مەن باشتا ئېيتقىنىمدەك، بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. ئەمما، سەن ئۆزۈڭمۇ ئەقلى-ھوشۇڭنى يىغىپ، ئېھتىيات بىلەن يۈر.

باللارچه خام خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت ، ئوغلۇم . مۇبادا بۇ ئىش بىرىپ خەلىپىلىكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە قۇدرىتىگە تاقالغۇدەك بولسا ، قانچىلىك ئاچچىق بولمىسۇن ، سېنى قۇربان قىلىشتىن باشقا ئامالىم يوق .

— ئۇستاز ، سىلىدىن ئۆتۈنىمەنكى ، مېنى گۆدەك كۆر-مىسىلە ! — قەتئىي ئاھاڭدا ئېيتتى ئىبن ھادىي ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان تىترەكنى ئاران بېسىپ ، — تاغامغا قارشى باش كۆتۈرۈش خىيالىمغا كەلگىنىمۇ يوق . بۇنىڭدىن ئاللا ساقلىغاي ! ئاخىر ، بۇ ساراڭلىققۇ ! مەيلى ئېلان قىلىنغىنى بويىچە تاجۇتەخت ۋارىسى مۇھەممەد ئەمىن بولسۇن ، بۇنىڭغا ئېتىرازىم يوق . ئەمما مۇھەممەد ئەمىن تاجۇتەختنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ناقابىل . چۈنكى ، ئۇ سىپى ئۆزىدىن كالتە پەم . كېيىنچۇ ، مەئمۇن تەختكە چىقىدۇ ، سابىق چۆرىدىن تۇغۇلغان بۇ ئوغۇلنىڭ ئېھتىياتچان ھەم دانىشمەن ئىكەنلىكىگە تەن بېرىمەن . لېكىن ، ھاشىمىيلار ئۇنىڭغا قارشى . مۇبادا ، جەفەر ئىبن يەھيا ئۇنىڭغا مەدەتكار بولمىسا مەئمۇنمۇ تەختتە بەقارار بولالمايدۇ . ئەنە كۆردىلىمۇ ، مېنىڭ يولۇمغا باشقا بىرى ئەمەس ، دەل ئاشۇ ۋەزىرنىڭ ئۆزى پۈتلىكاشاڭ بولماقتا . كىم بىلىدۇ ، ئۇمۇ تاجۇتەختكە كۆز ئالايتىۋاتامدۇ تېخى . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ! ئۇ لەنىتى ئۆلۈمگە مەھكۇم ! ئەي مۆھتەرەم ئۇستاز ، سىلى ئاتامنىڭ قەتل ئېتىلگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر دەلىل - ئىسپات يوق دەيدىلا . ماقۇل ، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى ، باشقا ياۋۇزلۇق ، دەلىل - ئىسپاتلارمۇ يېتىپ ئاشىدۇ . ئالايلى ، بەرمەكىيلەر قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ دۆلەت ئارتتۇردى ؟ ئۆزلىرى خەلىپىلىكنىڭ سائادىتى يولىدا كۆيۈپ - پىشىلايۇ ، ئەمما سابىق قۇلبەچچىنىڭ بىزنى نېمە قىلتاققا دەسسىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلىرى يوق ! ئۇنىڭ خۇسۇسىي دارامىتى دۆلەت دارامىتىدىن كەم ئەمەس . بۇ توغرۇلۇق ماڭا

www.uyghurkitap.com

خەزىنە دىۋانىنىڭ سەردارى سەھل ئىبن ھارۇن ئۇچۇق سۆزلەپ بەردى . ئاخىر ، ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلار ئېنىق مەلۇم ـ دە ! ئەمما ئېنىق رەقەملەر ، ئۇلارنى يادقا ئېيتىپ بېرەلەيمەن . خەلىپىلىكنىڭ مەغرىبتىن ـ مەشرىققىچە بولغان پۈتۈن چېگرىلىرىدىن سېلىق سۈپىتىدە كېلىدىغان مەبلەغ تەخمىنەن تۆت يۈز مىليون دىرھەم ياكى يىگىرمە يەتتە مىليون دىنارغا تەڭ . بەرمەكىيلەرنىڭ يىللىق دارامىتى بولسا يىگىرمە مىليون دىناردىن ئارتۇقراق . ئاخىر ، بۇ جىنايەت بولماي نېمە ؟ يەنە كېلىپ قانداق جىنايەت دېمەيدىلا ! بىز ھاشىمىيلار قانچىلىك دارامەت ئېلىۋاتىمىز ، دەپ سوراشلىرى مۇمكىن . بىزنىڭ ئېلىۋاتقىنىمىز پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ، چۆرىلەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان خەير ـ ئېھساندىنلا ئىبارەت ، خالاس . ئۆزىمىزنىڭ نامراتلىقىمىزنى بەرمەكىيلەرنىڭكىدەك تۆكۈلۈپ ـ چېچىلىپ تۇرۇشلار بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن نومۇس قىلىمەن . ئاتلىقلار ئەبەدىيەت قەسرى ئالدىدا ئەمەس ، بەلكى جەفەر ئىبن يەھيانىڭ سارىيى ئالدىدا كۆپرەك ئاتتىن چۈشۈپ ئۆتىدۇ ، نومۇس ! بەزىدە پىغانىم پەلەككە يېتىدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى «ۋاي» .

## 32 . ئۇلۇغۋار نىيەت

خەزىنە ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان شەيخ ئىسمائىل ئىبن ھادىي كەلتۈرگەن سانلارغا ئېتىراز بىلدۈرەلمەيتتى . بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى . بەرمەكىيلەرنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان بايلىقلىرى ، ئېھتىمال ، خەلىپىلىك ئۈچۈن يېنىكلىكتۇر . ئەمما ، ئۇنىڭ خەۋپلىك كېسەللىككە ئايلىنىپ كېتىشىگە كىممۇ ئىشىنىسۇن ؟ سەرمايە كىمنىڭ قولىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھامان دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى

ئاشۇرىدۇ .

— ساڭا بەزى گەپلەرنى ئېيتماقچىمەن ، — ئىبن ھادىيغا قاراپ خاتىرجەم ھالدا گەپ باشلىدى شەيخ ئىسمائىل ، — جەفەر ئىبن يەھيانىڭ دىنارلىرى ئېشىپ - تېشىپ يېتىپتۇ . بۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس . ئەمما ، ئوغلۇم ، سەلدەك كەلگەن ئالتۇنلارنىڭ سەلدەك سورۇلۇشىمۇ ھەق گەپ . بەرمەكىيلەرنىڭ بايلىقى ئەرەبلەر خىزمىتىدە . ئىنئامۇ ئېھسانلار ، نەپىقە ۋە ئىئانىلەرگە ۋەزىرنىڭ قولى ئوچۇق . قېنى ، ئۆزۈڭ ئېيتچۇ ، قايسىبىر ھاشىمىي ۋەزىرنىڭ قولىدىن ئىنئام ئالمىغان ؟ خوش ؟ نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن ؟ جەفەر ئىبن يەھيانىڭ خەزىنىدارى ماڭا تونۇش . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بەرمەكىيلەر ھەر يىلى ئۆز دارامەتلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى — ئون ئىككى مىليون ئەتراپىدىكى دىنارنى ھاجەتمەنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۆھۈرلۈك قەغەزلەرگە پۈتۈكلۈك ئىكەن . خەزىنىدار يېڭىلىشماسلىق ئۈچۈن پۇللارنى توپ - توپ قىلىپ ئاجرىتىپ قويىدىكەن ، ھەربىر توپتا ئون مىڭ دىرھەم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پۇلنىڭ سانى ئېنىق يېزىقلىق ئىكەن . مەن ۋەزىرنىڭ قەتل ئېتىلىشىگە قارشىمەن . بۇ گەپلەرنى ئالدى بىلەن خەلىپىلىكنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلىرى قىرقىلىدۇ ، ئاجايىپ دانا تەدبىرلەر ، پەم - پاراسەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خوجىلىق ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىدۇ ، دەپلا ئېيتىۋاتقىنىم يوق . دېمەكچىمەنكى ، قاتىللىق ئۈچۈن ھېچقانداق ئاساس يوق ! بۇ ھەرىكەت يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەۋپلىككى ، جەفەر ئىبن يەھيا تەرەپدارلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق . ساڭا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى ، — دېگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شەيخ ئىسمائىل شاگىرتىنىڭ دەرھال ھوشىنى يىغىپ ، ئۆزىگە قادالغانلىقىغا زەن سالدى ، — خەۋپلىك ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئۇرما ، نەۋقىران ھاياتىڭنى ئاسرا .

بۇ ساڭا بىرلا قېتىم ئاتا قىلىنغان ئۆمۈر . تىلىكىم شۇكى ، بۇ سەن ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق . ھارۇن رەشىدتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما ، ئۇنىڭغا قارشىمۇ تۇرما . ئەكسىچە ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈڭنى ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يېقىن تۇت .

— قايسى يوسۇندا ؟ مەنغۇ بەجانىدىل ! — دېدى يىگىت گويا ئىتائەتچان قىياپەتتە ، ئەسلىدە بولسا ئۇستاز ئاغزىدىن يەنە نېمىلەر چىقاركىن دەپ ، گەپنىڭ ئاخىرىنى تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى .

— ئەقىل - ھوشۇڭ جايىدا ئىكەنلىكىدىن مەمنۇنمەن . ھاشىمىيلارغا مەنسۇپ زات سۈپىتىدە خەلىپىگە يېقىن بولۇشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى قايسى دېمەكچىمۇسەن ؟ — دېدى ئەتەي گەپنى ئۇزۇپ شەيخ ئىسمائىل . ئۇ بۇ ياش يىگىتنىڭ پۇت - قولى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن باغلانسۇنكى ، ئوردا مالىمانچىلىقى ھەققىدە ئۇزۇن ۋاقىت گەپ قوزغالمىسۇن ، دەپ ئويلىغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مىسالەن ، ئېيتايلى ، خەلىپىگە كۈيئوغۇل بولۇش . بۇ ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشەنچلىك يول . خۇسۇسەن ، ئەلىيە بويىغا يېتىپ قالاي دەپ تۇرۇپتۇ . بۇ توغرۇلۇق ھارۇن رەشىد بىلەن سۆزلىشىپ ، ساڭا ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن .

— يا مۇرۇۋۋەتپاناھىم ! — دېدى ھاياجان بىلەن يىگىت . ئۇنىڭ خىيالىدىن خەلىپىنىڭ قىزى ياخشى جورا ، دېگەن پىكىر چاقماق تېزلىكىدە كەچتى . ئەلۋەتتە ، مەلۇم ۋاقىت تەخت نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەر ، كەلگۈسىدە بولسا ئالىي نەسەب خوتۇن تاجۇتەخت كۈرىشىدە مۇھىم بولۇپ قال-غۇسى ، — ئەمما ، ھارۇن رەشىد ۋەزىرگە مەسلىھەت سېلىپ قالسا ، ئۇ ئاينىتىپ قويارمىكىن دېگەن ئەندىشىدىمەن .

— ئوغلۇم ، خەلىپىدە سەن ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك شىجائەتلىك ھەم كەسكىن ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بو-



www.uyghurkitap.com

ۋاي ، — ئۆز خاھىشىڭ بىلەن ئۆيلىنىشكە رازى ئىكەنلىكىڭدىن مەمنۇنمەن . بەلكىم ، ئامەت بىزگە يار بولۇپ قالار ! قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىپ ، بەسرەگە قايتىپ مېنىڭ خەۋىرىمنى كۈت .

— بەجانىدىل ، ئۇستاز ! باغدادتا قىلىدىغان باشقا ئىشىم يوق . ئەمما ، لېكىن . . . مەن . . . مەن . . . خوشلاشمىغاندىم . ھەر ھالدا يامان بولماس ئىدى . . .

— بوپتۇ ، بارغىن ! — دېدى بوۋاي ئۆز خىياللىرى ئارىسىدا كېزىپ ، — ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھارۇن رەشىد ھۇزۇرىغا يول ئالىمەن .

— مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ سارىيىغا قايتىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە ، — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتتى ئىبن ھادى ، — پەقەت بىر كۈنلا قونىمەن .

— قايتىپ بېرىش ؟ سەۋەب نېمە ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى شەيخ ۋە بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى ، — بوپتۇ ، بارغىن ، ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي .

قېيىق قىرغاققا بۇرۇلدى . يىگىت خورما ياغىچىدىن ياسالغان تېگى تەكشى قېيىققا ئۆتۈپ ئارقا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . بوۋاي بولسا خىيالغا چۆمگىنىچە ، دەجلىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانغا قەدەر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى .

خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . يېرىم تولغان ئاينىڭ پۇچۇق ئايلانمىسى خۇددى ئاپئاق جىڭگىلەك چاچلىق ھەبەشنىڭ بېشىدەك سامادىن خىرە بېقىپ تۇراتتى . سۇ يۈزى كۈمۈش رەڭ گىلەمدەك تەپتەكشى ئىدى . دەريانىڭ بۇرۇلۇشىدا مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ سارىيى كۆزگە تاشلاندى . سارايىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، نە ناخشا ئاڭلانمايتتى . باغدا ئىتلار ھاۋشىغىنىچە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشەتتى .

ئىبن ھادى بوشاپ قالغان پېشايۋاننى ئايلىنىپ ، دەرۋازا

بار تەرەپتىكى قەلئە سېپىلىغا يېقىنلاشتى .
ئايۋاندىن پانۇس يورۇقى كۆرۈندى . ئىتلار ئىتائەتمەنلەرچە جىمىپ قېلىشتى . نەقىشلىك پەنجىرە ئالدىدا خىزمەتكار پەيدا بولدى . كىيىمگە قارىغاندا ئاختا قىلىنغان قۇلدەك تۇراتتى . ئىبن هادي ئاستى تەكشى قېيىقتا تۇرۇپ ئۇنى چاقىردى .
— بۇ سىلىمۇ ، خوجام؟ — سورىدى قۇل .
— قىرغاقتا چۇشۇۋېلىشىمغا ياردەملەشكىن ، — ۋارقىرىدى يىگىت .
— خوپ ، مانا هازىرلا چۈشىمەن .
پانۇس غايىب بولۇپ ، بىرئازدىن كېيىن قىرغاق ئالدىدا پەيدا بولدى .
— قوللىرىنى بەرسىلە ، خوجام ! پەقەت شەپە چىقارمىسىلا ، ياخشىسى يوشۇرۇن ئىشىكتىن كىرەيلى .
«قاچاندىن بېرى مۇھەممەد ئەمىننىڭكىدە شەپىدىن ئېهتىيات قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقاندۇر؟ بۇ غەلىتە ئىشقۇ؟»
ئاستى تەكشى قېيىقتىن قىرغاققا ئۆتۈپ ، يول باشلاپ ماڭغان ئاختا قۇلنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان ئىبن هادي يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ قالدى .
پېشايۋان قالايمىقان پېتى تۇرۇپتۇ . كوزىلار دۈم كۆمتۈرۈلگەن ، بىرى چېقىلىپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن . ياستۇقلارنىڭ ئۈستىگە شاراب تۆكۈلگەن ، يەپ تۈگىتىلمىگەن نازۇنېمەتلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان .
ئىبن هادي تار يولدىن ئۆتۈپ ، ئاختا قۇلنىڭ كەينىدىن بوش تۇرغان چوڭ هۇجرىغا كىردى . كۈمۈش شامدانلارغا قويۇلغان شاملار خىرە نۇر چاچتى .
— بىرىنچى ۋەلىئەھدىمىز قېنى؟ — ئاختا قۇلنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقاچ ، بوشاپ ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان ئەتراپقا قاراپ هەيران بولۇپ سورىدى ئىبن هادي .

— سەل - پەل تەخىر قىلسىلا ، خوجام . هازىرلا ئۇنى كۆرىدىلا ، — جاۋاب بەردى ئاختا قۇل .

## 33 . كېچىدىكى خەۋەرلەر

قاتار - قاتار كەتكەن خانىلارنى مۇنار شەكىللىك شامدانلار كۈندۈزدەكلا يورۇتۇپ تۇراتتى . خانىلار بېزىلىش جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنەتتى . ھەربىر خانا ئايرىم - ئايرىم ئىرانچە ، يۇنانچە ، ھىندىچە ۋە مىسىرچە ئۇسلۇبلاردا بېزىلىپ جاھازلانغانىدى . بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان تۇتىشىپ كەتكەن خانىلارنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ ھەم كەڭ ئۆي مەۋرىتانىي ئۇسلۇبىدا جابدۇلغان ، ئاخىرقى ئىشىك ئىچىدىن تاقالغانىدى . ئاختا قۇل توختاپ ، ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەكتى . ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ سۇرۇلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇيما نەقىش ئىشلەنگەن ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلدى . ئىبن ھادىينىڭ ئۇدۇلىدا فەزل پەيدا بولدى . بىر ئېغىز گەپ - سۆز قىلماي ، ياش يىگىتنى شەرەت بىلەن دېرىزىسى يوق كىچىكرەك بىر خانىغا تەكلىپ قىلدى . مۇھەممەد ئەمىن گىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈچىسىدىمۇ فەزلىنىڭكىگە ئوخشاش «مەستانىلەر كىيىمى» بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا پەرەنجە ئورىۋالغان قېرى ئايال ئۆرە تۇراتتى . چۆرە بولغانلىقى ئۈچۈن يۈزى ئوچۇق ئىدى .

— ئولتۇر ، — دەپ گىلەمنى كۆرسىتىپ تەكلىپ قىلدى خىرقىراق ئاۋازدا ئىبن ھادىينى بىرىنچى ۋەلىئەھد ، — بىز مۇھىم خەۋەر ئالدۇق ، بۇ مېنىڭ ئايغاقچىم ، — مۇھەممەد ئەمىن چۆرىگە ئىشارە قىلىپ ، — بۇ چۆرە ۋەزىرىنىڭ خىز-مىتىدە . قۇلاق سال ، ئۇ جەفەر ئىبن يەھيانىڭ ئالدامچىلىقى ھەققىدە ساڭا سۆزلەپ بېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە ، سۆزلەيمەن ، قوزام ، سۆزمۇسۆز ، قانداق بولسا شۇنداق پېتى ئېيتىمەن . ئەي ئاللا ، ئۆزۈڭ رەھما-نىررەھىمسەن ! — دۇئاغا قول كۆتۈردى مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئۇدۇلىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان قېرى چۆرە ، — بۇنىڭدىن بىر يىلچە ئىلگىرى دەيلەمدە ئىسيانكار ئەلەۋىي توپىلاڭ چىقاردى . مەن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە نەسەبىنى تولۇق يادلىۋالغانمەن : يەھيا ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەلەۋىي . بۇ بەتبەخت بىزنىڭ مۇرۇۋۋەتپاناھ ئاببىاسىيلارنى (ئاللا ئۇلارنى ھەمىشە ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي) ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، خەلىپىلىك تەسەررۇپىدىن قۇتۇلماقچى بولغان . ئۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمىر ۋەلمۇسلىمىن نۇرغۇن لەشكەر ئەۋەتكەن ، بۇنىڭ بىلەن ئىسيانكار تاغقا يوشۇرۇنۇۋالغان . ئىسيانكارنى ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن . خەلىپىنىڭ نۇرلۇق خىيالىغا ۋەزىرنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى فەزل ئىبنى يەھيانى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش پىكرى كېلىپ قالغان . ئۇلار تېزلا ئورتاق تىل تېپىشقان . ئاخىر ، ھەر ئىككىلىسى پارس — دە ! ئەلچى ئىسيانكارغا تىنچلىق ۋە ئامانلىق ۋەدە قىلغان . ئەسلىرىدە بولسا كېرەك ، ئىسيانكار باغدادتا مېھمان — شەپقەت بىلەن كۈتۈۋېلىندى . ئۇنىڭ قولىغا خەلىپە بەرگەن قوغدىنىش يارلىقى تۇتقۇزۇلدى . خاھ ئىشەنسىلە ، خاھ ئىشەنمىسىلە ، ئىسيانكار ئۆزىنىڭ نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن ئەمەس .

— توغرا ئېيتتىڭ ، ئاتا ! — ماختىدى مۇھەممەد ئەمىن ، — بىز ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىشەنسەك ، ئۇمۇ بىزگە شۇنچىلىك ئىشىنىدۇ . خەلىپىلىكتە نېمىدېگەن بىمەنە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان — ھە !

— بەرمەكىيلەر بىلەن ئەلەۋىينىڭ تىلى بىر ئىكەنلىكىنى كىم ئىسپاتلىيالايدۇ ؟ — تازا ئىشەنچ قىلالماي غودۇڭشىدى ئىبنى ھادىي ، — بۇ پارسلارنىڭ گەجگىمىزگە پىچاق سانجىشىغا

قولاي پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىمانىم كامىل .

— ئۇ قوشۇمچە ئىسيانكارغا بېرىلگەن قوغدىنىش يارلىقى ساختا ئوخشايدۇ ، — دەپ قوشۇپ قويدى فەزل .

— بىمەنە ۋاتىلداشلىرىڭنى قوي ، — قول شىلتىدى مۇھەممەد ئەمىن ، — ياخشىسى ، چۆرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سال .

— نېمە دەۋاتقانلىقىم ، ئوغلۇم ، سىلىنى ئاللانىڭ ئۆزى يۆلىگەي ! — خۇشامەتگۇيلارچە بىلجىرلىدى چۆرە ، — توغرا ، توغرا ، ئەلەۋىي يوشۇرۇن پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىشنى خىيالىنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەلتۈرگەن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ هارۇن رەشىد — بۇ ئىشلارنى سىلى ياخشى بىلىدىلا — ئىسيانكارنى زىندانغا تاشلىدى . ئىلاهىم تېنى زىنداندا چىرىپ كەتكەي ! لېكىن ئىسيانكار زىنداندىمۇ ، ئەمەسمۇ ، بۇنىسى نامەلۇم .

— ئۇنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكىگە مېهمىنىمنىڭ ئىمانى كامىل ، — دېدى تەبەسسۇم بىلەن مۇھەممەد ئەمىن .

— ياق ، زىنداندا ئەمەس ، ئەركىنلىكتە . ئۆز ئىسيانچىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئالدىراۋاتىدۇ .

— ئوچۇقراق ئېيتساڭچۇ ، ئانا ، ئۇنى كىم قويۇپ بەردى ؟ بۇنىڭغا كىم جۇرئەت قىلدى ؟

— ۋەزىر جىقارغۇزۇۋەتتى ، جەفەر ئىبن يەهيا .

— ۋاي ، ئاتىسىغا لەنەت . قانداق جۇرئەت قىلغاندۇ ؟

— گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا ئىجازەت بەرگەيلا ، بالام ، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن . ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم .

ئىبن هادي هەربىر سۆزنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئىنتىلەتتى .

— تۈنۈگۈن كېچىدە خوجامنىڭ ياتىقىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىدىم ، خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كېتىشكەنىدى ـ دە ، — گېپىنى داۋام قىلدى چۆرە ، — هەر

قېتىمقىدەك يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم . ئۇيان - بۇيان قاراپ قوياتتىم . ۋەزىر ئۆز خانىسىدا ئىكەن . شۇنداق قارىسام كېلىۋاتىدۇ ! ئاللانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم . كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ، يەنە قارىدىم . ئاشۇ ! دەل ئۆزى شۇ !

— ئانا ، ئېيتساڭچۇ ، ئاشۇ دېگىنىڭ كىم ؟

— ئاپئاق قوزام ، كىم بولاتتى ؟ ئۆزلىرى ياخشى بىلىدىلىغۇ ! يەر يۇتقۇر ئەلۋىي - دە ! ئەركىن يۈرۈپ ئەمەس ، ئۇيان - بۇيانغا مارىلاپ ، ئوغرى مۈشۈكتەك يوشۇرۇن كېلىۋاتاتتى . «ھوشيار بول ، كۆزۈڭگە قارا» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە . ئۇ بولسا لىپ قىلىپلا ۋەزىرنىڭ خانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئىشىكئاغىسى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك ، ئۇنى كىرگۈزۈپلا ئىشىكنى قۇلۇپلىۋالدى . بۇ ئارىدا مەن ئاستا ، پەم بىلەن يوشۇرۇن يوچۇق بار يەرگە بېرىۋالدىم - دە ، ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا باشلىدىم . سۆزلەۋاتقىنى ۋەزىر ئىدى . ئاۋازى ھەسرەتلىك چىقاتتى . ئۇ سورىدى : «زىنداندا قانداق چىدىدىڭ ؟ » ئەلۋىي جاۋاب قىلدى : «ئاللا مەرھەمىتى بىلەن ئامال قىلدىم . لېكىن ، مېنى بىكار زىندانغا تاشلىدىڭلار .» ئېنىق ئاڭلىدىم ، «بىكار» دېدى . كېيىن ئۇلار شىۋىرلاپ گەپ قىلىشتى ، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم . پەقەت ئاخىرىدا ۋەزىر دېدىكى : «ئالدى - كەينىڭگە قارىماي باغدادقا كەتكىن ! نەگە بارساڭ مەيلى ، بۇ يەردىن تېز كەت !»

— ئېنىق ئاڭلىدىڭمۇ ، ئىمىن ھادىي ؟ — نەرە تارتقاندەك گۈركىرىدى مۇھەممەد ئەمىن ، — لەنەتكەردى ۋەزىر ئاتامنىڭ مەھبۇسىنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ . بۇ ساتقىنلىق بولماي نېمە ؟

— ساتقىنلىق ، ئەلۋەتتە ساتقىنلىق ، بالام ، — دېگىنىچە ئۇنىڭ كېيىنى ماقۇللىدى چۆرە ، — ئىسيانكار بولسا قانداق جاۋاب بەردى دېمەملا : «بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلىشىم



www.uyghurkitap.com

مۇشكۇل ، تۇتۇۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .»

— ئۇ راست گەپنى ئېيتىپتۇ ، — دەپ گەپكە قوشۇلدى فەزل .

— ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر نېمە قىلدى؟ — سورىدى ئىبىن هادىي .

— مېهماننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەر ، ئانا . جەفەر ئىبىن يەهيا نېمە قىلدى؟

— ۋاي - ۋۇي ، ناهايىتىمۇ يامان ئىش قىلدى . سادىق كىشىلىرىدىن قوغدىغۇچى بەرمەكچى بولدى . ئىسيانكار ئۇنىڭغا تەشەككۇرلەر ياغدۇردى . . .

— مانا ، كۆرۈۋاتامسەن ، دوستۇم ، خىيانەت ، ساتقىنلىق ! — ۋارقىرىغان مۇهەممەد ئەمىننىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى ، — ۋەزىر كىمنى قاچۇرماقچى بولغان دېمەمسەن ، كىمنى؟ خەلىپىنىڭ مەھبۇسىنى - هە !

— بۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىلىگە يەتكۈزمەكچى ئىدىم ، ئەمما ، بالام ، جېنىم قوزام ، ئاخشام سارايدىن چىقىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدىم .

— مېنىڭ سارىيىمدىن بىمالال چىقساڭ بولۇۋېرىدۇ ! هەققىڭنى چۆرىلىرىمنىڭ تەربىيىچىسىدىن ئالىسەن ، — پەرمايىش بەردى مۇهەممەد ئەمىن . چۆرە ئايال مۇهەممەد ئەمىننىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ ، كەينىچىلەپ مېڭىپ خانىدىن چىقىپ كەتتى .

بەرمەكىيلەرنى يىقىتىش توغرىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا سۆز ئېيتىشقا پېتىنالمىغان ئىبىن هادىي ئوتتۇرىچە يول تۇتۇشقا هەرىكەت قىلىپ :

— سەۋر - تاقەتنىڭ نەتىجىسى — ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى .

مۇهەممەد ئەمىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ساڭا بىر ئىش بولدىمۇ ، ئەي مۆھتەرەم زات؟ — دېدى گاڭگىراپ قالغان ئىبن هادىي ، — ئورۇنسىز كۈلۈشنىڭ بائىسى نېمە؟

— ئەي بۇرادەر ، ئەزىز ! — دېدى كۈلكىسىنى باسالمايۋاتقان بىرىنچى ۋەلىئەھد ، — فەزل تېپىپ كەلگەن گەپتىن سېنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوق . بىلەمسەن ، هامىمام . . . ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن گەپلەر ! . . . ئۆزۈمنى كۈلكىدىن زادىلا توختىتالماي قالدىم . ئۇچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى .

— ئەبباسە . . . — دەپ گەپ باشلىدى ئىبن هادىي ، ئەمما گېپى ئېغىزىدىلا قالدى .

— ها ـ ها ـ ها ! دەل شۇنىڭ ئۆزى ! — ھۆزۈرلىنىپ كۈلدى مۇھەممەد ئەمىن ، — ۋاي پاھىشە ! گەپ قىل ، ئەزىزىم ، ئۇنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى ئېيىتىپ بەر ! ها ـ ها ـ ها !

بىرىنچى ۋەلىئەھد كۈلۈشتىن توختىغاندىن كېيىن فەزل ئەبۇل ئەتەخىيەدىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي سۆزلەپ بەردى .

ئىبن هادىي داڭ قېتىپ قالدى .

— خىيانەت ! — ۋارقىرىدى ئۇ گەپنىڭ ئايىغىنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا ، — ئەمىرۇلمۇسلىمىننى خەۋەردار قىلىشىمىز زۆرۈر . هارۇن رەشىد بۇ خىيانەتتىن خەۋەر تېپىشى زۆرۈر . ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈلگەن !

— بۇنىڭغا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ كىمنىڭ ئۆز بېشىنى كالللا كېسىش كۆتىكىگە قويغۇسى كېلىدۇ؟ — دېدى فەزل شۈبھە ئارىلاش ، — ئاللا كىمنى خەلىپىنىڭ غەزىپىدىن ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن .

— خوش ، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن؟ — تاقەتسىزلىنىپ

سوردى ئىبن هادىي ، — خىيانەتتىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇپ ، يەنە تىنىماي يۇرۇۋەرمەكچىمۇ ؟ بۇ يەنە يېڭى بىر خىيانەت دېگەن گەپقۇ ئاخىر !

— كەمىنە ئەقىلسىزنىڭ پىكرىچە ، ئاستىرتىن يول ئىزدىمەك لازىم . مىسالەن ئېيتايلى ، قەسىدچى خەلىپە ھۇزۇرىدا قەسىدە ئوقۇغاچ ، قەسىدىگە قىستۇرۇپ ئىما - ئىشارەت قىلىپ ئۆتسە . . . ، — تەكلىپ بەردى ساراي ئەتىۋارلىقى فەزل .

— بۇنىڭ قانداق ئىما - ئىشارەت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ، ئەزىزىم فەزل ، — كۈلدى مۇھەممەد ئەمىن .

— ياخشىسى ، ئەلەۋىينىڭ قاچقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەردىن ئىش باشلانسا بىخەتەررەك بولارمىكىن . بۇ ئىش ۋەزىرنىڭ يىلتىزىغا كەلتۈرۈپ پالتا ئۇراتتى .

ئىبن هادىي هازىرچە قاچقۇن ھەققىدىكى مەخپىي خەۋەر بىلەن كۇپايىلىنىپ ، ئەببباسە مەسىلىنى ئېھتىيات شەرتى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇپ ، ۋاقتى كەلگەندە بەرمەكىيلەرگە بىراقلا زەربە بېرىشتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋاستە قىلساقمىكىن ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى .

— قۇل بەچچىنىڭ هارامزادىلىرى قەيەردىكەن ؟ — سوردى باللار ئېسىگە چۈشۈپ قالغان ئىبن هادىي ، — ئۇلار جانلىق شاهىت ئورنىدا كېرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

— مېنى ئۇنچىلىك ئەخمەق دەپ ئويلىماڭ ، — دېدى كۆڭلى ئاغرىغان فەزل ، — ئۇلارنى ئۆزۈممۇ ئىزدەپ تېپىشىم مۇمكىن ئىدى . باللارنى يولدىلا قولغا كىرگۈزۈشنىڭ چارىلىرىنى كۆرۈپ قويغانىمەن . ئادەملىرىم تېخى قايتىپ كەلمىدى .

تۇيۇقسىز ئىشىك تاقىلداپ قالدى . فەزل تۇرۇپ ئىشىكنى

ئاچتى . ھەبەش قۇل بوسۇغىغا قەدەم قويدى ، ئاندىن ئۇن -
تىنسىز توختاپ بېشىنى ئەگدى .

— سۆزلە !

خىزمەتكار تىنمىدى . بۇ ھالەت خەۋەرنىڭ پەقەت بىرىنچى
ۋەلىئەھدكىلا يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئىبن ھادي
بىلەن فەزل خوشلىشىپ ئۆز خانىلىرىغا چىقىپ كېتىشتى .

— يا جانابى ساھىبى پەرمانىم ! — دېدى تەنتەنىلىك
ئاھاڭدا ئاختا قۇل ، — سەييىدە زۇبەيدەدىن چاپارمەن كەلدى .

— يەنە نېمە گەپكەن ؟ — سورىدى كېچىدە چاپارمەن
كېلىشىدىن ئەجەبلەنمىگەن مۇھەممەد ئەمىن . چۈنكى ، ئۇ
ئانىسىنىڭ خەۋەرچىلەرنى ياللىۋالغانلىقىنى ، ئۇلار چاپقۇر
ئارغىماقلاردا كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ نامەلىرىنى خەلىپىلىكنىڭ
خالىغان يېرىگە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى .

— سەييىدە زۇبەيدە جانابى ساھىبى پەرماننى ئەتە تاڭ
يورۇش بىلەن كۆرۈشكە ئىنتىزار ، — خەۋەرنى يەتكۈزدى ئاختا
قۇل ، — مۇھىم گېپى بارمىش .

— چاپارمەنگە ئېيتقىنكى ، خۇدا خالىسا ، تاڭ ئاتار -
ئاتمايلا مېھرىبان ۋالىدەمنىڭ ھۇزۇرىدا بولىمەن ، — جاۋاب
قىلدى مۇھەممەد ئەمىن .

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي بىرىنچى ۋەلىئەھد
سارىيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى .

## 34 . خەلىپىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى زۇبەيدە

خەلىپە جەفەر ئىبن ئەبۇ جەفەر ئەل مەنسۇرنىڭ قىزى
زۇبەيدە — ھارۇن رەشىدكە دادا تەرەپتىن تۇغقان بولۇپ ،
ھىجرىيىنىڭ 165 - يىلى ھارۇن رەشىدكە ئۇزىتىلدى . توي
ناھايىتىمۇ دەبدەبىلىك بولدى . ھاشىمىيلار خانىدانىنىڭ پەخرى ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شانۇ شەۋكىتى ۋە گۈلى بولغان بۇ ياش كېلىنچەك گۈزەللىكتە شۇقەدەر ۋايىغا يەتكەن ھۆسنى لاتاپەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى خەلىپىلىكنىڭ سەييىدەسى دەپ ئاتىشاتتى . كېيىنچە ، ئۇ پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن كۆكسى ناھايىتىمۇ سۈتلۈك ، بەدىنى قايماقتەك ، لاتاپىتى ، نازاكىتى ۋە مۇلايىملىقىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن ، خەلىپىنىڭ قىزى زۇبەيدە[1] دەپ ئاتالدى ، ھەم مۇشۇ نام بىلەن تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى . ھارۇن رەشىد بىرىنچى بولۇپ ئىسلام ئالىمىدە «تەرىقۇل ـ ئەقىل» (چەكسىز ئەقىل ئىگىسى ) دەپ داڭق چىقارغان سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى . ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ھىجازدىكى سۇيى جىق ئەي-نەل ـ مەنەش كۆلى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ، ئەتراپىغا تاش ياتقۇزۇلدى ، تۈزلەڭلىك ۋە يارلىقلارنى بويلاپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ قېزىلدى . ئۆستەڭ مەككەئى مۇكەررەمەدىن تۇپتوغرا ئون مىڭ غۇلاچ يۇقىرىدا توختىدى . ئۇستىخانىلار ، نازارەتچىلەر ئۈچۈن سېلىنغان ئۆيلەر ، ھاۋزىلار ۋە قۇدۇقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ بولغان مەبلەغنى ھېسابقا ئالمىغان بۇ ئىنشائات دۆلەت خەزىنىسىگە بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ دىنارغا چۈشتى . ئىلگىرى قۇرغاقچىلىقتىن قاقشىغان ۋىلايەتلەر سۇغا تولۇپ كەتتى .

زۇبەيدە ئۆزىنى شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك زىبۇزىننەتلەرگە ، جاھازلارغا كۆمۈۋەتتىكى ، بۇ جەھەتتىكى نام ـ ئاتىقى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا چىقارغان داڭقىدىن ئېشىپ كەتتى . مال ـ دۇنياسى ئالتۇن ـ كۈمۈش ، شايى ـ كىمخاب ، دۇررۇ جەۋاھىرلار بىلەن شۇنچىلىك توشۇپ كەتتىكى ، بۇنچىلىك بايلىق باشقا بىر كىمگە

① زۇبەيدە ، زۇبدى — بىرنەرسىنىڭ جەۋھىرى ، قايمىقى دېگەن مەنىدە .

ئەسلا نىسىپ بولۇپ باقمىغانىدى . پەقەت تەنتەنىلىك سورۇنلاردا كىيىدىغان لىباسلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەللىك مىڭ دىنارغا يارايتتى . ھارۇن رەشىدنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ تۇرالغۇ دەپ ئاتالغان سارىيى قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا بولۇپ ، ئەبەدىيەت قەسرىنىڭ جەنۇبىغىراق ، ئەل - مەنسۇر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى . پۈتۈن خەلىپىلىكنىڭ ئىككىنچى بىر يېرىدە بۇنىڭدەك ھەشەمەتلىك باغ ، ھەيۋەتلىك ئايلانما كۆللۈك يوق ئىدى . زۇبەيدە يېڭى - يېڭى بېزەكلەرنى ئويلاپ تېپىشتا ناھايىتىمۇ ماھىر چىقىپ قالدى . سىرتى بۇرما چىقىرىپ قىرىلىپ ، زەر ھەل بېرىلگەن تۈۋرۈكچىلەرگە ئېسىپ قويۇلىدىغان چىملىدىقنى ئويلاپ تاپقانمۇ مانا شۇ زۇبەيدە ئىدى . چىملىدىقنىڭ ئۈستۈن تەرىپى سۆسەر ۋە خىلمۇخىل شايىلار بىلەن بېزەلگەن . تۆۋەنكى قىسمى بولسا ئەتراپىغا نەپىس نەقىش ئىشلىنىپ كۈمۈش بىلەن قاپلانغان قارا ئېيمەن ياغىچىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلارغا نىشاپۇر فىرۇزىسى ، سەرەندىبنىڭ[1] كۆپكۆك زۇمرىتى ، ئومان گۆھەرلىرى ، مىسىر زۇمرەتلىرى ، يەمەن لەئلى ۋە ئافرىقىنىڭ ئېسىل مارجانلىرى قادالغانىدى . چىملىدىق ئالدىدىكى ئالتۇن شامدانلارغا ئەنبەر شاملار ئورنىتىلغانىدى .

پۈتۈن ھاشىمىيلارنىڭ قېنىدا بولغىنىغا ئوخشاش ، زۇبەيدەنىڭمۇ بەرمەكىيلەرگە نەپرىتى چەكسىز ئىدى . بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىنى چەكلەپ قويغاندىن بېرى ، جەپەر ئىبن يەھيانى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى . بۇ ۋەقە ھىجرىيە 186 - يىلى مەككە زىيارىتى مەزگىلىدە بولغانىدى . ھارۇن رەشىد مۇقەددەس سەجدىگاھقا مۇھەممەد ئەمىن ۋە مەئمۇنلار بىلەن بىرلىكتە بىر تالاي مەھرەملەر ،

---

① سەرەندىب — سەيلون (سرى لانكا) .

ئەئيانۇئەكابىرلار ھەمراھ بولۇپ ئاپارغاندى. ئۇلارغا ۋەزىر يولباشچى ئىدى. شۇ قېتىمقى مۇقەددەس سەجدىگاھنى تاۋاپ قىلىشتىن كۆزلەنگەن ئەسلى مۇددىئا تاجۇتەخت ۋارىسلىرى توغرىسىدىكى ئەھدىنامىنى تەۋەررۇك كەئبىدە رەسمىي شەرئىيلەشتۇرۇش ئىدى. ئەھدىنامە ئىمزالىنىپ، خۇتبە ئوقۇلۇپ، مەككە شەيخىنىڭ ئىلاھىي مۆھۈر بېسىلدى. بۇ مۇراسىمدا ۋەزىرمۇ ھازىر ئىدى. پۈتۈكچىلەر بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىمنى باشتىن - ئاخىرغىچە تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرۇشقان. مۇھەممەد ئەمىن ساداقەتكە قەسەم قىلىپ بولۇپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ كەئبىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ھوشيار جەفەر ئىبن يەھيا شۇئان ئۇنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بۇ يەتمىگەندەك، ۋەزىر ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىپ: «ئەگەر ئۇكاڭنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماقچى بولساڭ ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسەن!» دەپ بىھايالىق بىلەن مۇھەممەد ئەمىننى قورقۇتتى. بۇ گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاشقا ئۇنى مەجبۇر قىلدى. ئوغلىغا قىلىنغان بۇنداق بىئەدەپلىكتىن زۇبەيدەنىڭ ئوغىسى قايناپ پىغانى پەلەككە يەتتى.

ئىككىنچى ۋەلىئەھد شەرىئەتنىڭ پۈتۈن قائىدە - قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ئالىي ئۇنۋانغا سازاۋەر قىلىنىپ پاتىھە ئالدى. ھارۇن رەشىدنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى بولسا جەفەر ئىبن يەھيانى بابلاپ ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋەزىرنىڭ قارارگاھىغا ئايغاقچىلارنى، ماراقچىلارنى ئەۋەتىپ، پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىدىغان بولدى. يەنە تېخى مەخپىي كۆزەتچىلىرى ئارقىلىق ۋەزىرنىڭ ئەبباسە يېنىغا تولا كېلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپقانىدى. ئەبباسەنىڭ دار ئەر-رەقىققە بارغانلىقىمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇپ، قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى زېمىنغا چېچىپ ئۈلگۈرمەستە دەجلىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا

ئاتلىقلار كۆرۈندى . ئاتلىقلار توپى ئالدىدا بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ ئوغلىنى كۆتۈرگەن نەيزىۋاز ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا نەسىللىك ئارغىماق بىلەن ئۇچىسىغا ئاباسىيلارنىڭ رەسمىي كىيىمىنى كىيگەن مۇھەممەد ئەمىن كېلىۋاتاتتى . چىرايلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان بۇ توپنىڭ ئاخىرىدا تۆگە مىنگەن قۇللار بار ئىدى .

ئاتلىقلار تۆۋەنكى كۆۋرۈككە كەلگەندىن كېيىن دەريانىڭ چەپ قىرغىقىغا ئۆتۈشتى . ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقانلار يوكۇلۇپ تەزىم قىلىشاتتى . كۈچتۇڭگۇر ھەم تېتىك مۇھەممەد ئەمىن ساخاۋەت بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ ، كوچا ـ كوچىلاردا دىرھەم تەڭگىلەر چېچىپ باراتتى .

زۇبەيدە ئوغلىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى . ئىككى سارايىنىڭ ئارىسىغۇ ئانچە يىراقمۇ ئەمەس . ئۇ بىرنەچچە قېتىم يولغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى . زۇبەيدە پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ تىمسالى بولغان يەك- كە ـ يېگانە ئوغلىنى نېمە بىلەن خۇش قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇراتتى . ئوغلى ئۈچۈن سېلىنغان پاياندار ئۈستىگە چۆرىلەر يېڭى ئۈزۈلگەن گۈل ۋە رەيھانلار چېچىشتى .

زۇبەيدە مۇھەممەد ئەمىننى ئىچ يۈزى سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلىك گۈمبەزسىمان چوڭ خانىدا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى . ئۆينىڭ تاملىرىدىكى ئالتۇن ھالقىلارغا شايى دەرپەردىلەر ئېسىلغان بولۇپ ، ئۇلارغا تىكىلگەن شېئىرىي مىسرالار ۋە ماقالىلارنى بىمالال ئوقۇش مۇمكىن ئىدى . يەرگە يالتىراپ تۇرىدىغان گىلەم سېلىنغان بولۇپ ، گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيلىرىنى دۈگىلەك قىلغان توزنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان . توزنىڭ يوغان كۆزلىرى زۇمرەتتىن ئىشلەنگەن ، پەيلىرىگە زەر ۋە كۈمۈشتىن يول ـ يول سىزىقلار چىقىرىلغان ، سىزىقلارغا ھېكمەتلەر پۈتۈلگەندى . گىلەم ئىران شاھىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەئەللۇقاتى بولۇپ، بىر زامانلاردا ئۇنىڭ شىكار ھارۋىسىنى بېزىگەنىدى. ئۇدۇل تەرەپتىكى چىرايلىق زىننەتلەنگەن كارىۋاتتىن يېقىملىق، خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. كارىۋات ئالدىغا سېلىنغان ئەرمەن گىلىمى ئۈستىگە چەم ياستۇقلار تىزىلغان. مانا شۇ جاھازىنىڭ ئۆزىلا بەش مىڭ دىنارغا يارايتتى. ئويما دېرىزىلەرگە يېشىل نەپىس پەردىلەر تۇتۇلغانىدى. بۇرجەكلەرگە مۇنار شەكىللىك ئالتۇن شامدانلار ئېسىلغان بولۇپ، ئۇلارغا خۇشبۇي شاملار ئورنىتىلغان. ھەممە ياقتا قىممەت باھالىق بېزەكلەر. خانا ئاجايىپ جەزىبىدار جابدۇلغانىدى.

## 35. ئوغلانلاردەك كىيىنگەن چۆرىلەر

باغ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتلىقلار ئارغىماقلىرىنى چاققانلىق بىلەن توختىتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ تۇرغان خىزمەتكارلار مۇھەممەد ئەمىننى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈرۈشتى. ئۇ يېشىل ئۈزۈلگەن گۈللەر چېچىلغان پاينداز ئۈستىدە قەدەم تاشلاپ باراتتى. ئادەت بويىچە، ئالدىدا تامغىلىق تۇغ كۆتۈرگەن نەيزىۋاز ماڭغانىدى. پەقەت ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىغا سەۋرسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان زۇبەيدە چۈشۈپ كېلىۋاتقان يوغان پەشتاق ئالدىغا يېقىنلاشقاندىلا، نەيزىۋاز ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بىرىنچى ۋەلىئەھدكە يول بوشاتتى. مۇھەممەد ئەمىن يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئانىسىنى قۇچاقلاپ قوللىرىنى سۆيدى. ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەنلىرىدىن كېيىنكى ئارىدا ئۆتكەن ۋاقىت ئىچىدە زۇبەيدە خېلىلا سەمرىپ قالغانىدى. پەقەت يوغان ــ يوغان، ئويناق، تىنىمسىز ھەم زېرەك كۆزلىرى، ئۇچلۇق بۇرنى ۋە كىچىككىنە ئاغزىنى قاپلىغان لەئلدەك قىپقىزىل لەۋلىرىلا بۇرۇنقى زۇبەيدەنى ئەسلىتەتتى.

— ئالەم ئىچرە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆرمەتلىك ۋالىدەم، ئاللا سىزنى ھەرۋاقىت ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — دەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ھال سوراۋاتقان ئەمىن ئانىسىنىڭ ئاددىيلا كىيىنىشىدىن ھەيرەتلىنىپ قوشۇپ قويدى، — ئوھوي، بۇنىسى نېمە ئەمدى؟

زۇبەيدە بېشىدىن ئايغىغىچە توق قىزىل شايى يېپىنچىغا ئورىلىپ، بېلىنى پەقەت بىرلا ئېسىل تاش قادالغان توقۇما ئالتۇن كەمەر بىلەن باغلىغانىدى.

— بوينىڭىزدا نە مارجان، نە ئۈزۈكلەر، نە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىلەزۈكلىرىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئاللا ساڭا ھەمىشە ئۆتكۈر ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلغاي! — تەبەسسۇم قىلدى زۇبەيدە، — خەلىپىنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسىگە زىبۇزىننەت قوغلىشىش ياراشمايدۇ. ئۇلارنى ئۆزۈم ئويلاپ تاپقانمەن، ئوغلۇم.

— ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بېشىڭىزغا ئالىيە ھاممامنىڭكىگە ئوخشاش ئاددىيلا پەرەنجە يېپىنىۋالغانىكەنسىز - دە. ھەممە يەردە قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىدىغان ئەمىر ۋەزىرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى تازا بابلاپ مەسخىرە قىلىپسىز - دە.

— بالام، سەن ياخشىسى بۇ ياققا قارا! — دېدى زۇبەيدە توق قىزىل يېپىنچىسىنىڭ بىر پېشىنى كۆتۈرۈپ. زۇبەيدەنىڭ پۈتىدىكى كەشىنىڭ سىرتىنىڭ ھەممە يېرىگە گۆھەر قادالغان بولۇپ، ئاپتاپتىن چاقنىغان گۆھەرلەرنىڭ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— بۇ تېخى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىش! — ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالغان مۇھەممەد ئەمىن بىر دەقىقە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

زۇبەيدە ئۆز ئىشىدىن ناھايىتىمۇ مەمنۇن بولدى. زۇبەيدە

ئوغلىنى باشلاپ ئالدىدىن ئۆتكەن خانلاردىن ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىلىرىدىكى غوڭۇلداشقا ئوخشاش بوشقىنا تاۋۇش ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بۇ بىر خىل ئاھاڭدا قىلىنىۋاتقان قۇرئان قىرائىتىدىن ھاسىل بولغان تاۋۇش ئىدى . يۈز چۆرىنىڭ ھەربىرى قۇرئاننىڭ ئوندىن سۈرىسىنى يادقا ئالغان بولۇپ ، كۈن بويى ئۇنى ئۈزلۈكسىز قىرائەت قىلىپ تۇرۇشاتتى .

ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس جابدۇلغان چوڭ خاننىڭ جاھازلىرى بىلەن بۇنداق نەرسىلەرنى كۆپ كۆرگەن مۇھەممەد ئەمىننى ھەيران قالدۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . باشقا بىر ھالەت ئۇنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى : ئىككى قاتار سەپ تۈزگەن ياش ئوغلانلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل دومباققىنا ، شەھلا كۆز ، شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى ، خۇددى مۆجىزىنىڭ ئۆزىلا . كېلىشكەن بوي ـ بەستلىرىگە خوپ ياراشقان ئىككى قات ئەستەرلىك تون ئۈستىدىن ئىنچىكە بەللىرىگە كەمەر باغلانغان ، باشلىرىدا قىيسىق ئورالغان كىچىككىنە سەللە ، چېكىلىرىدە ھالقىسىمان گىجەكلەر ، قوللىرىدا ھاسا . . .

مۇھەممەد ئەمىن بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . تون ئاستىدا تېخى بويىغا يەتمىگەن قىزلار خاس كۆكرەكلەرنىڭ تومپىيىپ تۇرغىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سېزىلىپ تۇراتتى .

— ھا ـ ھا ـ ھا ! ئۇلارنى ناھايىتىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ياساپسىز ـ ھە ! ھا ـ ھا ـ ھا !

— ئەركە قوزام ، مەن سەندىن ئىبرەت ئالدىم ، — دېدى چاقچاق تەرىزىدە زۇبەيدە ، — ئاڭلىسام ، سەن ساھىبجامالللار ئورنىغا ئاختا ئوغلانلارنى ساقلار ئىمىشسەن . مەن بولسام چۆرىلەرنى گۈل ئوغلانلارغا ئوخشىتىپ ياسىدىم . ئەلۋەتتە ، ئۇلار بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ئۆز ھۆسنى ـ لاتاپىتىنى يوقاتقىنى يوق . ئۆزۈڭ رازى بولدۇڭ . ئۇلارنى ساڭا تارتۇق قىلۇرمەن .

— ئەزىبىرايى خۇدا ! سىزدەك مېھرىبان ۋالىدەنى پۈتۈن

ئالەمنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولماس ! ــــ دېدى زوق ـ شوق بىلەن يىگىت ، ــــ ئاللا خەلىپىلىكتە سىزگە چەكسىز ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە تەڭداشسىز ساخاۋەتپەرۋەرلىك ئاتا قىلسۇن!

شادلىقتىن چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈرگەن زۇبەيدە تۆ-گىنقۇشى پەيلىرىدىن قىلىنغان ياستۇققا يانپاشلىدى ـ دە ، «ئۇغۇل بالا» سۈپەت چۆرىلەرگە «چىقىپ كېتىڭلار» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى .

## 36 . ئانىلارچە نەسىھەت ۋە پەرزەنتلەرچە قۇۋلۇق

ــــ قېنى ، ئەمدى ماڭا ئېيتقىنچۇ ، تۈنۈگۈنكى كۈننى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ ؟ ــــ سورىدى زۇبەيدە . ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ ، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇممۇ يوقىغانىدى .

ــــ ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ، سىز ئارزۇ قىلغاندەك ، ــــ تەۋازۇ بىلەن جاۋاب بەردى بىرىنچى ۋەلىئەھد ، ــــ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ، ھەرقاچاندىكىگە ئوخشاش مەززە قىلىپ !

ــــ سېنىڭ يېشىڭدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلىش مۇمكىن ؟ ــــ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى زۇبەيدەنىڭ . ئۇ شۇئان ئوغلىغا مەككىرانە بېقىپ سورىدى ، ــــ ئالدىنقى كېچىدىچۇ ؟ كۆزۈمنىڭ قارىسى ، سېنى ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن خۇرسەن قىلىدىغان چۆرىلەر ۋە قۇللارسىز ، يالغۇز ئۆزۈڭ نېمە قىلدىڭ ؟

مۇھەممەد ئەمىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

ــــ يا ئەلھەزەر ، خەلىپىلىكنىڭ سەييىدەسى ، ئاجايىپ قالتىس سوئال بولدىغۇ بۇ ! قارىغاندا ، مېنىڭ ۋاقتىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمدىن ، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىدىن تەپسىلىي خەۋەردار ئىكەنسىز ـ دە ! ــــ ھەيرانلىق بىلەن ئېيتتى ئۇ ئانىسىغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ ، ــــ

ئىجازىتىڭىز بىلەن سوراپ باقاي ، بۇ گەپلەر سىزنىڭ قۇلىقىڭىزغا قانداق يەتتى ؟

— ئىشەنچلىك مەنبەدىن ، ۋەلىئەھد ، — غالىبانە تەرىزدە جاۋاب قىلدى زۇبەيدە ، — لېكىن ، سەن مېنى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئايغاقچىلارنى قويىدىغان ئانىلارغا تەڭلەشتۈرمە . ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما ! توغرا كېلىپ قېلىپ ، چاپارمىنىم خىزمەتكارىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ قاپتۇ . خىزمەتكارىڭ ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان ئادەم ئىكەن . تەجرىبىلىك ئايغاقچى ئۆزىگە كېرەكلىكىنى دەرھال بىلىۋالىدۇ . لېكىن ، كەچۈرسەن ، سېنىڭ كېچىدىكى ئۇ ئۇيقۇسىزلىقىڭنىڭ يوشۇرۇن سىر ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن . . .

— سىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق سىرىم يوق ، ھۆرمەتلىك ۋالىدەم ، — دېدى ھازىر جاۋابلىق بىلەن مۇھەممەد ئەمىن ، — ھەممىسىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىمەن . چاپارمەننى مېنىڭ گۈل ئوغلانلىرىمنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتمىگەندۇرسىز ؟ ئۇلار تېخى ئەقلى كەم باللار .

— گېپىڭ ئورۇنسىز ئەمەس ، ئوغلۇم ! — دەپ ماختاپ قويدى زۇبەيدە ئوغلىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ ، — خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سېنى چاقىرتتىم . يېقىن ئارىدا ئۆلۈم تەڭكۈر قۇلبەچچىدىن قۇتۇلىمىز .

مۇھەممەد ئەمىن ئانىسىنىڭ ئاساسسىز گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى .

— بۇنداق خەۋەرنى خەلىپىلىكنىڭ سەيپىدەسىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمغا خۇرسەنمەن ! — دېدى مۇھەممەد ئەمىن ۋە كۆڭلىدە ئويلىدى : «كۆرىمىز تېخى ، يېڭى خەۋەرلەر كىمدە چىقراق ئىكەن ؟» ئاندىن سورىدى ، — ھەرھالدا ، خەۋەر ئەبباسە توغرىسىدا ئەمەستۇر ؟

— ۋاي - ۋۇي ، شۇڭقارىم قانات چىقىرىپ قاپتۇغۇ ! ئۇ

www.uyghurkitap.com

ھاممىسى توغرىسىدا بىرەرنەرسە سورامدۇ نىمە؟ — ئۆز نۆۋىتىدە ھەيران بولدى زۇبەيدە ، — پەرۋازىنىڭ بىكار ئەمەس، يىگىت ، — دېدى زۇبەيدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، — ئەمما ئۇنى سىرمۇ دېسەڭ ، سىر - دە ! ئادەتتىكى يىگىتلەر خەۋەرلەردىن كۆرە تېزرەك تارقىلىدۇ . بىرمۇنچە پۇل تۆلەپ سىرنى سېتىۋالسەڭ ، ئۆزۈڭنى ئۇ سىرلارنىڭ يېگانە ئىگىسى دەپ خۇشال بولىسەن . نەدىكىنى ! سىر دەپ ھېسابلانغان خەۋەر ئاللىقاچان كېرەكلىك ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولغان بولىدۇ . مانا ئەتراپلىق ئايغاقچىلىق قانداق نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلدى دېمەمسەن . بۇ جەھەتتە ئاجىزمەن ، — قوللىرىنى كەردى ئۇ ، — خەيرىيەت ، بوپتۇ ، ئۆزۈڭدە بارىنى تۆككىنچۇ ، شاھزادەم . كەم قالغان يېرىنى ، ئېھتىمال ، مەن تولۇقلارمەن .

— مېنىڭ قارىشىمچە ، ئەي ھۆرمەتلىك ئانا ، ھاممامنىڭ ئىشىدىن بىر نەتىجە چىقىشى دەرگۇمان ، — دېدى مۇھەممەد ئەمىن ۋە يەنە ئانىسىنى دەيدەيگە سېلىش ئىستىكىدە قوشۇپ قويدى ، — ياخشىسى ئەلەۋىي ماجىراسىنى سۆزلەپ بېرەي .

— ئەلەۋىي دەمسەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى زۇبەيدە ، — بۇ كىم بولدى ئەمدى؟ ھە ، ئېسىمگە كەلدى . . . خوش ، ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولۇپتۇ؟

زۇبەيدە خەلىپە زىندانغا ھۆكۈم قىلغان ئىسيانكارنى قاچۇرۇۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئوغلىنىڭ سۆزلىگەن ھېكايىسىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ دېدى :

— بۇ قېتىم مېنى يولدا قالدۇردۇڭ ، بالام ، نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق ئەھۋال - ھە ! لېكىن ، شۇنىسى ئېچىنارلىق ، ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىقكى ، ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان بۇ سەلتەنەتتە مۇشۇمۇ ھۆكۈمرانلىق بولدىمۇ؟ ئەسلى خەلىپە ئاتاڭ ئەمەس . ئاتاڭ ھارۇن رەشىد ئاتاقتا خەلىپە بولغىنى بىلەن ، سەلتەنەت

تىزگىنى ئاشۇ لەنتىنىڭ قولىدا .

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن سەلتەنەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ بولالمايدۇغۇ ؟ بۇ ھەددىدىن زىيادە ئارتۇقچە يۈكقۇ ! — ئېتىراز بىلدۈردى مۇھەممەد ئەمىن ، — ئەمما ، خىزمەتكارنىڭ ساداقەتلىك بولۇش - بولماسلىقى باشقا گەپ .

— قابىلىيەتلىك زاتلار دۆلەت ئىشلىرىدا ناھايىتىمۇ زۆرۈر ، بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان زۇبەيدە ، — لېكىن ، ھەرنەرسىنىڭ ئۆز چەك - چېگراسى بولۇشى كېرەك . ۋەزىرگە بۇنچىلىك كەڭ ئىمتىياز بېرىشكە نە ھاجەت ؟ بوۋاڭ مەھدىيمۇ بەرمەكىيلەرگە تايانغان ، ئەمما ئالدى - كەينىگە ، ئوڭ - سولىغا قاراپ ، ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتقان . خەلىپە ھادىيمۇ شۇنداق قىلغان . خوش ، نېمىشقا ئەمدى ھارۇن رەشىد ۋەزىرگە ھەرەم ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قويدى . نېمە ، بۇ ئىشىڭمۇ خەلىپىلىكنى باشقۇرۇشقا ياردىمى بارمىكەن ؟

— ھەرەم ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قويدى ؟ بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسىز ، ھۆرمەتلىك ۋالىدەم ؟

— نېمىنى ئاڭلىغان بولساڭ ، شۇنى دېمەكچىمەن . لەنتى جەفەر ئىبن يەھيا ئاتاڭنىڭ خوتۇنلىرى ، چۆرىلىرى ، كېنىزەكلىرى ۋە ھەتتا قىزلىرىنىڭ ئالدىغىمۇ بىمالال كىرىپ چىقىدۇ ، بۇنىڭ نەتىجىسى — ئەبباسە بولغان ئىش . خەلىپە بىلەن ۋەزىر ئېمىلداش ئاغا - ئىنىلار ئىكەن ، دېگەن گەپلەر چىقىپتىمىش . ئۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ ھەرەمگە كىرىپ - چىقىشى قانۇنىي ھېسابلىنىدۇ - دە .

— تېخى سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغىمۇ تەشرىپ قىلدىمۇ ؟

ئۆينىڭ ئىچىگە ئېسىلغان ئىسرىقدانغا بىر پارچە ئەنبەرنى تاشلىماقچى بولۇپ تۇرغان زۇبەيدەنىڭ قولى تىترەپ ، ئەنبەر

گىلەم ئۇستىگە چۈشۈپ كەتتى .

— قارىسىنى كۆرسىتىپ باقسۇنچۇ ، قېنى ! — دېدى دەرغەزەپ بولغان زۇبەيدە ، — پەنجىرىنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتۈپ باقسۇنچۇ قېنى ؟ سارىيىمدا ئۇ پارسىينىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشقا يارىغۇدەك خىزمەتكارلىرىم بار . نېمىلا بولمىسۇن ، سېنىڭ ئاناڭمەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئۇ قۇلبەچچىدىن ھېچ ۋاقىت بىرەر ئىشنى ئىلتىماس قىلغان ئەمەسمەن ھەم قىلمايمەن .

— سىزنى بىكارغا خەلىپىلىكنىڭ سەييىدەسى دېمەيدۇ - دە ، ئاخىر ، سىز دېگەن ئالىي نەسەب ھاشىمىي قىزىسىز ! — دېدى كۆڭلى يۇمشاپ قالغان مۇھەممەد ئەمىن ۋە ئانىسىنى مەدھىيىلىگەچ بېرىپ گىلەم ئۇستىگە چۈشكەن ئەنبەرنى ئېلىپ ئىسرىقدانغا تاشلىدى ، — بىراق ، ھامائاچامنىڭ قانداقلارچە پارسىينىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ قالغىنىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ . ئەقىل - ھوشىدىن جۇدا بولغانلىقى بىر ئاللاغا ئايان !

— ئەسلىدە ئۇنىڭدا ئەقىل - ھوش دېگەن نەرسىنىڭ ئۆزى بارمۇ ، بالام ؟ — دېدى زۇبەيدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، — كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن ، ئوغلۇم ، ياشسەن ، تېخى خوتۇنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ باقمىدىڭ . بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك بولىدۇ ، دېگەن گەپ بار . ھوشيار بول ، بۇ ئاختا ئوغلانلارغا مەپتۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى بولسا كېرەك ، بىلەمسەن ، قوزام ، ئۇنىڭ ۋە سول قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلا : خوتۇن كىشىگە نېمە كېرەك ؟ دۆلەت ۋە سۆلەت . قىز ئانىغا تارتىدۇ ، دېيىشىدۇ . ئانىسىغا ئوخشاش خام خىيالغا بېرىلگەن گۇمراھ قىز ئۆزىچە ئويلىغانكى : كىم دېسە — ۋەزىر . . . سۆلەتلىك ھەم دۆلەتلىك ، كېلىشكەن ، خۇش چىراي ، خۇش قامەت . ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەزىردىن خۇش پۇراق ئەنبەر ھىدلىرى كېلىپ تۇرىدۇ . قىزىق ، ئۇ يېيىشىگە نېمە يەيدىغاندۇ ؟ . . . شۇنداق

قىلىپ ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ مەستخۇش بولغان گۇمراھ قىز ۋەزىر «گاھ» دېسە قولىغا قونۇپلا ئالغان . قۇرۇق شاخنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئاتەش ئۈز قويىنىغا ئالغان ، غۇناجىن كۆزىنى سۈزگەنۇ ، بۇقا يېپنى ئۈزگەن . قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ! . . .

زۇبەيدە ئىسرىقدانغا يەنە بىر پارچە ئەنبەر تاشلىدى ۋە تۇتەپ تېزلا تارقىلىپ كېتىۋاتقان تۇتۇنلەرگە قاراپ تۇردى .

— ۋەزىرنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك ! — غەزەپلىك ۋارقىرىدى يىگىت . ئۇنىڭغا قويۇپ بەرسە ، دەرھال جاللات ماڭدۇرۇشتىنمۇ تايماس ئىدى .

— سېنى چۈشىنىمەن ، ئوغلۇم ! سەن ئەڭ قاتتىق جازا تەرەپدارىسەن ، — دېدى زۇبەيدە ئوغلىنىڭ دىلىدىكىنى تىلىغا چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ . ئۇ يەنە ئوغلىنىڭ مۇرىسىنى سىلاپ سۆزىنى داۋام ئەتتى ، — ئاتاڭغا ئەبباسەنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقىنى يەتكۈزۈپ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم . كەچۈر ، ئوغلۇم ، ھامائاچاڭنى شۇ نام بىلەن ئاتىماي ئىلاجىم يوق ، جازاسىنى ئاللا ئۆزى بەرگەي ! ئۆزىدىن كۆرسۇن ، بۇنداق نومۇسسىزلىقنى ئاتاڭغا دېيىشتىن ھەتتا مەنمۇ چۆچۈيمەن . بۇ ناھايىتىمۇ خەۋپلىك ھەم خەتەرلىك ئىش . ئۇنىڭ قانچىلىك دەرغەزەپ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن . يائاللا ، قانچە - قانچىلىغان كاللىلار كېسىلىشى مۇمكىن ! — زۇبەيدە كەمىرىنىڭ ئارقىسىدىن تۆت پۇكلەكلىك قەغەزنى چىقىرىپ مۇھەممەد ئەمىنگە ئۇزاتتى ، — سەن ئىشنى ئەلەۋىيدىن باشلاشنى ماقۇل كۆرەمسەن ؟ بەلكىم ، بىر ئورۇنۇپ كۆرۈشىمىز كېرەكتۇر . بەزى ئىشلارنىڭ چارىسىنى قىلىپ قويغانمەن . بۇرناقى يىل كەئبە ئالدىدا مېنى شۇنچىلىك ھاقارەتلىدىكى ، ئۇنى

مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن . چوقۇم قىساس ئالىمەن . قېنى ئوقۇپ كۆرگىن ، شاھزادەم ، بۇ پاش قىلىش مەزمۇنىدىكى ھەجۋىيە بۇيرۇتمىغا مۇۋاپىق پۈتۈلگەن . ھارۇن رەشىد ئۇنى تاشادىپىي تېپىۋالىدۇ . ناۋادا بۇمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىسا ، بۇنىڭدىن بەتتەررەكىنى بۇيرۇتما قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

— بۇ دورەممۇ مېنى داغدا قالدۇرۇپسىز ، — دېدى يىگىت تەئەججۈپ بىلەن ، — مەنمۇ خۇددى شۇنداق ئەشئار بۇيرۇتۇپ ، ئاتامنىڭ دىققىتىگە يەتكۈزۈش نىيىتىدە ئىدىم ، — ئۇ قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى :

شەرەپ ئىلە قىلغۇچى بىزنى ئىدارە ،
ئاللانىڭ يەردىكى نائىبى قېنى ؟
بىلسە ، كىم دۆلەتنى يۇتماقتا تىنماي ،
ۋە خەلىپىلىكنى ئوغرىلاشقا شاي .
بۇ — ۋەزىر جەفەردۇر ، قارا ، خەلىپە ،
ئۇ قانداق دۆلەتمەن ، غادايغان ، تەلۋە ،
كى ئەمرىڭ تىرناقچە كۆرمەيدۇ ئەسلا ،
ھەر جايدا پەرمانىڭ ئەيلەر شەرمىسار .
چىن داناdەك ئاھاڭ بېرەر سۆزىگە :
شۇنداق ساراي قۇرۇۋالدى ئۆزىگە ،
قارىغىن ، خەلىپە ، قىلاي قەسەمياد ،
ئەتىمگەن ھېچ ئىنسان بۇنداقنى بۇنياد .
قاياققا قارىما دۇرۇ جەۋاھىر ،
ئاياغ دەسسەر ئەنبەر ، ياقۇتنى ئاخىر ،
قورقىمەن ، خەلىپە چاقىرسا ئاللا ،
سېنى تەشۋىشى يوق دۇنياغا بىردىن .
جەفەر شۇ ھامان چىقار تەختكە ،
ھېرىس كۆزى تولۇپ دەۋراندىن بەختكە .

قول ھۆرمەت قىلمىسا ھۆكۈمدارنى گەر ،
سەلتەنەت شەنىگە داغ سېلىپ غادىيار ،
تا ھۆكۈمداردىن ئۇ بولمىسا مىننەتدار ،
قالار پەسكەش بولۇپ ئاجىزلىقتا خار[1] .

— ئاجايىپ ساز شېئىر ! — دېدى شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ مۇھەممەد ئەمىن ، — پەقەت ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تاجۇ تەختنى ئۇ قولبەچچە ئىگىلەيدۇ ، دېگەن مىسراسى سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەنمۇ قانداق ؟

— بۇ شېئىرىي مۇبالىغە ، — دېدى ئۆز خاتاسىنى توغرىلاشقا ئالدىراپ زۇبەيدە ، — ئەبەدىيەت قەسرىدە ئۆزۈمنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم بار . شېئىرنى سەجدىگاھقا تاشلايدۇ . چۈنكى ، ناماز بامداتنى خەلىپە ئۆزى يالغۇز ئوقۇيدۇ . ھارۇننىڭ ئويلاپ كۆرۈشكە ۋاقتى يېتىدۇ ، — زۇبەيدە بىرئاز دېمىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن «رەسمىي گەپ - سۆزلەر تامام» دېگەندەك ئىلاۋە قىلدى ، — ئەمدى بىرئاز غىزالانساق بولارمىكىن ! قورسىقىڭمۇ چاۋاك چېلىۋاتقاندۇر ، بالام ؟

— جان دەپ رازى بولار ئىدىم ! — جاۋاب بەردى ئېسىل شاراب ۋە بولغۇسى زىياپەتنىڭ لەززەتلىك نازۇنېمەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان بىرىنچى ۋەلىئەھد ، — ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز ؟ ئاخىر ، مەن غىزادىن كېيىنلا ئۆز ماكانىمغا قايتمايمەنغۇ ؟

— بۈگۈن بىر كۈننى بىللە ئۆتكۈزىمىز ، — دېدى تەبەسسۇم قىلىپ زۇبەيدە .

---

[1] شېئىرلار ئىبن خەللىكان ۋەئىل ئىتلىدىيلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان . — ئەسلى ئىزاھ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 37 . ئەمىر ۇلمۇسلىمىننىڭ دەبدەبىلىك نامايىشى

ئەلچىلىك قىلىپ ئەمىر ۇلمۇسلىمىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ناھايىتىمۇ مۇشكۇل ئىش . ھارۇن رەشىد جىيەنى ئىبن ھادىينى ياقتۇرمايتتى . ئاللا كۆرسەتمىسۇنكى ، ناۋادا غەزىپى تۇتۇپ قالسا ، ئىش تامام ـ ۋەسسالام . ئۇنىڭ قەھرىدىن قورقماي بولمايدۇ .

ئەبەدىيەت قەسرىگە قاراپ يول ئالغان شەيخ ئىسمائىل دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى خىيالىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزەتتى . ئۇ ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە خۇددى ياش چەۋەندازلاردەك مەزمۇت ئولتۇراتتى . كۆزىنى قىسىپ ، يۈزىنى ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان شامالغا تۇتتى . تونىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى .

دەريا بېكىتىگە ئېلىپ بارىدىغان يولدا مىڭ ـ مىڭ ئادەم بار ئىدى . مۇھتەرەم چال ئۆزىنى قوغداپ بېرىۋاتقان قۇلنى چاقىرىپ ، ئادەملەرنىڭ نېمىگە توپلىنىشقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى .

ئۇ ئات چاپتۇرۇپ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە ، شۇ زامان قايتىپ كېلىپ خەۋەر قىلدى :

ــ خوجام ، توپلانغانلار ئەمىر ۇلمۇسلىمىننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ . ئەمىر ۇلمۇسلىمىن شەمەئاسىيغا بارىدىكەن . ئۇ يەردە ئات چاپتۇرۇش ، ئۇلاق تارتىش ئويۇنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىكەن .

ناھايىتىمۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك بولىدىغان ئات چاپتۇرۇش ئويۇنلىرى ئالدىنئالا پۇختا ھەم ئەتراپلىق پىلانلىنىپ تەييارلىق كۆرۈلەتتى ۋە كۈن بويى داۋاملىشاتتى . بۇ ناھايىتىمۇ قىزىقارلىق ئويۇن بولۇپ ، ھارۇن رەشىد بۇ ئويۇنغا شۇنچىلىك

ئامراق ئىدىكى، ئويۇن ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى. ناھايىتىمۇ مۇھىم ئىشلار ھەققىدىكى گەپنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتقىلى بولمايتتى.

ئىبن ھادىي ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ خەلپە ھوزۇرىغا بېرىش ئىشىنى ئەتىگە قالدۇرۇشتىن باشقا ئىلاج يوقلۇقىنى چۈشەنگەن شەيخ ئىسمائىل ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ يولنىڭ چېتىدە ئاتنىڭ تىزگىنىنى بۇرىشىغا، ئاياغلىرى چاققان، مۇسكۇللىرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان پاكار بويلۇق ئون نەچچە قول دوقمۇشتىن ئۈچقاندەك چېپىپ كەلدى.

قوللار ياڭاق نوتىسىنىڭ چۈۋقى بىلەن بىكارچىلارنى ھەيدىشەتتى. ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك قوشۇنى ئۆتىدىغان يول ئېچىلدى. جارچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يول بوشىتىلسۇن!

— ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يول بوشىتىلسۇن!

— ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يول بوشىتىلسۇن!

«ئۆزۈم قانچىلىغان قېتىم ئىشتىراك ئەتكەن بۇ كۆرۈنۈشكە سىرتتىن تۇرۇپ بىرقۇر نەزەر سالسام يامان بولماس» دەپ ئويلىغان شەيخ ئاتتىن چۈشۈپ چەتكىرەك ئۆتتى. باشقىلار تونۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، يۈزىنى تونىنىڭ ئېتىكى بىلەن دالدا قىلىۋالدى. جارچىلاردىن كېيىن ئەلەمدار ۋە خەلىپىلىك تۇغىنى كۆتۈرگەن كىشى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خاس قوغدىغۇچىلار توپى كۆرۈندى. يالانما قوغدىغۇچىلار سېپى بىر خىل تەكشى ماڭاتتى. قىنىدىن چىقىرىلغان شەمشەرلەرنىڭ ئۆتكۈر تىغلىرى كۈن نۇرىدا يالتىرايتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئوقيالىرىنى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇتقان كاماندازلار كېلىۋاتاتتى.

كوچىدا ئادەملەر جىمىپ قېلىشتى. سۈكۈناتنى ئاتلارنىڭ

بىر خىل رىتىمدىكى تۇياق تىۋىشى بۇزاتتى.

نىھايەت، بەستىلىك، ئېسىل ئارغىماقنىڭ ئۇستىدە خەلىپە كۆزگە تاشلاندى. بېشىدىكى ئۇچلۇق دەستار ئۇنىڭ بويىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. قىرىق بىر ياشلىق ھارۇن رەشىدنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشاش شالاڭ بۇرۇتلىرى تىككىدە، كۆزلىرى يوغان ھەم نۇرلۇق، ساقىلى توق سېرىق رەڭدە. ئۇنىڭ قولىدا ئۇچىغا ئويما زەر پايىنەك قاپلانغان قارا ئېمەن ھاسا. خەلىپىنىڭ ئارغىمىقىمۇ ئالاھىدە سۆلەت چىقىرىپ بېزەلگەن بولۇپ، ئايرىم كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى: ئۇستىدە رەڭگارەڭ يالتىراپ تۇرغان شايى يوپۇق، قىممەت باھالىق ئېگەر - جابدۇق، يالى ۋە قۇيرۇقى زامان تەقەززاسى بويىچە خېنە بىلەن بويالغان. ئارغىماق گويا ئۇستىدىكى ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگەندەك، مەغرۇر ئويناقلاپ بېشىنى مىدىرلىتاتتى.

ئارغىماقنىڭ يېنىدا تۆگىقۇشى پېيىدىن ياسالغان ئۇزۇن سايىۋەن كۆتۈرگەن قول سوكۇلداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىردەم ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، بىردەم ئارقىدا قالاتتى، بىردەم بىر تەرەپكە قىيسىياتتى، كۈن ئىسسىق، خەلىپىنىڭ بېشىغا زەررىچىمۇ ئاپتاپ چۈشمەسلىكى كېرەك - دە!

ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ئاز ئارقىدىراق، ئەئيانۇ ئەكابىرلار، دۆلەت مەجلىسى ۋە دىۋان ئەمىرلىرى، ھاشىمىيلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىكلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى، خەزىنىدار ۋە ياردەمچىلىرى كېلىشىۋاتاتتى.

ئارغىماقچىلار سەردارى سۆلەت تۇزۇپ مەغرۇرانە كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈنكى بايرامنىڭ ئەڭ كاتتا ئەمىرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېلىۋاتقان شوخ ئارغىماقلارنى سوۋۇتۇشتا بۇ تۈركنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىكەن. يەڭگىلغىنا ئېگەرلەنگەن ئارغىماقلار پۇشقۇراپ

كىشىنىشىپ ، بوپۇنتۇرۇقنى ئۇزۇشكە ئۇرۇناتتى .
تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر توپ لەشكەر ۋە بايىقىدەك قولىغا چىۋىق تۇتقان پاكار بويلۇق قۇللار ماڭغانىدى .
شەيخ ئىسمائىل شۇئان ۋەزىرنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ قالدى . بۇ قانداق گەپ ؟ ئۇ دەبدەبىلىك مۇراسىمغا مۇتەپەككۇرانە نەزەر تاشلىدى . ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ بۇ نامايىشلىرى ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆز ئۆڭىدە ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى . ھەقىقەتەنمۇ كۆركەم ھەم ئىبرەتلىك ئويۇن . ئەمما ، كۆپنى كۆرگەن ئادەمنى بۇنىڭ بىلەن كولدۇرلىتىش ئاسان ئەمەس . خەلىپىلىكنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئوردا ئەئيانلىرى سەپلىرى ناھايىتىمۇ زىچ مېڭىشقان . . . ئەمەلىيەتتىمۇ ، ئۇلار ئەنە شۇنداق زىچ بولۇپ ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشامدىغاندۇر ؟ ئەنە ئاۋۇ ئوڭ تەرەپتىكىسى ھارۇن رەشىدنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بولۇپ ، كىم تەرەپتە بولمىسۇن ، ھەرقانداق پىتنە ـ پاساتقا ئارىلىششقا ھازىر ؛ ئەنە ئاۋۇ ئىككىسى بىرىنچى ۋەلىئەھدكە سادىق ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار ئىككىنچى ۋەلىئەھدنى قوللايدۇ . . . «كىم ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈۋاتىمەن ؟ — بىردىنلا ئويلاپ قالدى بوۋاي ، — ھاكىمىيەت قانچە مۇستەھكەم بولسا ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى تىزگىنىنى ئۆزلىرى، تەرەپكە كۈچەپ تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ . خەلىپىلىكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبال يولىدىكى ئەڭ زور توسۇقلارنىڭ بىرى مانا شۇ ئەمەسمۇ ؟ »

## 38 . ھىندى راجاسىنىڭ ئەلچىلىرى

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا رەسمىي لىباسىدا كىيىنگەن شەيخ ئىسمائىل ئەبەدىيەت قەسرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئىككى قول

ئۇنى قوغداپ كەلگەنىدى. تۆت قات قەلئە سېپىلى بىلەن ئورالغان ھارۇن رەشىدنىڭ قارارگاھىنى قامەتلىك، ئېگىز بوي بوۋاينى ياخشى تونۇيدىغان قوغدىغۇچىلار قورۇقداۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى بىمالال ئۆتكۈزۈۋېتىشتى. تۆتىنچى دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن شەيخ ئىسمائىل ئاتتىن چۈشۈپ، ئات ۋە چۆرىلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۇ تەرىپىگە پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان خەلىپە خىزمەتكارلىرى مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ يول باشلىماقتا ئىدى. سارايىنىڭ ئۇلۇغ - تەتۈر يوللىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ھاشىمىيلار ئاقساقىلى ئۈچۈن بۇ ئارتۇقچە ئىش ئىدى. بوۋاي سالاپەت بىلەن تەمكىن قەدەم تاشلايتتى.

كۈتۈش ئۆيلىرىدە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئادەم كۆپ بولۇپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىدى. شائىرلار، ھاپىزلار، يېقىن - يورۇقلار، ساراي ئەمىرلىرى، كۈن بويى شۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى، چۈنكى ئۇلار ھەرقاچان خەلىپىگە كېرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن - دە. ئەمما ھېچكىم چاقىرتىلمىغانىدى. ھارۇن رەشىدنىڭ بۇ يېقىن - يورۇقلىرى ئۆزئارا سۆھبەتلىشەتتى، ھەر خىل شەربەتلەردىن ئىچىشىپ چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇشاتتى، نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي ئۇ بۇلۇڭدىن - بۇ بۇلۇڭغا توختىماي مېڭىشاتتى.

قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ دىۋانخانىنىڭ ئىشىكى ھاڭدەك ئوچۇق بولۇپ قاراۋۇللار كۆرۈنمەيتتى. بېلىگە جاللاتلىق شەمشىرى ئاسقان، چىرايى ناھايىتىمۇ كۆرۈمسىز مەسرۇرغا كۆزى چۈشكەن شەيخ ئىسمائىل ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق خىزمەتكارىنى شەرەتلىدى. ئۇ كېلىپ شەيخنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشكە ئېڭىشكەنىدى، شەيخ تەرىنى تۇرۇپ قولىنى تارتىۋالدى - دە،

سورىدى :

— خەلىپىمىز قەيەردە ؟

— خەلىپە ، كاتتا دىۋانخانىدا ، خوجام ، — بۇرۇتىنى سىلاپ ھىجايغىنىچە جاۋاب بەردى جاللات . ئۇنىڭ ئەسلى زاتى يىراق پەرغانە زېمىنىدىن بولغانلىقى ئۇچۇن تەلەپپۇزى ناھايىتىمۇ يۇمشاق ئاڭلىناتتى .

— خەلىپە نېمىشقا كۆرۈنۈش قىلمايدۇ ؟ — سورىدى شەيخ ئىسمائىل ، — بىلىشىمچە ، بۈگۈن قوبۇل كۈنىغۇ .

— سۆزلىرى بەرھەق ، خوجام ، بىزگە ھىندى ئەلچىلىرى كەلگەنىدى . ئەمىرۇلمۇسلىمىن چوڭ دىۋانخانىدا ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ . ئۇ يەر كەڭرى ، مەن بىلەن يۈرسىلە ، خوجام .

مەسرۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا شەيخ ئىسمائىل چوڭ دىۋانخانا تەرەپكە يول ئالدى . كەڭ يول ۋە خانىلاردا ساۋۇت كىيگەن ياللانما تۈرك قوغدىغۇچىلىرى ئىككى قاتار بولۇپ سەپ تارتىپ تۇرۇشاتتى .

— ھەرھالدا ، كاپىرلار بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلىش پىلانى يوقتۇر ؟ — ئىستىھزالىق سوئال تاشلىدى بوۋاي ، — ئەبەدىيەت قەسرى جەڭ مەيدانىغا ئايلانماس ، دېگەن ئۈمىدتىمەن .

— ھىندى ئەلچىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئىشىتكەن خەلىپە كۈچ - قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىدە ئۇلارنى دەھشەتكە سېلىپ قويماقچى ئىدى ، — سىپايىلىك بىلەن جاۋاب بەردى جاللات ، — ۋاي - ۋۇي ، نېمىدېگەن زەبەردەس كۈچ-قۇدرەت - ھە ! بوپتۇ ، ھىندى ئەلچىلىرى ئۆز راجالىرىغا قانچە تەرىپلەپ بەرسە ئەرزىيدۇ !

— دەرھەقىقەت ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، ھەرقانداق يەردە خەلىپىلىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايىش قىلىش كېرەك ، — ئاق مەرمەر ۋە كۆكۈچ تاشتىن ياسالغان ھەشەمەتلىك

پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىۋاتقاچ، ئۆزىچە رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى شەيخ ئىسمائىل، — ھەيھات، ئىسيان ۋەپىتنە ـ پاسات بولمىغىنىدا، يەنە قانچىلىك زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولار ئىدى ـ ھە!

ئىگىز ئويما ئىشىك ئالدىدا قىلىچلىرى قىنىدىن چىقىرىلغان خۇسۇسىي قوغدىغۇچىلار قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇرۇشاتتى. مەسرۇر ئالدىغا يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. خەلىپىگە خەۋەر قىلغۇچە ئارىلىقتا كۈتۈپ تۇرۇشقىمۇ تاقىتى يوق ئىدى. گۇمانى بىكار بولۇپ چىقتى. ئىشىكئاغىسى ھاشىمىيلار ئاقساقىلىغا ئالىي ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پېشايۋاننىڭ تېگىگە، گىرۋەكلىرىگە ئالتۇن قاپلانغان يول ـ يول ھال رەڭ مەرمەر ياتقۇزۇلغانىدى. سول تەرەپتىكى ئۈستى يېپىلغان مەيدان ئورنىدا پايدىلىنىلىدىغان چاغراق ئىچكى ھويلىدا تەكشى يوق ناھايىتىمۇ چوڭ ئۈچ ئىت غەزىپىگە چىدىيالماي قۇتراپ غىڭشىماقتا ئىدى. بەستلىك كەلگەن قاپقارا ئۈچ ھىندى ئۇلارنى بويۇن تاسمىسىغا ئۆتكۈزۈلگەن زەنجىردە ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن خانىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى — دېرىزىسىز ئايلانما شەكىللىك ئۆيگە شىر ۋە يولۋاس تېرىسى سېلىنغان بولۇپ، شامدانلاردا خىلمۇخىل رەڭدىكى شاملار يورۇپ تۇراتتى. شەيخ ئىسمائىل تۇرلۇك ھېكمەت ۋە شېئىرلار پۈتۈلگەن تامنىڭ ئالدىدا توختىدى. چۈنكى، ئوردا قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا كۆرە ئىككىنچى قېتىملىق تەكلىپتىن كېيىن، ئاندىن خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا تەشرىپ قىلىشقا بولاتتى.

— ھەزرىتىم، ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا ئىككىنچى قېتىم مۇراجىئەت قىلىش ھاجەت ئەمەس. ئەمىرۇلمۇسلىمىن — ئاللا ھەمىشە ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆز لۇتپۇ ئىنايىتىنى چاچقاي — ھەز-

رىتىمىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تەشنا، — دېدى چوڭقۇر تەزىم بىلەن ئىشكىئاغىسى ۋە سول قولى بىلەن كىمخاب پەردىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولى بىلەن ئاقساقالنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

شەيخ ئىسمائىل چوڭ دىۋانخانىغا قەدەم قويغاندا ھىندى ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. ھاشىمىيلارغا ئاتالغان ئورۇندۇقلار بوش تۇراتتى. ئەمىر ۋە ئەئيانلارغا ئاتالغان ۋە گىلەم ئۈستىگە رەتلىك تەرتىپتە تىزىپ قويۇلغان گۈلدار ياستۇقلاردا پىل سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن كەڭ ۋە ئۇزۇن لىباس كىيگەن ھىندى ئەلچىلىرى ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بوينىدا قىممەت باھالىق ئالماس تىزىق، مۈرىلىرىگە تۇمار ئېسىلغان، يانلىرىدا ئۇزۇن غىلاپلىق شەمشەر. پەردە باشقۇرغۇچى ئاقساقالنى ھاشىمىيلارغا ئاتالغان خاس ئورۇنغا باشلىدى.

پەردە ئارقىسىدىن يۆتەل، ئاندىن خەلىپىنىڭ دەبدەبىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئالىي نەسەب، مۆھتەرەم مېھمانلىرىم، سىلەر بۈيۈك خەلىپىلىك ھۆكۈمدارىغا يەنە قانداق تىلەكلەرنى يەتكۈزمەكچى؟

تىلماچ قۇل سوئالنى ھىندى تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

— ئېلىمىزنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسىنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئەڭ ماھىر ھىندى ئۇستىلىرى ياسىغان ھىندى شەمشەرلىرىنى تارتۇق قىلىش ئويىمىز بار ئىدى، — جاۋاب بەردى ئېگىز بويلۇق ئورۇق كىشى ھىندى ئەلچىلىرى نامىدىن، — بۇنداق شەمشەرلەر دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر يېرىدە تېپىلمايدۇ.

ئىككى كاتىپ سۆھبەتنى خاتىرىلەۋاتاتتى.

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن سۆزلىرىڭلارنى ئېزگۇ نىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ، راجاغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ دوستانە كۆڭلىگە ئېھتىرام يۈزىسىدىن تارتۇقىنى قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ ، — جاۋاب قىلدى خەلىپە ۋە تەنتەنىلىك قىلىپ ئېيتتى ، — ئەمىرۇلمۇسلىمىن ھىندى شەمشەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى سىناپ كۆرۈشنى ئىستەيدۇ .

خانا ئوتتۇرىسىدا قولىغا سەمسەمە[1] تۇتقان تۆت ياللانما قاراۋۇل چىقىپ شەمشەرلەرنى قوبۇل قىلىپ تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭىنى تاللاپ ھاۋاغا ئاتتى - دە ، غۇلاچ كېرىپ سەمسەمە بىلەن يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان شەمشەرنى ئۇردى . جاراڭلىغان ئاۋاز بىلەن سەمسەمە شەمشەرنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى .

— مۆھتەرەم ئەلچىلەر ئەرەب ئەسلىھەسىنى كۆزدىن كەچۈرسۇن ، — ھىندى شەمشەرلىرىنىڭ ھەممىسى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلانغاندىن كېيىن تەكلىپ قىلدى ھارۇن رەشىد — دەرھەقىقەت ، دۇنيادا بۇنىڭدىن ياخشىنى تېپىش قىيىن . بۇ ئەپسانىۋى سەمسەمە ئەمرە ئىبن مەئەدى كەرىبكە تەئەللۇق .

خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قېلىشقان ھىندى ئەلچىلىرى ئاستا شىۋىرلىشىپ سەمسەمەنى كۆزدىن كەچۈرۈشتى . ئۇنىڭ بىرەر يېرىدە نە بىسى يېنىش ، نە بىسى ئۇچۇپ كېتىش ئالامەتلىرىنى تاپالمىدى .

— بۈيۈك خەلىپىلىك ھۆكۈمدارىغا يەنە قانداق تىلەكلەر بار ؟ — ھارۇن رەشىدنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى پەردە ئارقىسىدىن .

— ئېلىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارىغا شىرنى كۆرسە پارچىلاپ بۇردا - بۇردا قىلىپ تاشلايدىغان ئىتلارنى تارتۇق قىلماقچى ئىدۇق ، — گويا شەمشەر ۋەقەسى بولمىغاندەك خاتىرجەم سۆزلەيتتى گەۋدىلىك ، ئورۇق ھىندى ئەلچى .

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن سۆزلىرىڭنى ئېزگۇ نىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ ، — دېدى ھارۇن رەشىد ، — تارتۇقنى

---

① سەمسەمە — بىر خىل ئۆتكۈر قىلىچ .

قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە راجاغا ئۆزىنىڭ تەشەككۇرىنى ۋە دوستانە تىلەكلىرىگە بولغان ئىھتىرامىنى ئىزھار قىلىدۇ، قەسىرىمىزدە ھەرقانداق ئادەم بىلەن كۈچ سىنىشىشقا تەييار شىرلار بېقىلىدۇ، مۆھتەرەم مېھمانلار شىپاڭغا قەدەم تەشرىپ قىلسۇن، بىزمۇ ئېلىشىشنى تاماشا قىلغىلى چىقىمىز.

قىزىقىسىنغان شەيخ ئىسمائىلمۇ ھىندىلار بىلەن بىللە چىقتى. پەستە — مەيداندا زەنجىردىن بوشىتىلغان ئىتلار تاقەتسىزلارچە ھاۋشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. دەرۋازا ئېچىلىپ مەيدانغا بىر سەكرەپ يوغان شىر چىقتى. ھايۋانلار بىر - بىرىگە ئېتىلىپ - يېپىشىپ تالىشاتتى، بوغۇشاتتى، بىرئازدىن كېيىن بىر - بىرىگە يېپىشقان ھايۋانلار ئاجرىلىشتى. شىر پارچە - پارچە قىلىپ تاشلانغان، ئىتلار بولسا ساپساق ئىدى.

چوڭ دىۋانخانىدىكى شاھانە قوبۇل داۋاملاشتى. پەردە ئارقىسىدىن يەنە ھارۇن رەشىدنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن بىباھا سوۋغات ئۈچۈن يەنە بىر مەرتە ئۆز تەشەككۇرىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ئەلچىلەردىن ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرىشنى سورايدۇ: شىرنى پارچىلاپ تاشلىغان ئىتلارنىڭ ئەسلى نەسلى نېمە ۋە قەيەردىن ئېلىپ كېلىنگەن؟

— ئېلىمىزنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسى بولغان ئەي ھۆكۈمدار، راجامىز ئەۋەتكەن ئىتلار ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يارىغانلىقىدىن چەكسىز خۇرسەنمىز. ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئىتلارنىڭ نەسلى ۋە ئۇلارنىڭ قەيەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى سورىدى. جاۋاب بېرىشكە تەييارمىز: نەسلى سەيىۇرت دېيىلىدۇ، ھىندىستاندا بېقىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، دۇنيانىڭ باشقا بىرەر يېرىدە ئۇچرىمايدۇ.

— بۈيۈك خەلىپىلىك ھۆكۈمدارى ھىندىستاندا

www.uyghurkitap.com

يېتىشتۈرۈلگەن سەييۇرت ئىتلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ خىل ئىتلار دەپ شەخسەن تەستىقلايدۇ ۋە تەن ئالىدۇ، — دەبدەبىلىك جاكارلىدى ھارۇن رەشىد .

ئەمىرۇلمۇسلىمىن مۆھتەرەم ئەلچىلەرنى ئۆز لايىقىدا تارتۇقلاش نىيىتىدە سورىدى :

— ئۆز راجايىڭلارغا بىزدىن قانداق سوۋغات ئېلىپ بېرىشنى خالايسىلەر ؟

— ئەي مۆھتەرەم زات ! — دېدى ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ، — بىز ئەقلىمىزنى لال قىلغان سەمسەمە ئارزۇسىدىمىز !

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن مۆھتەرەم ئەلچىلەرنىڭ تىلىكىنى چۈشىنىدۇ ، — ئۇلۇغۋارانە جاۋاب بەردى ھارۇن رەشىد ، — ئەپسۇسكى ، شەرىئەت قانۇنى ئۇنىڭ ھەتتا ئۆز يېقىنلىرىغا قورال تەقدىم قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ . باشقا ھەرقانداق تەلەپلىرىڭلار بولسا ئېيتىڭلار ، بەجا كەلتۈرۈشكە كاپالەت بېرىمەن .

چارەك سائەتتىن كېيىن تەنتەنىلىك قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى . ئەلچىلەر ھىندىستانغا شۇنداق بىباھا تارتۇقلار بىلەن قايتىشتىكى ، بۇ بايلىقلار راجادا خەلىپىلىككە چوڭقۇر ئېھتىرام ، ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي قۇدرىتىدىن قورقۇش ھېسلىرىنى ئويغاتقۇسى .

## 39 . خەلىپە بىلەن يۇزمۇيۇز سۆزلىشىش

ھارۇن رەشىدنىڭ تەۋررۇك چىرايىنى بىرنەچچە مىنۇتلا كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ھىندى ئەلچىلىرى خەلىپە

بىلەن خەيرلىشىپ، چوڭ دىۋانخانىدىن چىقىپ كېتىپ بولماستىنلا، پەردە باشقۇرغۇچى ئېلان قىلدى:

— ئىسمائىل ئىبن يەھيا ئەل - ھاشىمىي ئەمىرۇلمۇسلىمىن بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاشقا تەييار!

مۆھتەرەم ئاقساقال ئۆز ئەرزىنى بايان قىلىشقا ھەرقانچە ئالدىراپ، بۇ بىتاقەتلىكىنى باش ئىشارىسى بىلەن ئىپادىلەپ تۇرغىنى بىلەنمۇ، رەسىم - رۇسۇمغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان پەردىچى يەنىلا ئېھتىرام يۈزىسىدىن سورىدى:

— خوجام، ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ھازىرلا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلامدۇ ياكى بىرئاز سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرسىمۇ بولامدۇ؟

شەيخ ئىسمائىل دەرھال كۆرۈشۈش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى ھەم پەردىنى ئېچىشقا تەمشەلگەن قارا تەنلىك ئاختا قۇلغا خەلىپە بىلەن بولىدىغان سۆھبەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئېيتتى. پەردە سۇرۇلۇشى بىلەن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەشەمەت ۋە سۆلىتى بىلەن ئەمىرۇلمۇسلىمىن ھارۇن رەشىد مۆھتەرەم ئاقساقالنىڭ كۆز ئۆڭىدە نامايان بولدى.

پاكارغىنا زەر ھەل تەختتە خەلىپە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. تەختنىڭ قارا ياغاچتىن ياسالغان يۆلەنچۈكى، پۇتلىرى ۋە گىرۋەكلىرىگە زەر ھەل نەقىش بېرىلگەن ھەربىرى لىموندەك كېلىدىغان ياقۇت ۋە گۆھەرلەر قادالغان، كىمخاب ئورالغان، تۆت تال كىچىك - كىچىك تۈۋرۈكچىلەرگە چوڭ قارا شايى يوپۇق يېپىلغان، يوپۇققا قۇرئان ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئالتۇن يۇلتۇزلار قادالغانىدى. كىچىك تۈۋرۈكچىلەرنى ئېسىل ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئاي سۈرەتلىرى بېزەپ تۇرۇپتۇ. قۇللار تىنىش چىقارماي مۇشك-ئەنبەر كۆيدۈرەتتى. خاس قوغدىغۇچىلار قىلىچلىرىنى

يالىڭاچلاپ تىك تۇرۇشاتتى . ھارۇن رەشىد خەلىپىلىك ئۇلۇغۋارلىقى ۋە شانۇشەۋكىتىنىڭ رەمزەسى بولغان رەسمىي شاھانە لىباستا ئىدى . بېشىدىكى قارا سەللىسى ھەر خىل نۇرلارنى تارىتقۇچى ئالماس تىزىقلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەن . پېشانىسىدە يايسىمان كۆك توز پېيى ئورنىتىلغان ، ئوتتۇرىسىغا يىرىك ئالماس قادالغان ئالتۇن تاج . توز پېيىگە قىممەت باھالىق تاشلار ۋە ئاچ ھال رەڭ يىرىك دۇر قادالغان . ھەشەمەتلىك قارا تونى ئۈستىدىن ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇك سۇفانە رىداسى[1] تاشلانغانىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ! — خەلىپىگە سالام بەردى شەيخ ئىسمائىل ۋە رەسمىيەت بويىچە بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈت ساقلىغاندىن كېيىن سورىدى ، — ئەي بۈيۈك سەلتەنەت سۇلتانى ، ئاللاتائالانىڭ شەپقىتى ۋە شەخسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرى بىلەن ھۇزۇرلىرىغا يېقىن بېرىشقا ئىجازەت بەرگەيلا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، تاغا ! — سالامنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاب بەردى ھارۇن رەشىد ۋە ئوردا رەسمىيەتلىرىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ ، ھاشىمىيلارنىڭ بۇ مۆتىۋەرىگە ئېھتىرام بىلدۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغاندەك ھەرىكەت قىلدى ، — مۇبارەك سىمايىڭىزنى كۆرگىنىمدىن چەكسىز مەمنۇنمەن ، تاغا ! ئەڭ قەدىرلىك مېھمىنىمىز بولغايسىز !

خەلىپىنى ئورنىدىن قوزغاپ قويماي دەپ ئويلىغان شەيخ ئىسمائىل كىچىك پېئىللىق بىلەن خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— بۇنىڭدىن كېيىن ، تاغا ، ھۇزۇرىمىزغا ئىجازەتسىز

---

[1] سۇفانە رىدا — تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان يەڭسىز يېپىنچا . «سۇف» — يۇڭ ، تۆگە يۇڭى مەنىسىدە .

كىرىۋېرىشىڭىزگە ئەڭ ئالىي ئىجازەت بېرىلدى، — دېدى ھارۇن رەشىد ئىلتىپات بىلەن ۋە «بۇ بوۋاي نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، قوشۇپ قويدى، — مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، قەدىرلىك مېھمان!

— تەشەككۈر سىلىگە، جېنىم، ئىلاھىم سەلتەنەتلىرى ئۆمرى باقىي بولغاي! — يۈزىگە پاتىھە تارتىپ جاۋاب بەردى ئاقساقال ۋە خىزمەتكار سۇرۇپ قويغان ياستۇققا يانپاشلاپ سۈكۈت ساقلىدى. ھەتتا ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىمۇ خەلىپە سوئال سورىماستا گەپ ئېچىش ئەدەپ مىزانلىرىغا خىلاپ ھېسابلىناتتى.

ھارۇن رەشىد گويا مېھماننىڭ سەۋر - تاقىتىنى سىناۋاتقاندەك بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن، ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— ئىشەنچىمىز كامىلكى، تاغا، كېلىشىڭىزدىكى مۇددىئا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سائادىتىمىز ۋە خەلىپىلىكنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى يولىدا جان كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. مۇبارەك سىمايىڭىزنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش — بىزنىڭ ئېزگۈ ئارزۇيىمىز. بىراق، پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت بولمىسا، ھۇزۇرىمىزغا تەشرىپ قىلمايدىغانلىقىڭىزمۇ بىزگە ئايان.

— ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن، سىلىگە مەلۇمكى، مەن بەسىرەدە ئىستىقامەت قىلىمەن، — ئەسلىتىپ ئۆتتى شەيخ ئىسمائىل، — مۇبادا، بۇندا مۇقىم تۇرۇشۇم زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۆمرۈمنى ئاستانىلىرى تۈپرىقىدا ئۆتكۈزۈشكە تەييارمەن. بۈگۈن دەرھەقىقەت، ناھايىتىمۇ مۇھىم بىر زۆرۈرىيەت مېنى بۇ يەرگە كەلتۈردى. ماڭا كۆرسەتكەن شۇنچە لۇتپۇ ئىنايەتلىرى قاتارىدا، يەنە بىر قېتىم مەرھەمەتلىرىنى ئايىمايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن.

— قېنى، ئاڭلايلىچۇ، تاغىمىزنىڭ مۇددىئاسى نېمىكىن؟

www.uyghurkitap.com

تىلىكىڭىزنى ئورۇندىماق بىز ئۇچۇن ۋاجىپ .
— ئەي ، جىيەن ، بىزنىڭ ئەمەس ، سىلىنىڭ خاھىشلىرى شاھىقىمۇ ، گادايىغىمۇ ئوخشاشلا ۋاجىپ ، — دېدى مۆرىبەت بىلەن بېشىنى ئېگىپ ، قوللىرىنى دۇئايى تەكبىرگە ئاچقان ئاقساقال ، — ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارغا يېگانە بىر ھۆكۈمدار ئاتا قىلغان . خەلىپىنىڭ رەقىبلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! ئەمىرۇلمۇسلىمىن كەمىنە قۇلىنىڭ مۇددىئاسىغا قۇلاق سالماقچى بولسا ، ئىككىمىز يالغۇز سۆزلەشسەكمىكىن . . .
پەرمانغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ پەردىچى ، خۇسۇسىي قوغدىغۇچىلار ۋە خىزمەتكارلار چوڭ دىۋانخانىدىن چىقىپ كېتىشتى .
ھارۇن رەشىد ، نىھايەت ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆڭلىگە ئەندىشە سالغان ۋەقە ھەققىدە گەپ بولارمىكىن ، دەپ قىزىقسىنىپ قالدى .
— سۆزلىمەككە ئىجازەت بەرگەيلا ، شاھىم ! — دېدى ئاقساقال ھالقا شىرىقلاپ ، ئىشىك بېكىتىلگەندىن كېيىن .
— مارىلايدىغانلارغا بۇ يەرگە كىرىشكە يول يوق ، — چۈشەندۈردى خەلىپە ، — قېنى ، سۆزلەڭ ، تاغا !
— ئىلتىماسىم ئىبن ھادىيغا تەئەللۇق ، — گەپنى ئايلاندۇرماي ئۇدۇللا ئېيتتى شەيخ ئىسمائىل ۋە بىردىنلا ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ چىرايى ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلەپ قالدى .
«نېمە ، بىرئاز ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويدۇممۇ قانداق ؟ — ئويلاپ قالدى شەيخ ، — خەلىپىنىڭ تەشۋىشلىرى ناھايىتى كۆپ . مېنىڭ تەشۋىشىم ھەممىدىن مۇھىممىدى ؟ توپىلاڭنىڭ سەۋەبى بۇ ئەمەسقۇ ؟ ! ياخشىسى ، بەرمەكىيلەرنى ھىمايە قىلىپ گەپ قىلسامىكىن ؟ گەپ تېشىلىپ بولدى ، كەلگىنىنى كۆرەرمەن . . .» شەيخ ئىسمائىل ئويچان كۆزلىرىنى

ھارۇن رەشىدتىن ئۆزمىگەن ھالدا دېدى :
— جىيەنلىرى ھاشىمىيلارنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك يىگىتلىرىدىن .
— قۇرۇق گەپ ! — كەسكىن ئېتىراز بىلدۈردى خەلىپە ، كېيىن بىر ئاز يۇمشاپ ، — ئەمما ، مەن ئۇنىڭ تاغىسى ، ئۇنىڭدىن ئۆز مېھىر - شەپقىتىمنى ئايىمايمەن . يىگىتكە پۇل ، سوۋغا - سالاملار لازىمدۇر ، بەلكىم ؟ — دېدى .
— ھاشىمىيلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىنئام - تارتۇقلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن . ئىبن ھادىي ئالىي مەرھەمەت ئىستىكىدە ئەڭ زور ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن ئەمىر ۋلمۇسلىمىنىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىش ئارزۇسىدا .
ھارۇن رەشىد گەپ ئۆزىنىڭ قىزى ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا خۇپسەنلىك قىلدى :
— جىيەنىمنى ئۆزىگە مۇناسىپ قىز بىلەن بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويۇشقا تەييارمەن ، — دېدى خەلىپە دەبدەبىلىك گەپ قىلىپ ، — ئىككىلىمىزنىڭ نەسەبىمىز پەيغەمبەرلەر زاتىدىن .
— ياشلىق — يىگىتلىك - دە ، — ئۆز گېپىنى ماقۇللاشقا ئىنتىلدى شەيخ ئىسمائىل ، — ئۇ خەلىپە خانىدانىغا تېخىمۇ يېقىنراق قېرىنداشلىق يىپلىرى بىلەن باغلىنىش ئارزۇسىدا .
— يېقىن قېرىنداشلىرىمغا يېقىنلارچە ئىلتىپات كۆرسىتىشكە تەييارمەن ، — دېدى جاۋابەن ھارۇن رەشىد ، ئىما - ئىشارەت ناھايىتىمۇ ئېنىق ، ئەمدى ئۆزىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ تۇتۇش ئورۇنسىز . شەيخنىڭ ئالدىغىراق ئۆتۈپ گەپ قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرغاچ دېدى ، — جىيەنىمگە قىزىم ئەلىيەنى بېرىشتىن باشقا ھەرقانداق تىلەكلىرى بولسا ،

ئورۇنداشقا ھازىرمەن .

— ئەپسۇس ، ئەپسۇس ! ئۇنىڭ بىردىنبىر تىلىكى ئەلىيە ئىدى ! — خىتاب قىلدى بوۋاي ، ئاندىن خۇددى ئۆز نارازىلىقىنى ئىزھار قىلغاندەك رەسمىي تەرىزدە ئېيتتى ، — ئىبن ھادىي ھېچقانداق ئېتىرازسىز ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئەمرۇ پەرمانىغا سادىق . لېكىن ، خەلىپىنىڭ ماڭا بولغان ئىززەت - ئېھتىرامىدىن مەمنۇنمەن . يەنە بىر سوئال سورىشىمغا ئىجازەت بولارمىكىن ؟

— سۆزلەڭ ، تاغا . سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش بىزگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ .

تەشەككۇر ئىپادىسى سۈپىتىدە شەيخ ئىسمائىل قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى .

— نېمە سەۋەبتىن ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئىبن ھادىينى ئۆز قىزلىرىغا مۇناسىپ كۆرمەيدىلا ؟ — سورىدى ئېھتىرام بىلەن ، — ئاخىر ھەر ئىككىلىسى گۆرلىرى نۇرغا تولغۇر جەننەت ماكان بوۋىلىرى ئالىي نەسەب ، ئادالەتپەرۋەر خەلىپە مەنسۇرنىڭ پۇشتى كەرەمىدىن تارقالغان پەرزەنتلەرغۇ !

— مەن جىيەنىم قىزىمغا مۇناسىپ ئەمەس دەۋاتقىنىم يوق ، — جاۋاب قىلدى ھارۇن رەشىد قولىدىكى خەلىپىلىك ھاسىسىنى مەھكەمرەك سىقىپ ، — شۈبھىسىزكى ، قىزىم ئەڭ ئېھتىراملىق كىشىگە ئۇزىتىلغۇسى . سىزگە چوڭقۇر تەئەسسۈپ بىلدۈرۈشتىن باشقا ئىلاجىم يوق ، تاغا ، بىرئاز كېچىكتىڭىز ، ئەلىيەگە چاي ئىچۈرۈلگەن .

— چاي ئىچۈرۈلگەن ؟ ! — سەسكىنىپ كەتتى نەپەسى بوغۇزىغا تىقىلغان شەيخ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئاشكارا گەپ - سۆز بولۇنمىغىنىدىن ھەيرەتلىنىپ ، — ئەپۇ قىلسىلا ، ئەمىرۇل- مۇسلىمىن ! بۇرۇنراق خەۋەر تاپقىنىمدا ئىدى ، بۇنداق ئىلتىجا بىلەن سىلىنى تەشۋىشكە سالمىغان بولار ئىدىم ، — خەلىپە

تەخت ئۈستىدە ئەنسىز قىمىرلاپ قويدى ، ئاقساقال ئۆز ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتەر دەپ ئويلىدى . ئەمما ، شەيخ ئىسمائىل ئورنىدىن قوزغالمىدى . ئىلاجسىز قالغان ھارۇن رەشىد گەپنى ئېنىقراق چۈشەندۈردى :

— ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيا خۇددى جىيەنىمىزگە ئوخشاش دادا تەرەپ تۇغقىنىمىز ئىبراھىم ئىبن ئابدۇلمەلىك ئۈچۈن قىزىمىز ئەلىيەنى سوراتتى . تاغا ، مەن سىزگە ياق دېمىدىم ، بىراق نىكاھ مۆھرى ئاللا ئىككەنلىكىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز . بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ نەسەبىمۇ ھاشىمىيغۇ !

ئاقساقال لەۋلىرىنى چىشلەپ ، بىرەر ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى . قىزىق ئىش ، ئۇ تېخى ھېلىلا تەرىپىنى ئالماقچى بولغان بەرمەكىي ئۇنى داغدا قالدۇرغىنىنى قارىمامدىغان !

— ئەگەر جىيەنىمىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىرەر تىلىكى بولسا ئىزھار قىلسۇن ، — دېدى ھارۇن رەشىد ئىبن ھادىينىڭ ئەسلى مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقماقچى بولۇپ .

## 40 . يەنە بىر مەغلۇبىيەت

شەيخ ئىسمائىل سەگەكلەشتى : ئەلچىلىك بەربات بولدى ، بۇ گەپنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك . بۇ ناخۇشلۇقنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان خەلىپىنىڭ مەرھەمىتىنى غەنىيمەت بىلىش زۆرۈر !

— ئىچۇرۇلگەن چاينى بۇزۇپ ، ۋەدىدىن يېنىش — ھاشىمىيلار ئۈچۈن ئار - نومۇس ، — دېدى شەيخ ، — مەن بۇنى ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشىنىمەن . مەن ئىبن ھادىيغا ئابرۇي-ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە شېرىن ۋەدىلەرنى قىلغانىدىم . ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ۋاجىپ .

ھارۇن رەشىد شەيخ ئىسمائىلنىڭ كۆيۈپ ـ پىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئاقساقال ياش يىگىتنى تىزگىنلىمەكچى، خەلىپىلىكنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ خەيرلىك ئىش، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۆز ئىشىغا ئارىلاشقانلارنى ياقتۇرمايتتى.

— سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى تىرىشچانلىقىڭىز بىزگە مەلۇم، بۇنى يۇكسەك دەرىجىدە قەدىرلەيمىز. دانىشمەنلەر مەسلىھەتى — ھاكىمىيەت ئاساسى، — دېدى ئاچچىق قىلىپ ھارۇن رەشىد، — خوش، ئىبن ھادىي ھەققىدە قانداق مەسلىھەتكە كەلسەك بولار؟

— ئاللا ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ئۆمرىنى باقىي قىلغاي، جىيەنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمغا ياخشى قاراشتا ئىكەنلىكىدىن چەكسىز مەمنۇنمەن، كەمىنىنىڭ پىكرىچە، ياش يىگىت يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىنتىزار، — دېدى شەيخ ئىسمائىل ۋە جىم بولۇپ قالدى، قىسقىغىنا جىملىقتىن كېيىن تەكەللۇپ بىلەن ئېيتتى، — ئېنىق بىرنەرسە دېيىش قىيىن بەلكىم، ئۇنىڭغا مىسىر ياكى خۇراسان ھاكىملىقى بېرىلسە بولۇرمىكىن، قانداق . . .

— ئەپسۇس، تاغا، كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن! — خىتاب قىلدى ھارۇن رەشىد ئالىقانلىرىنى بىلىگە تىرەپ. ئۇنىڭ پېشانىسى تۈرۈلۈپ قورۇقلار پەيدا بولدى، — تېخى تۈنۈگۈنلا مىسىر ھاكىملىقىنى بولغۇسى كۈيئوغلىمىزغا مەرھەمەت ئەتتۇق، خۇراسان بولسا قاچانلاردىدۇر ۋەزىرگە ۋەدە قىلىنغان. بۇ سىر ئىدى، لېكىن، تاغا، ھەرقانچە مەخپىي سىر بولسىمۇ سىزدىن يوشۇرۇشقا ھەققىم يوق.

بۇ زەربە تېخىمۇ قاتتىق بولدى. شەيخ ئىسمائىل بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە شۇئان ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، سورىدى:

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، ئاللا ئۆز مەرھەمىتىنى سىلىدىن ئايىمىغاي ، كۆڭلۈمدە بارىنى بايان قىلىشقا ئىجازەت بېرەرلىمۇ ؟
ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئاقساقال تامىقىنى قىرىپ سۆز باشلىدى :
— مەن ياشىنىپ قالغان ئادەممەن . ھاياتتا ئۆز مەۋقەيىمنى ياخشى بىلىمەن . خەلىپىلىككە بولغان ساداقىتىم روشەن ، خاھىشىم شۇلكى ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن دېگەن مۆھۇر بېسىلغان سەلتەنەت ئۇزۇكى ھارۇن رەشىد بارمىقىدا باقىي قالغاي ، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋەررۇك رىداسى مۇرىلىرىدە مەزمۇت تۇرغاي . مۇبادا ئىبن ھادىي باشقىچە ئوي-خىيالدا بولسا ، بۇ خەۋەر دەرھال ھارۇن رەشىد قولىقىغا يەتكەي . بۇ خەيرلىك ئىش مېنىڭ زىممەمدە . خەلىپىلىك مەنپەئىتى ۋەدە ۋە قەسەملەرگە قارىغاندا مۇھىمراق . بىراق پىتنە- پاسات يىلتىزىنى پۇتكۇل قىرقىپ تاشلاش زۆرۈر . تاشقى پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ! رۇملۇقلار كاستانتىنادا ھۆكۈم سۈرمەكتە ، ئۆمەۋيىلەر ئەندەلۇسىيەگە قېچىپ كەتتى . بىز ھاشىمىيلار ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئۈم بولۇشىمىز زۆرۈر . بىر ياقىدىن باش چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ، كەمىنە ئەقلىمىزنىڭ پىكرىچە ، ئەڭ يېقىن قېرىنداش - ئۇرۇقلارنى بەسرەدە تۇرغۇزۇپ ، ئۇلارنى ئىشرەت ۋە رەزىللىك پاتقىقىغا پاتۇرۇش ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنى خەلىپىلىك خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىش ، ئالىي مەرتىۋىلەرگە مۇشەررەپ قىلىشتۇر .
— دانا پىكىر ، تاغا ، بىز ئاللىقاچان سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىز بويىچە ئىش تۇتۇشقا باشلىغانمىز ! — گەپنى چورت كەستى ھارۇن رەشىد غەزىپىنى زورىغا بېسىپ ، — مىسىرنى ، بابا ئاڭلىغىنىڭىزدەك ، ھاشىمىي باشقۇرىدۇ . ئىبن ھادىينى قەيەرگە قويساق بولار ؟

www.uyghurkitap.com

— مەندە بىر ئوي بار ئىدى . . .

— قېنى ئېيتىڭ !

— ئۇ ئۇچىنچى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلەنسە ، قانداق بولاركىن ؟

— نېمە ، نېمە ؟ ! — ھارۇن رەشىد غەزىپىدىن بىر تولغىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە ، تەختتىن پەسكە چۈشتى . قولىدىكى خەلىپىلىك ھاسىسىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇچىسىدىكى پەيغەمبەر رىداسى مۇرىسىگە ئىلىنىپ قالدى .

— مۇنداق دەڭ ، تېخى ئىبن ھادىينىڭ باشباشتاقلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىمۇ ؟ ! — ئەمىرۇلمۇسلىمىن مۇرىسىگە ئىلىنىپ قالغان پەيغەمبەر رىداسىنى ئوڭلاپ ، غەزىپىنى باسالماي ، توۋلىغىنىچە پىررىدە ئايلىنىپ ۋارقىرىدى ، — مۇمكىن ئەمەس ! ئاڭلاۋاتامسىز ، مۇمكىن ئەمەس !

شەيخ ئىسمائىل ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى . خەلىپىنىڭ ۋارقىرىشى ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي پۇت - قولى كالۋالىشىپ قالدى ، كەينىچىلەپ ئىشىك تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى . بۇ ئۇنىڭ دەرغەزەپ بولغان خەلىپىدىن ھېيىققانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئوردىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بۇزۇشنى توغرا كۆرمىگەنلىكىدىن ئىدى . چۈنكى خەلىپە ئورنىدىن قوزغالدىمۇ ، قوبۇل تۈگىدى دېگەنلىك بولاتتى . ئۇندىمەي چىقىپ كېتىش ئاقساقالغا بىئەپ تۇيۇلدى . ئىشىك ئالدىدا بىر دەقىقە توختاپ ئېيتتى :

— ئەمىرۇلمۇسلىمىن مېھىر - شەپقەتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلدىم ، چىگىش مۇئەممالارنى تىلغا ئېلىپ ياخشى ئىش قىلمىدىم . ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلغايلا .

تامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالغان ھارۇن رەشىد قۇرئان

ئايەتلىرىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ئاستا ئۆرۈلدى ، يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولغانىدى .

— تاغىمىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسان ، — دېدى مۇلايىم ئاھاڭدا ، — ئۇ زاتتىن خاپا بولۇشقا ھەققىمىز يوق . بىز تەرەپتىن ئۆتكەن قوپاللىق ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قارشى ئېيتىلغان ئاچچىق سۆزلەر ئەمەس ، ئەسلا ئۇنداق ئەمەس . ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىززەت - ئىكرامىمىز چەكسىز . ھاشىمىيلارنىڭ ئەڭ دانىشمىنىنى ھۆرمەت قىلماسلىق — گۇمراھلىق . پەقەت ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇندىيالمىغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلىنىمىز .

ئاقساقال خەلىپىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنەتتى ، گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى .

— ئەمىرۇلمۇئمىنىنىڭ خەيرخاھلىقىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن ، — دېدى شەيخ ئىسمائىل ، كۆڭلىدە «ئۆزۈڭ ئادەم بولۇپ ، ئۆمرۈڭدە بىرەر مەرتە راست گەپ قىلىپ باققاندۇرمىسەن ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ ، ئاندىن قوشۇپ قويدى ، ئىقبال يۇلتۇزى سايىدىن ئاپتاپقا چىقمىغان ئىبىن ھادىينىڭ تەقدىرىگە ماتەم تۇتۇش مېنىڭ قىسمىتىم ئىكەن . كەتمەككە ئىجازەت بەرگەيلا .

— شۇنداق قىلغىنىمىز خوپراق ، تاغا ، خالىي قېلىشنى خالاپ قېلىۋاتىمەن ، — جاۋاب بەردى ھارۇن رەشىد ۋە شەيخ ئىسمائىل قوبۇلخانىدىن ئارقىچىلاپ چىقىپ كېتىپ بولغۇچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىدى .

## 41 . ئابدۇل مالىك ئىبىن سالىھ ۋە ئابدۇل مالىك ئىبىن بەھرام

— ئەمىرۇلمۇئمىنىن ۋاقتى - سائىتىنى كەلتۈرۈپ ساڭا

مۇناسىپ بىرەر مەرتىۋە ئىنئام قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا سېنىڭ ئەلىيەگە ئۆيلىنىش ئارزۇيۇڭنىڭ رويابقا چىقمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئەپسۇستا. سەن بىلەن بىز كېچىكىپ قاپتىمىز، خالاس. بۇنىڭغا نېمە ئامال، بالام! سەۋر - تاقەت — ئەڭ يۈكسەك دانىشمەنلىك. تېخى ئۇن گۈلۈڭدىن بىرى ئېچىلغىنى يوق، ئىقبالىڭ ئالدىڭدا، — دېدى شەيخ ئىسمائىل خەلىپە ھوزۇرىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ تەپسىلاتىنى تاماملاپ، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئىبن ھادىينى خاتىرجەم قىلىشقا، قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى سۇندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. ئۈچىنچى ۋەلىئەھدلىك ياكى باشقا بىرەر ئالىي مەرتىۋە ئىنايەت ئېتىلىشى ھەققىدىكى ئۇرۇنۇش - تىرىشىشلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمىغانلىقى ھەققىدە بولسا ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئېغىز ئاچمايلا قويدى. كۈنمۇ قىيام بولغانىدى. ھاشىمىيلار ئاقساقىلىنىڭ باغدادتىكى چاغراق سارىيىنىڭ پېشايۋىنىنى كۈننىڭ ئاخىرقى خىرە نۇرلىرى سىيپاپ ئۆتتى. ئاقساقالنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئاغرىغانىدى. ئۇ پۈتۈن يول بويى «قەيەردە ۋە نېمە ئىشتا خاتاغا يول قويدۇم؟» دەپ خىيال سۈرۈپ چىقتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ غەمكىن خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە بىرگە كېتىۋاتقان خىزمەتكارلىرىغا نەزەر سالاتتى. ئۇلار ناھايىتىمۇ خاتىرجەم، پەرۋاسىز بولۇپ، ئىگىسىنى ئېزىۋاتقان غەم - تەشۋىشلەر پەرۋايىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

— بوپتۇلا، نېمە بولسا بولغىنىنى كۆرەرمىز! — ئۇھ تارتتى ئىبن ھادي، — سىز كەتكەندىن كېيىن ئەلىيەنىڭ پاتىھە قىلىنغانلىقىنى[1]، لېكىن قانداق پاتىھە قىلىنغانلىقىنى بىلگەنىدىم.

[1] چاي ئىچۈرۈلگەنلىكى دېگەن مەنىدە.



www.uyghurkitap.com

— قانداقلا بولمىسۇن، — دېدى شەيخ ئىسمائىل، — مېنىڭچە... ئىبراھىم — ئابدۇل مالىكنىڭ ئوغلى. ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدىن قىل ئۆتمەيدۇ. ھاشىمىيلار ئارىسىدا بولسا بۇنداقلار ناھايىتىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. پىكرىمچە، جەفەر ئىبن يەھيا ئابدۇل مالىكنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئەلچىلىك قىلىپ ئارىغا چۈشكەن، نېمىلا دېگەنبىلەن، ئىبراھىممۇ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ئەلىيەگە نەۋرە ئاكا، ئۇنىڭمۇ خەلىپىگە ساڭا ئوخشاش كۈيئوغۇل بولۇش ھوقۇقى بار.

— ئەپسۇس، ئىش شۇنداقلا بولغان بولسا مەيلى ئىدىغۇ! — ئاھ ئۇردى ياش يىگىت، — ۋەزىر ھېچكىمنى نەزەر-گۇزىرىگە ئىلمايدۇ، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدۇ، بىزنى خالىغانچە ھاقارەتلەيدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلاردىن ئىشەنچلىك بىرى ماڭا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدىنقى كۈنى جەفەر ئىبن يەھيانىڭ سارىيىدا ئىشرەت بەزمىسى تۈزۈلۈپ، باشتىن-ئاياغ شايى ۋە قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلار بىلەن ئورالغان قول بەچچە ئۆز يېقىنلىرى بىلەن قانغۇچە ئىشرەت قىلىشىپتۇ. بەزمە جەمشىد بولۇشى تۇرغانلا گەپ-دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىر خوجىلىق باشقۇرغۇچى ئابدۇل مالىك ئىبن بەھرامدىن باشقا كىشىنى يېقىن يولاتماسلىققا ئەمر قىلغانىكەن. ئىشرەت بەزمىسىنى باشقۇرغۇچى گەپنى ئېنىق ئاڭقىرالماي ئېسىدە ئابدۇل مالىك دېگەن سۆزنىلا ساقلاپ قاپتۇ، ۋەسسالام. كۈتۈلمىگەندە ئابدۇل مالىك ئىبن بەھرام قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن ھاياللاپ قاپتۇ. بەزمى جەمشىد ھەققىدە بولسا باشقا ئابدۇل مالىك — ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇل مالىك ئىبن سالىھ خەۋەر تېپىپ قاپتۇ. بۇ ئادەم خېلىدىن بېرى ئوغلىنى تۈزۈكرەك بىر ئورۇنغا جايلاشتۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئوڭشىۋېلىش يولىنى ئىزدەپ يۈرگەن. ئۇ جەفەر ئىبن يەھيانىڭ

مەستخۇشلۇق پەللىسىگە يېتىشنى مۆلچەرلەپ سارايغا كەلگەن. بەزمە باشقۇرغۇچى كېلىشنى كۈتۈۋاتقان كىشى شۇ ئابدۇل مالىك ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ۋەزىرگە: «ئابدۇل مالىك كەلدى! كىرىشكە ئىجازەتمۇ؟» دەپ خەۋەر قىلغانىكەن، «ساڭا پەرمان بېرىلگەنغۇ، دەرھال كىرسۇن!» دەپ ۋارقىراپتۇ جەفەر ئىبن يەھيا.

بەزمى جەمشىد ئەۋجىگە چىقىپ، ھەممە شاراب سۇمۇرۇۋاتقاندا، بىردىنلا ئىشىك ئىچىلىپ ئاستانىدە قارا تون ۋە سەللىلىك، شاراب ئەمەس، ھەتتا خورما شەربىتىنىمۇ ئاغزىغا ئالمايدىغان تەقۋادار ئابدۇل مالىك ئىبن سالىھ پەيدا بوپتۇ. بەزمە ئەھلى ساراسىمىدە، يېقىن - يورۇقلار خىجالەتتە، ساھىبخان بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئابدۇل مالىك ئامەت - تەلىيى ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگىنىنى دەرھال پەملەپتۇ - دە، بەخت قۇشىنى قولدىن چىقارماسلىققا تىرىشىپ «مەستانىلەر كىيىمى» كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىپتۇ. جەفەر ئىبن يەھيا ئىشنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئەمر قىپتۇ. تەقۋادار ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا قىزغۇچ قەدەھكە قول سوزۇپ، ھەممىسىنىڭ كۆز ئۆڭىدە بىر قەدەھ شارابنى ئىچىۋېتىپتۇ، كەينىدىن ئىككىنچى قەدەھنى بوشىتىپتۇ. بۇ مەككار تەقۋادار ئادەم: «ئاخىر ئارزۇلىرىم ئىشقا ئاشتى! بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!» دەۋەتكەن - دە، كەيپىلىك ئىچىدە ۋەزىر خۇشال بولغان، دېمەك ھەممە ئىش ئۆز - ئۆزىدىن پۈتتى دېگەن گەپ! ۋەزىر ئارقىمۇئارقا مەي ئىچىپ، بەزمە ئەھلىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ئەي ئابدۇل مالىك، سارىيىمغا قەدەم تەشرىپ قىلىپسەن! مېھمىنىمسەن، مېھمان قەدرى ھەممە نەرسىدىن ئۇلۇغ. دەيدۇلەركى: ‹مېھمان كەلگەن يەرگە ياغىمىش خۇدانىڭ رەھمىتى، كۆتۈرۈلگەي ئۇل زامان ھەم ئاپەتيۇ مېھنىتى›، تىلە تىلىكىڭنى! ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرگەي-



www.uyghurkitap.com

مەن !» دېگەن .

ئابدۇل مالىكقا دەل شۇ لازىم ـ دە ! «خەلىپىنىڭ مەندىن كۆڭلى قالدى» دەپتۇ ئۇ ئالدى بىلەن . «خەلىپە سەندىن مەمنۇن بولغاي !» دەپ نەرە تارتىپتۇ ۋەزىر . «تۆت مىڭ دىرھەم قەرزىم بار» دەپتۇ ئابدۇل مالىك . «ئەمدى ھېچقانداق قەرزىڭ بولمايدۇ !» ـــ دەپتۇ غەرق مەست بولغان قۇل بەچچە ، ـــ خەلىپىنىڭ مەرھەمەت دېگىنىدىن بەھرىمەن بولغايسەن ؛ قىزى ئەلىيەنى ئوغلۇڭغا پاتىھە قىلغايمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇڭ ئىبراھىمغا مىسىرنىڭ ھاكىملىقى ئىنئام قىلىنغاي !»

مانا ، ئىش مۇشۇنداق بولغان .

شەيخ ئىسمائىلنىڭ غەزىپى تاشتى . ئەمما سىر بېرىپ قويماسلىققا ھەرىكەت قىلىپ تامىقىنى قىرغان بولۇپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، ئېيتتى :

ـــ ئالدىرىما ، بالام ! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايغاقچىنىڭ گەپلىرى ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . سەندىن جىقراق پۇل ئۇندۇرۇش مەقسىتىدە يالغان ـ ياۋىداقلارنىمۇ قوشۇپ سۆزلەۋېرىدۇ .

ـــ ئەي ئۇستاز ، سىز زادىلا ھېچكىمگە ئىشەنمەيسىز ! ـــ ئېتىراز بىلدۈردى يىگىت ، ـــ يەنە تېخى مۇھەممەد ئەميننى ئىشرەتۋاز دەپ ئەيىبلەيسىز . قۇل بەچچىنىڭ قىلغانلىرى ھەممىگە ئايان ! ئەلىيە بولسا شارابخورلۇق قۇربانى . شۇ ھالىغا خەلىپە ئىمىش ! قىزىنى ئىبراھىمغا بېرىشكە رازى بولۇپتۇ ! ئۇنى بېشىغا ئېلىپ مىسىرغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپتۇ تېخى .

ـــ بولدى قىل ، ھەقىقەتنى ۋاقىت دەلىللەيدۇ ، ـــ دېدى شەيخ ئىسمائىل ، ـــ ئەمدى بىز بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت قىلمىقىمىز زۆرۈر . سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە بەسرەگە قايت ، مەن بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن يېتىپ بارىمەن .

ئىبن ھادىي ئاقساقالغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە پېتىنالمىدى . ئاقساقال بىلەن خوشلىشىپ ، باغدادتىن قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى فەزل بىلەن كۆرۈشۈپ ، يېڭى خەۋەرلەر ، ئەلىيەنىڭ ئۆزىتىلىشى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلەشمەكچى بولدى .

ئانىسى ھۇزۇرىدىن ناھايىتىمۇ خۇشال قايتقان مۇھەممەد ئەمىن ئەلەۋىي ھەققىدىكى خەۋەرنى خەلىپىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسىنى ئويلاپ تېپىشنى فەزلگە تاپشۇرغانىدى . ئىبن ھادىي بۇنى ئاڭلاپ باشقىچە سۆيۈنۈپ كەتتى . ۋەزىرگە قارشى پىتنە تەييارلانماقتا ! نېمىدېگەن ياخشى !

— خوش ، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق ؟ — سورىدى تاقىتى تاق بولۇپ فەزل .

— ۋاقىت كۈتۈپ تۇرمايدۇ .

— شۇ مەزمۇن كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئەبۇل ئەتەخىيەدە بار ، — دېدى فەزل ، — ئۇنى قانداق يەتكۈزۈش كېرەك ، ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا . بىرقانچە خىل ئۇسۇل ئويلاپ كۆرۈلسە ، يامان بولماس ئىدى .

— ئاللا كۆرسەتمىسۇن ! كىم ئوقۇپ بېرىدۇ ؟

— ئەگەر كۆپرەك پۇل بېرىلسە ، شائىرنىڭ ئۆزى ئوقۇپ بېرىشى مۇمكىن .

— ئەبباسەنىڭ بالىلىرى تېپىلدىمۇ ؟ — توساتتىن ئېسىگە چۈشۈپ سورىدى ياش يىگىت ، — ئۇلار ناھايىتىمۇ ياخشى دەلىل - دە .

— كېرەك ۋاقتىدا قولىمىزدا بولىدۇ ، — دېدى ئوچۇق جاۋاب بەرگۈسى كەلمىگەن فەزل . ئۇ گەپنى كۆپەيتىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى . قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئەمىرۇلمۇسلىمىن قولىدىن ھۆكۈمرانلىقنى تارتىۋېلىش دەردىدە يۈرگەن ئىبن ھادىيدىن پەرقلىق ھالدا ، فەزل خەلىپىنىڭ

ئۆزىگە قارشى بولىدىغان خەۋپلىك ئويۇنغا ئارىلىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى . چۈنكى ، قايسى ھۆكۈمدار ھۇزۇرىدا بولسۇن — ئۇ ھارۇن رەشىد بولامدۇ ياكى باشقىسى بولامدۇ ، ئۇنىڭغا بەرىبىر ، ئىشقىلىپ ۋەزىر بولۇۋالسا بولدى ! جەپەر ئىبن يەھيا بەرمەكىي پۈتۈنلەي باشقا گەپ . ئۇلارنى تەختتىن تاۋۇتقا يىقىتىش ئۈچۈن پەزل ھەرقانداق سۈيىقەست ۋە پىتنىگە باش قوشۇشقا تەييار !

— ئەپسۇسكى ، ئۇستاز مېنىڭ بەسرەگە قايتىپ كېتىشىمنى بۇيرۇدى ، — دېدى ياش يىگىت .

— ۋەزىرنىڭ كۆنى پۈتۈپ قالدى ، ئىنشائاللا مۇراد - مەقسەتكە ئېرىشىدىغان پۇرسەتمۇ يېقىنلاپ قالدى ، — دېدى پەزل بېشىنى لىڭشىتىپ ، — قالغىنىغا ئاللا ئىگەم بار .

## 42 . خەلىپە

شەيخ ئىسمائىل كەتكەندىن كېيىن ھارۇن رەشىد چوڭقۇر خىيالغا پاتتى . كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلىش ئېھتىمالى بولغان ئارتۇقچە گەپ - سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى - ھە . خەلىپە ئوتتۇرىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . ھاشىمىيلار ئاقساقىلىنىڭ سۆزلىرى تېگىدە قانداقتۇر خۇپىيانە مەقسەت يوشۇرۇنغانمۇ - قانداق ؟ ئاقساقالغا ھەققانىي جاۋاب بېرەلىدىمۇ ؟ بىرەر خاتالىق ياكى كەمچىلىككە يول قويۇپ قالدىمۇ يا ؟ ياق ، ھەممىسى توغرا ۋە ھەققانىي ئېيتىلدى ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، ئەلۋەتتە ، شۇنداق جاۋاب بېرىشى كېرەك - دە . لېكىن ، قانداقلا ئويلىمىسۇن ، خەلىپىنىڭ ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلايتتى . خېلىدىن بېرى ھارۇن رەشىد بەرمەكىيلەرگە چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ئىشى توغرا بولغانمىدۇر ؟ ۋەزىرنىڭ ئابرۇيى - ئېتىبارى كۈن-

www.uyghurkitap.com

دىن ـ كۆنگە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ . . . . تەنبىھلەر، دارتىملارمۇ قۇلىقىغا يەتتى . ھازىرچە ، خەلىپىنىڭ نە قېرىنداش ئۇرۇقلىرى ، نە جىيەنلىرى ۋە نە باشقا يېقىن ـ يورۇقلىرى بۇ قەدەر كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئەمەس . يەنە پىتنە ـ ئىغۋا، غەلىيانلار باشلىنىپ كېتەرمۇ؟ ھازىرقى شارائىتتا ئېھتىياتچانلىق قانچىلىك زۆرۈر ـ ھە ! جەفەر ئىبن يەھيا ناھايىتىمۇ كېرەكلىك ئادەم ، بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ ، بەرمەكىيلەر ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا . ئۇلار قىلىۋاتقان پايدىلىق ئىشلار تۈپەيلى كۆپ نەرسىلەرنى كەچۈرۈش مۇمكىن . كۆپ نەرسىلەرنىمۇ ياكى ھەممىسىنىمۇ؟ . . . ۋەزىرنىڭ دانالىقى تۈپەيلى ئەمىرۇلمۇسلىمىن كۈندىلىك تەشۋىش ۋە خەلىپىلىكنى ئىدارە قىلىشتەك ئېغىر ئىشتىن خالاس بولدى . لېكىن ، بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا دۆلەتنىڭ ئاساسىي مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتامدۇ؟ جەفەر ئىبن يەھيا پارس ، پارس بولغاندىمۇ جان ـ تېنى ، پىكىر ۋە زىكرى بىلەن ، چېچە-دىن تىرنىقىغىچە خۇراسان روھىيىتى چىقىپ تۇرىدۇ . پەمىچە ، ئۇ ئىسيانكار ئەلەۋىينى قوللايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى خۇراسانلىق . . .

ھارۇن رەشىد خانىدا ئۇ ياندىن ـ بۇيانغا مېڭىۋېتىپ ، يەردە ياتقان شاھانە ھاسىغا كۆزى چۈشتى . يەردىن ھاسىنى ئېلىۋېتىپ بابا شەيخ ئىسمائىل بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇلتۇرغان تەگلىك تېگىدىكى پۈكلەكلىك قەغەزنى كۆردى . بۇ قانداق مۆجىزە؟ خانىغا قاغا كىردىمۇ ـ نېمە؟ بولمىسا ، بۇ قەغەز قانداق قىلىپ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟

خەلىپە قەغەزنى ئېچىپ ناتونۇش ، ئەتەي ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ يېزىلغان ھەجۋىيەنى ئوقۇشقا كىرىشتى . نەچچە قۇرنى ئوقۇ ـ ئوقۇمايلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، مېڭىسىگە قان چۈشكەندەك بولدى . چوڭقۇر ئاھ تارتىپ ئاخىرقى مىسرالارنى قايتا ئوقۇدى :

قۇل ھۆرمەت قىلمىسا ھۆكۈمدارنى گەر ،
سەلتەنەتكە چاڭگال سېلىپ غادىيار .
ھۆكۈمداردىنمۇ ئۇ بولماس مىننەتدار ،
قالار پەسكەش بولۇپ ، ئاجىزلىقتا خار .

ئاچچىق كىنايە ! بۇنى كىم تاشلىغاندۇر ! پۈتۈن ئەتراپتا ئالدامچىلىق ، ساتقىنلىق . . . ئەي ئاللا ، ئۆزۈڭ پاناھ بول ! شېئىر قەلبىڭنى ئۆرتەپ ، زەھەرلىك نەشتەردەك سانجىلىدۇ . بۇ ئۆز ۋەزىرىگە ھامىيلىق قىلغىنى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىشمۇ ؟ پۈتۈنلەي مەسخىرىۋازلىققۇ بۇ ! جەفەر ئىبن يەھيانىڭ دۆلىتىنى ئېيتىپ بەرگىلىمۇ ، ئۇنىڭغا يەتكىلىمۇ بولمايدۇ . خەزىنە ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ، ئۇنىڭغا خۇراسان ۋەدە قىلىنغان . مىڭ لەنەت ! ۋەزىرنىڭ مەرتىۋىسى قاچانغىچە ئارتىۋېرىدۇ ؟ بۇ ئىش ئاخىر بېرىپ خەلىپىلىككە خەۋپ بولۇپ قالامسىمۇ ؟ بۇ ئىشلارغا چەك قويۇش ۋاقتى يەتتى ! ھەجۋىيىدە بوھتان قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىنلىكىنى ھارۇن رەشىد ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدى . ئۇ باشقا بىر ھەجۋىينى ئەسلەپ ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇدى :

بولسا ئەگەر سىنىڭ قولۇڭ بەك چاققان ،
نىشانغا تېگىدۇ ئوقۇڭ ئاتقان ئان .
قورقۇش تۇزىقىدا قالساڭ گەر ،
تۇزەر ئۆزگىلەر كەسكىن پىلان .

ئۇچۇشنى ئۆگىنىپ ئەگەر چۇمۇلە ،
ئەتىسى ئەگەر تەڭ بولسا قۇشچە ،
روھىڭنى يۇكسەكرەك تۇتقىن ـ دە ، سەن پات ،
ئۇنداق مەخلۇقنىڭ ھەممىسىن يوقات .

ھارۇن رەشىد گويا كۆرۈنمەس رەقىبلەرگە مەيۇس قىلغاندەك شاھانە ھاسىنى ھاۋادا ئويناتتى .

زەرۇ ئالتۇنلار ، قىممەت باھالىق ئەشيالار ـــ ئىسلامنىڭ تەۋەررۇك ئابىدىسى ! مۇبادا ئۇ دۇنيايى پانىيدىن كۆز يۇمۇپ ، دۇنيايى باقىيغا سەپەر قىلىپ قالسا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەزىرگە قالامدۇ ؟ مۇھەممەد ئەمىن ئىرادىسى ئاجىز ، تەنتەك ، تاجۇتەختىنى ئەپلىيەلمەيدۇ . ھە راست ، مەئمۇن بارغۇ ، ئۇ ئەپلەيدۇ . ئىراق ئۇ يېرىم ئەرەب ، يېرىم پارس ؛ جەفەر ئىبن يەھيانىڭ كۆز ئالدىدا ئۆستى . ئابباسىيلارنىڭكىگە قارىغاندا ، ئۇنىڭ نىيىتى باشقىچىرەك . توغرا ، ئۇنىڭ ئۆزى قانداقلارچە ۋەلىئەھدلىككە مۇيەسسەر بولۇپ قالدى ؟ ۋەزىرنىڭ ئىلتىماسى ، ئېنىقراقى ، ئۇنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى بۇ ئىش . شۇ چاغدا جەفەر ئىبن يەھيا قانچىلىك پايپېتەك بولۇپ جان پىدالىق كۆرسەتمىدى ؟ بۇنىڭ تېگىدە بىرەر يوشۇرۇن مۇددىئا يوقمىدۇر ؟ ئەجەبا ، سۇلالە ھۆكۈمرانلىقى مانا شۇنداق بەرھەم تاپسا ؟

غەزىپىنى باسالمايۋاتقان ھارۇن رەشىد بارماقلىرىنى چىشلەيتتى .

ۋەقەلەرنىڭ يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تارىخنى كەينىگە قايتۇرۇپ ، خارجىيلاردىن خالاس بولۇپ ، ئاببا سىيلار ھاكىمىيىتىنى بەرقارار قىلىش مۇمكىن بولارمۇ ؟ ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى . يەنە ھەجۋىيەنى ئەسلىدى :

شۇنچىلىك جۇرئەتلىك ئىدى بۇ نىيەت
ۋە كۆپ ئاقىلانە قىلىنغانتى ھەل ،
ئەمدى بولسا ئىشلار چەلكەشتى غايەت
ۋە بىزنى شۇبھىلەر يەڭدى بىمەھەل .

ئاخىر ئادەملەرگە قانچىلىك قىيىن ،
ئىنەك سۈتىنى قايتا قۇيماق ئىچىگە .
بىزنىڭ شۇ كۈنكى كېڭەشتىن كېيىن ،
ئىشەنمەي قالغىنىڭ كەبى يولۇڭغا .
بىزگە پەند بەرگىنىڭدە ناۋادا تەقدىر ،
قورقمەن بۇلار ئۆلمەكتىن بېرى .
ئۈزۈلۈپ كېتەتتى شۇئان بىرمۇبىر ،
بىزنىڭ ئىشنى چاتقان زەپەر چۇلۋۇرى .

ۋەزىرنىڭ دوستلىرى ، ھەمتاۋاقلىرى ھېسابسىز ، ئۇنى ئەمىرلەر ياقلايدۇ ، ئالىيجاناب شەخسلەر ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋەزىرنىڭ ئورنى يۇكسەك .

ھارۇن رەشىد دەرپەردە ئالدىدا توختاپ ، شاھانە ھاسىسى بىلەن قەغەزنىڭ قاتلىرىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن شېئىري مىسرالارنى ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

ئالدىرىمىغىن ھەرگىز جىددىي ئىش ۋاقتى ،
ئەقلىنى ئىشلەتكەن ئۆتىدۇ ئالدىن .
نېمىنى ئالدىنئالا كۆرمىدۇق ، تاكى ،
ئۇنى ئورۇندىماق مۇشكۇلدۇر كېيىن .
خاتالاردىن ئۆزۈڭ ئاقلاشقا ئاساس ،
ئاختۇرۇپ ، روھىڭنى ئەزمىسۇن غەملەر .
بارچە ئۇمىدلىرىڭ — ۋەزنى يوق بىر خەس ؛
سېنى كەچۈرمەيدۇ زىنھار ئادەملەر !

ئۇنىڭ روھى بىرئاز ئارام تاپقاندەك بولدى . «بۇ شېئىرنى كىم تاشلاپ قويغاندۇر ؟ — قانچە قېتىملاپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قىلاتتى خەلىپە ، — بەلكىم ، بۇنىڭ ھەممىسى تۆھمەتتۇر ؟

ئېيتقانلىرى ھەق بولسا ، ئوغرىلىقچە ئىش تۇتماس ئىدى . ھەر ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق ، ھەرقانداق ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن . ھەرنەرسىنى كۈتۈش مۇمكىن .»

## 43 . ئەمىرۇلمۇسلىمىن بوسۇغىسىدا

خەلىپە خانىنىڭ ئىچىدە تەنھا ۋە غەمكىن ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى . پەردە ئارقىسىدىن قول يېنىچە چىقىپ كەلدى .

— سۆزلە ! — ئىجازەت بەردى مېڭىشتىن توختاپ ھارۇن رەشىد .

— ئەي ساھىبى دۆلەت ! — دېدى قول تىترەك ئاۋازدا ، — ئەتىگەندىن بېرى ساراي ئەئيانلىرى ئۆزلىرىنىڭ لۇتپۇكەرەملىرىگە ئىنتىزار . قوبۇل قىلىنامدۇ - قانداق ؟

— كىملەر ئىكەن ؟ — سورىدى خەلىپە ، ئىچىدە بولسا «ئەي ئاللا ، نەقەدەر تىنچلىققا موھتاجمەن ! ھېچقانداق گەپ كۆڭلۈمگە ياقمايدۇ ! ئۇلار شۇقەدەر جېنىمغا تەگدىكى ، ھەممىسىنى ھەيدىۋېتىپ ئۆزۈم يالغۇز قالسامچۇ ؟ ياق ، ھەرگىز . . . غەيۋەت ، پىسقۇ پاسات ئەۋجىگە چىقىدۇ . ئىش بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بولۇپ كېتىدۇ . . .» دەپ ئويلايتتى .

قۇلنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى :

— ھەر دائىمقىدەك ، پۈتۈن باغداد ئاقسۆڭەكلىرى . . . ئەمىرلەر ، خارجىيلار . . . يەنە بىر مەرتە مېھىر ساخاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىدا . . .

— خارجىيلارنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىمەن ، — دېدى ئۇ دەرھال ، — خەزىنىدار سوۋغا - سالاملارنى تەخ قىلىپ



www.uyghurkitap.com

قويسۇن . ئاقسۆڭەكلەر بىرئاز سەۋر قىلىشسۇن . . . يەنە كىملەر بار ؟ . . .

— ساھىبى دۆلىتىم ، ئالىملار : ئوسمان ، ئەبۇ ئۇبەيدە ، قىسائى .

ھارۇن رەشىد بىتاقەت بولۇپ قول شىلتىدى . «ئۇلارنىڭ دىدارلىرىنى كۆرمەي ! ئۇلارسىز كۆڭلۈم بەك خاتىرجەم بولۇپ قالغىنى يوق» دەپ سىپلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى .

— ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرى ۋاجىپ ! — دېدى قول بىر-نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ، — شائىرلاردىن ئەبۇ نۇۋاس ، ئەبۇل ئەتەخىيە ، مەرۋان ئىبن خەفسى كېلىشكەنىدى .

ھارۇن رەشىدنىڭ چىرايى ئېچىلغاندەك بولدى .

— ئۇلار مۇزدەك شەربەتلەر ساقلىنىدىغان گەمە ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇشسۇن .

مەرۋان ئىبن ئەبۇ خەفسىنىڭ ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىنى ھەجۋىي قىلىدىغان شېئىرلىرى ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا ناھايىتىمۇ ياقاتتى ، ئەمما بۈگۈن ھەجۋىي ئاڭلاشقا رايى يوقتەك تۇرىدۇ . يەنە باش قاتۇرۇپ ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن دارىتمىلاپ يېزىلغان شېئىرغا جاۋاب ئىزدىسۇنمۇ ؟ خۇدا ساقلىسۇن !

— قۇلاقلىرىمىزغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ناخشىچى قىز - يىگىتلەر ھازىرمۇ ؟ — سورىدى خەلىپە .

— ئەي دۆلەتپاناھىم ، ئۇلار ئاللىقاچان خىزمەتلىرىگە ھازىر بولۇپ تۇرۇشقان ! — دېدى خەلىپىنىڭ غەزىپى تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن قول ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ، — ئىككى تائىپە ناخشىچىلار خىزمەتلىرىگە تەييار : بىرى ، بۇرادەرلىرى ئىبراھىم ئىبن مەھدىي ھاپىزلىرى گۇرۇھىدىن ئىبن جەمىنە ، يەھيا مەككەۋىي ، ئىبن نەبا ، ئىبن ئەبۇ ئەۋرا ۋە ئىسھاق ماسۇلىي گۇرۇھىنىڭ ھاپىزلىرىدىن . . . .

www.uyghurkitap.com

— ناخشىنى قانداق ئېيتىش ھەققىدە يەنە مۇنازىرە باشلىماقچىمۇ؟ — گەپنى بۆلدى ھارۇن رەشىد، — ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرى جېنىمغا تەگدى. كىمنىڭ ئورۇنداشنى ياخشى ئىكەنلىكىنى مەن يوق يەردە ھەل قىلىشسۇن. چاقىر بەرسۇمەنى، نەي چالسۇن. ئەبۇ زەكارانىمۇ چاقىر، بۇ كارغا كەلمەسنىڭ قولىدا راۋاب گويا قۇشتەك سايرايدۇ. يەنە قىزىقچى ھۇسەيىنىنىمۇ كىرگۈزۈۋەت. ئەمما، ناخشىنى ساراي چۆرىلىرىدىن ئاڭلايمىز... ھە راست، قېنى مېنىڭ مەسرۇرەم؟

پەردە ئارقىسىدىن جاللات پەيدا بولدى.

— مەن بۇ يەردە دۆلەتپاناھىم!

— ئىبراھىم ماسۇلىينى ئىزدەپ تاپ.

مەسرۇر تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىمىدى.

— نېمە گەپ؟

— دۆلەتپاناھىم، بۇگۈنچە ماسۇلىينى ئەپۇ قىلغايلا، ئۇنى قەيەردىن تېپىشىمنى بىلمەسمەن.

— ھۇ قانخور، جېنىمغا تەگدىڭغۇ ئاخىر! — دېدى ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ خەلىپە، — ئۇنىڭدىن كۆرە ئىمام ھۇسەيىن شاھادىتىگە[1] ھازىر بولغىنىم ئەۋزەلرەك ئىدى. يوقال كۆزۈمدىن! ئىبراھىم ماسۇلىينى تاپماي كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

مەسرۇر قانداق پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ تېزرەك غايىب بولدى.

ھارۇن رەشىد چاۋاك چېلىپ، يېتىپ كەلگەن پەردە باشقۇرغۇچىغا «مەستانىلەر كىيىمى» كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

---

[1] ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھۇسەيىنىنىڭ شېھىت ئېتىلگەنلىكىگە ئىشارە.

پەردە تارتىلىشى بىلەن، شۇئان لىباس ئەمىرى[1] خەلىپىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزمۇ ئىز قوللىرىدا گۈلدار نەقىشلىك شاھى ئۇستى كىيىم، نېپىز شاھى سەللە، خۇش پۇراق بۇيۇملار ۋە شىپا بەخش يۇز مايلىرى سېلىنغان ئىدىشلارنى كۆتۈرۈپ قۇللار كىردى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كىرگەن چۆرىلەر ئىسرىقدانىنى ئايلاندۇردى.

لىباس ئەمىرى چوڭقۇر ئېتىقاد ۋە ئېھتىرام بىلەن خەلىپىنىڭ مۇرىسىدىن ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ رىداسىنى ئېلىپ، قارا تونىنى يېشىشكە ياردەملەشتى. ئاختا قۇللار خەلىپىنىڭ ئۇچىسىغا ھەشەمەتلىك كىيىم كىيگۈزۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، خۇش پۇراق مايلارنى سۈرۈشتى. ھارۇن رەشىد لىباس ئەمىرى ھەمراھلىقىدا ئىشرەت بەزمىسى قۇرۇلىدىغان مەخسۇس خانىسىغا يول ئالدى.

خەلىپە تەختتە ئولتۇرۇشى بىلەنلا خانىغا خانتاختا كەلتۈرۈپ قويۇلدى. ھارۇن رەشىد ئەتىگەندىن بېرى تۈز ئېتىماي قورسىقى ئاچقانىدى، ئۇ ئادەتتە ئۆزى يالغۇز غىزالىناتتى. غىزالىنىشىمۇ ئاددىي، يېنىك ئىدى. باش ئاشپەز ئالاھىدە تەربىيىلىگەن ئاختا قۇللار داستىخانچىلىق قىلىپ، نۆۋەت بىلەن خىلمۇخىل تائاملار — قۇۋۋەت بولىدىغان بوتىلاق شورپىسى، مىسىر لوۋىسى سېپىلگەن قىرغاۋۇل گۆشى، كەپتەر قورۇمىسى، شورپىلىق بېلىق گۆشى، يۇزىگە سىيادان ۋە مۇچ سېپىلگەن نان، دۇملىمە كاۋاپ تارتىلدى. شىرىنلىككە مېۋە سۈيى، ھالۋا، شېكەر بىلەن قورۇلغان بادام ۋە پىستە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جەنۇبىي ئەرەبىستاندىن كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈملەرنىڭ «سىيىر كۆزى»، «شىبشىچە»، «ھەسەيىنىي»، «ھۇسەيىنىي» قاتارلىق تۈرلىرى تىزىلدى.

---

[1] لىباس ئەمىرى — ئوردا كىيىم - كېچەكلىرىگە مەسئۇل ئەمىر.

ئۇزۇملەرنىڭ ھەربىر ساپىقى كۇمۇش پەتنۇسلارغا ئاران پاتاتتى.

كىمخاب دەرپەردە ئارقىسىدىن بوشقىنا مۇزىكا ئاڭلىناتتى. ھارۇن رەشىد تائام تاناۋۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇزىكىلار بېسىقتى، ئارقىدىنلا كىمدۇر بىرى ئۇد چېلىپ قوشاق باشلىۋەتتى. قوشاق يېڭى ھەم ئاھاڭدار ئىدى. خەلىپىنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار تارىلىشقا باشلىدى.

— كىم بۇ؟ — خەلىپە سورىغاچ، ئۇنى ماختاپ قويدى، — ئۇنى ئاللا يۆلىگەي! ئەجەب ياخشى ئېيتىدىكەن!

— كارنافلىپل - مارنافلىپل، — چىرقىرىدى شايى دەرپەردە ئارقىسىدىن قىزىقچى، — ئۇنىڭ ئاۋاز - ماۋازى چىنىگۇلدەك خۇشبۇي! سۇلتانىم ھىدلاپ كۆرسە، ئۆزىمۇ ئىشەنگەن بولار ئىدى.

— كارنافلىپل دەمسەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ھارۇن رەشىد، — ھە، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇر، ھېچ ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن.

— ئاللانىڭ ئۆزى ھەم ئەسلىيەلمىسە كېرەك، سۇلتانىم، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى قىزىقچى شايى دەرپەردە ئارقىسىدىن چىقماي، — بۇنىسى يېڭى چۆرىلەردىن. شۇنداق بىر ئۇزۇمكى، ئاھ، ئاغزىڭغا سۇ يىغىلىدۇ، ياق، يەنىلا چىنىگۇل! دۆلەتمەن ۋە بىرئاز چىرايلىقراق بولغان بولسام، قولدىن چىقارماس ئىدىم. ئۆمرى ئۇزۇن، رىزقى پاراۋان بولغۇر بىرىنچى ۋەلىئەھدىنىڭ تارتۇقى. كۇيلە، كارنافلىپل، كۇيلەۋەر، ئاپئىقىم! سەن خەلىپىگە ياراپ قالدىڭ، يورۇق يۇلتۇزۇم! ئامىتىڭ بار ئىكەن، دۇمبىقىم! ھەتتىكىنەي، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغىنىمدا بەلكىم شاپىلاق ۋە تېپىكنى ئازراق يەرمىدىمىكىن!

خانا ساراي ئەئيانلىرى بىلەن تولدى. ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان تەبەسسۇمنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ

چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەن يىغلايمەن، بىكارچىلار كۈلۈشەر! — غەزەپ ئۈستىغا مىنەتتى قىزىقچى ھۆسەيىن، — كۈلۈپ تۇرۇڭلار ئىنس - جىنسلار! مەنمۇ سىزلەر بىلەن بىرلىشىپ كۈلەي. پەنجىرىلىرىمنى يوغانراق ئاچاي، ھا... ھا... ھا! ئالدىرىماي تۇر، سەنلەرنىمۇ! — تەھدىت سالاتتى ئۇ، — ئاللا نېسىپ قىلسا، مەنمۇ چىنىگۈلگە ئايلىنىپ قالسام! لېكىن، سىزلەردەك باداڭ قورساق تاۋۇز بولۇپ ئەمەس، ئەسلا ئەمەس! يەپ تويمايدىغان بالا قورسىقىڭىزلاردا ھەزىم بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ يېرىڭىز زۇلمەتتىن ئۆتەر زۇلمەت. كۆيلە، كارنافلېل، كۆيلە، ئاپئىقىم! قورقما، ئويناپ ئاقار، ئېرىقىم! ئاللا مېنى مۇشۇ تۇرقۇمدا قالدۇرغاي. ھاي، سىز تاۋۇز - ماۋۇزلار، ئوڭ ۋە سول قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار: تىلىمغا چىققاننىڭ ھالىغا ۋاي، شورى قۇرۇغاي! ۋەللاھ، ئاچچىق - چۈچۈك سۆزلىرىمنى قۇلاقتا ئالمىغانلارنىڭ ئىككى نۆۋەت شورى قۇرۇغاي، ۋەسسالام!

ساراي ئەئيانلىرى ھەممىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. لېكىن، خەلىپىنىڭ لەۋلىرىدە ئويناپ تۇرغان تەبەسسۇم يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى. خەلىپە بولسا ۋۇجۇدىنى يەنە شۈبھە ۋە دەھشەت چۇلغىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلاپ، چوڭ يەلپۈگۈچنى پەسكىرەك چۈشۈرۈڭلار، دەپ قۇللارغا ئىشارەت قىلدى. يات ئادەملەر ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرمەسلىكلىرى كېرەك. قۇللار بولسا بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

— سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ سوۋغىسىدىن مەمنۇنمەن! — دېدى خەلىپە يەلپۈگۈچلەرنىڭ دالدىسىدا يېنىك نەپەس ئېلىپ. ئەمما، شۇئان يەنە غەزىپى قوزغىلىشقا باشلىدى، — ئاللانىڭ غەزىپىگە يولۇققۇر ئىبراھىم ماسۇلىي قېنى؟

— مەسرۇر تېخى قايتىپ كەلمىدى، — جاۋاب بەردى ئىشرەت بەزمىسىنى باشقۇرغۇچى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، خەلىپىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، يەنە ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويماسلىق توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ پايپېتەك بولۇۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئەڭ ياخشى ناخشىچى چۆرىلىرىم چاقىرىلسۇن، — ئەمر قىلدى هارۇن رەشىد، — شاراب كەلتۈرۈلسۇن!

## 44. خەلىپە هۇزۇرىدىكى كاتتا بەزمە

ئەبەدىيەت قەسرىدىكى راۋاب، ئۇد ۋە تەمبۇرلەرگە جور بولۇپ ئەمر ۇلمۇسلىمىنغا ئارامبەخش ئېتىدىغان ئىككى مىڭ كېنىزەك، ئۈچ يۈزچە ناخشىچى چۆرىلەر هەر ۋاقىت خىزمەتكە هازىر ئىدى. كاتتا بەزمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەڭ سەرخىللىرى تاللىۋېلىنغانىدى.

باش ئىدىشچىنىڭ ئىشارىسى بىلەن قۇللار ئۈستەلگە بىللۇر، ئالتۇن - كۈمۈش قەدەھلەر، قۇتلۇق رەببىل شارابلىرى، خورما ۋە ئۆرۈك شەربەتلىرى، ئالما شىرنىسى، بال شاراب، مېۋە قىياملىرىدىن تەييارلانغان هەر خىل ئىچىملىكلەر بىلەن تولغان نەقىشلىك كوزىلار تىزىلغان كەڭ خانتاختىنى ئېلىپ كىرىشتى. هەر قېتىم قەدەھلەر تولدۇرۇلغاندا ناخشىچى قىزلار يېڭى بىر كۈينى باشلايتتى، ئۇلارغا بەرسۇمە ۋە ئەبۇزەكەردەك داڭدار سازەندىلەر جور بولۇشاتتى.

خەلىپىنىڭ ئىشارىسى بويىچە بەزمە باشقۇرغۇچى ئىشرەتگاهقا شائىرلارنى باشلاپ كىرگەندىن كېيىن هارۇن رەشىد:

— بۈگۈن ئەبۇ نۇۋاس بىزنى نېمە بىلەن خۇش قىل-

لۇر؟ — دەپ سوئال قويدى.

شائىرلار ھەمىشە ئېھتىيات ئۈچۈن يېڭى يېزىلغان شېئىرلارنى ساقلاپ قويۇشاتتى. خەلىپە ئەبۇ نۇۋاسنىڭ رۇبائىيسىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن مەرۋان ئىبن ئەبۇ خەفسىيگە بۇرۇلدى. ئۇ ئەمىرۇلمۇسلىمىننى كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەيدىغان قەسىدىسىنى، ۋەزىر ۋە ئەلەۋىي ھەجۋىي قىلىنغان شېئىرلىرىنى قىرائەت بىلەن ئوقۇشقا تۇتۇندى.

— بۇ گەپلەرنىڭ بۇگۈن لازىمى يوق! — شائىرنىڭ ئوقۇشىنى چورت كەستى كۆڭلى غەش بولغان ئەمىرۇلمۇسلىمىن غەزەپلىك ۋارقىراپ، — قېنى، سەن ئوقۇ، ئەبۇل ئەتەخىيە! شېئىرلىرىڭدىن دىل خېلى ئارام تاپىدۇ.

— مەنمۇ؟ — بىرئاز ھودۇقۇپ سورىدى شائىر، — ئەمما... قەلەمكەش ھەمكەسپلىرىم شېئىر ئوقۇشتا مەندىن قېلىشمايدۇ، ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن، شېئىرىي مىسرالار توپ ئوقلىرى ئەمەسكى، رەقىبلەر ئۈستىگە ياغدۇرۇلىدىغان، ئاشىقانە شېئىرلار — ئىشقۋازلىق گۈللىرى دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتىشقان.

— ھەقىقىي شېئىر ھەر ۋاقىت ئىشقۋازلىق زېمىنىدا گۈللەيدۇ! — دېدى جاۋابەن ھارۇن رەشىد روھلىنىپ، — ساڭا ئوقۇ دەپ ئەمر قىلدۇق.

— پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ! ئىجازىتىڭىز بولسا بىرئاز ئەسكە ئېلىۋالسام، — ئاغزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك دۇدۇقلىدى ئەبۇل ئەتەخىيە. ئۇ شېئىر ئوقۇماقچى بولۇۋاتقان شۇ مىنۇتتا ئۆزىدە ناھايىتىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپسىرەش ئالامەتلىرىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ تەلىيى كېلىپ ئىشىك ئېچىلدى-دە، خانىغا مەسرۇر كىرىپ كەلدى. ھارۇن رەشىدنىڭ دىققىتى جاللاتقا

بۇرالدى .

— ھە ، قولتۇقنىڭ تەرىدەك بەتبۇي لەنتى ، كەلدىڭ-مۇ ؟ — دېدى خەلىپە خىرىلداپ ، — قېنى ئىبراھىم ماسۇلىي ؟ ھېچ كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ كاللاڭ ئېغىرلىق قىلغۇاتقان ئوخشىمامدۇ - ھە ؟

— ھاپىز بوسۇغىڭىزدا كۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . دۆلەتپاناھىم ! — مەغرۇرانە جاۋاب قىلدى مەسرۇر ، — مەن ئۇنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن تېپىپ كەلدىم .

— ھە ، تېپىپ كەلدىم دېگىن ! — خەلىپە غەزىپىنى تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ، — بوپتۇ ، ئەمدى دۇنيانىڭ بۇ چېتىگە كەلسۇن . ھاپىزنىڭ بۇ يەردە بولغىنى ناخشىچى قىزلار ئۇچۇن چەكسىز پايدا .

خەلىپە كىرىپ كەلگەن ئىبراھىم ماسۇلىينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن :

— سىزنى كۆرگەنلىكىمىزدىن چەكسىز مەمنۇنمىز ، ئۇستاز ! كەچۈرىسىز ، بىزنىڭ شادلىقىمىز سىزنىڭ ئارامىڭىزدىن قىممەترەك ھېسابلىنىدۇ ، — دېدى .

— بىز ھەممىمىز ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقدۇرمىز ! — دېدى تەزىم بىلەن ھاپىز ، — بىزنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتقانلىرى بىز ئەرزىمەس قۇللىرى ئۇچۇن چەكسىز شەپقەت ۋە ئىپتىخاردۇر .

— يېڭى ناخشىنى ئاڭلا !

خەلىپىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەتچان ھاپىز قىزلارنىڭ باش تەربىيىچىسى شايى پەردىنى كۆتۈرۈپ كارنافلىپىلىنى ئالتۇن تومۇچۇقۇم دەپ ئەركىلىتىپ ، ئۇنىڭدىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆتۈندى . ئەلۋەتتە ، بۇ ئىززەت - ئىكرامنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى . ناۋادا ، بۇ خۇش ئاۋاز چۆرە بېرىپ - بېرىپ خەلىپىنىڭ كۆڭۈل خۇشىغا ئايلىنىپ قالغۇدەك بولسا . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە ، كارنافلېل ئىسكەنغۇ ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى مەمنۇنلۇق بىلەن ئىبراھىم ماسۇلىي ، — ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئەبەدىيەت قەسرىدە ئاڭلىغىنىمدىن چەكسىز خۇرسەنمەن ! تەڭداشسىز ئاۋاز - دە ! بۇنداق ئاۋازنى ئاق تەنلىك ئاياللارنىڭ ئارىسىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇنى ئۆزۈم بىر قوللۇق تەربىيىلىدىم . كارنافلېلنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش جانغا ھۇزۇر .

— شۇنداق ، ئاجايىپ ئاۋاز ! — دېدى خەلىپە تەن بې-رىپ ، — ئەمما ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈش تېخى نېسىپ بولغىنى يوق .

— خۇدا ھەققى ، چېھرىسىمۇ ئاۋازىغا ئوخشاشلا گۈزەل !

— مانا ئەمەسمۇ ! ھەممە گەپ ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن-غۇ ! — شايى پەردە ئارقىسىدىن يېقىمسىز ئاۋازدا چىرقىرىدى قىزنىڭچى ھۇسەيىن ، — ساھىبدۆلىتىم ئەمىن بولغايكى ، ئۇستاز بۇلاق كۆزلۈك بۇ چۆرىنى باشقا ئىشقا ئەمەس ، پەقەت ناخشا ئېيتىشقىلا ئۆگەتكەن . ئۇنىڭ ھۆسنى ، ئۇنىڭ لاتاپىتى — بۇ ئاللانىڭ لۇتپۇ ئىنايىتى بولۇپ ، خۇددى مېنىڭ كۆيلىرىمگىلا ئوخشايدۇ !

ھارۇن رەشىدنىڭ چىرايى ئېچىلىپ ، باش ئىدىشچىغا ئىشارە قىلدى . ئاختا قۇللار قەدەھ تۇتقاندىن كېيىن :

— ئىچ ، ھاپىز ! ھۇسەيىننىڭ گېپىگە پەرۋا قىلما ، ئۇ سېھىرگەر ، تىلى ئاچچىق ، — دېيىشتى .

— تىلى ئاچچىق ! — شايى پەردە ئارقىسىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى .

— بوپتۇ ، بۇنىڭغا كۆنۈكۈپمۇ قالدىم ! ئەمىرۇلئالەمنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قارىمامدىغان . ماڭا قۇرۇق گەپ ، ئۇستازغا قەدەھ ! ھەر دائىم ئۇ ھەق : كىمنىڭ تىلى ئاچچىق بولسا ، ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم مەيمۇ يوق . ئالدامچىلار نىمە ئۈچۈن

ئىچىشىدۇ؟ ئەسلىدە يوق ئەقىللىرىنى چاقلاش ئۈچۈنمۇ.

— ھەي، خۇدىنى بىلمەي قالغان تاشلاندى! — غەزەپلىك غۇدۇرىدى خەلىپە، — ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ- نېمە؟ بۇ قانداق بىمەنە سوئال: «ئالدامچىلار نېمە ئۈچۈن ئىچىشىدۇ؟ ئەسلىدە يوق ئەقىللىرىنى چاقلاش ئۈچۈنمۇ؟...» بىزگە كىنايە قىلىۋاتقان بولمىغىن يەنە؟

— ئەسلا، ساھىبدۆلىتىم! — جاۋاب بەردى ئاڭلاش قۇۋۋىتى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان ھۇسەيىن، — قۇپقۇرۇقتۇر قەدەھىم، ئىچمەي غەرق مەستۇرمەن ھەردەم، ھەر ياندا مەستمەن، ئەبەد شۇنداق قالۇرمەن. تىلغا كەلگەن سۆزلىنۇر، ھەر سۆزۈم كارامەتتۇر. ئۇزۇر ناشايان سۆزگە، ئۇ ئاتالغان ئۇستازغا!

— ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن، ئۇ ھەق! — دېدى ئىبراھىم ماسۇلىي قىزىقچىنى قۇۋۋەتلەپ.

## 45. كاتتا بەزمە نېمە بىلەن ئاخىرلاشتى

— ناخشاڭغا ئىنتىزارمىز، كارنافلىپل، — دېدى ئىلتىپات بىلەن خەلىپە. چۆرىلەر بارماقلىرى بىلەن ئۇد تارىلىرىنى چېكىپ ناخشا باشلىدى. كۆي بىلەن قوشاق بىر خىل رىتىمدا يۇقىرى پەدىلەردە، خۇددى ئەزىم دەريا دولقۇنلىرىدەك يۈكسەك مەۋجلەردە ياڭراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا شايى پەردە ئارقىسىدىن شىۋىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. قارىغاندا، كېنىزەكلەر يېڭى ناخشىچى قىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھارۇن رەشىد نارازى بولغان تەرىزدە قاشلىرىنى يىمىرگەندى، بەزم باشقۇرغۇچى شۇ زامان ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈردى.

قوشاق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناخشىچىلار تەربىيىچىسى

تەخت ئالدىغا كېلىپ خەلىپىگە تەزىم قىلدى :
— سۆزلە !
— ئەي مەرھەمەتپاناھ ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، كارنافىلىنىڭ ئىستىبداتىنى تولۇق نامايان قىلىشىغا ئالىي ئىجازەتلىرىنى بېرەمدىلىكىن ؟ — سورىدى ئۇ ئىتائەتچانلىق بىلەن ، — ھۆكۈمرانىم خالىسا ، ناخشىچى يېڭى شېئىرنى بىر دەقىقىدە كۈيگە سېلىپ ئورۇنداپ بەرگەي . بەزمىمىزنىڭ گۈلى بولغان شائىرلار بۇ يەردە ھازىر . بەلكىم ئۇلاردىن بىرەرى يېڭى قەسىدىسىنى كارنافىلىغا تەقدىم قىلۇر . . .
بۇ قېتىم ئويۇن خەلىپىگە ماقۇل كەلدى .
— بۇ ئىشىڭ ياخشى بولدى ، ئەي تەربىيىچى ! بىزنىڭ شادلىقىمىز ئۈچۈن جاپا چەككىنىڭ تەقدىرلەشكە لايىق ، — تەربىيىچىنى ماختىدى خەلىپە .
— بىزنى ئەبۇل ئەتەخىيە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن خۇشال قىلماقچى ئىدى . بەك ياخشى بولدى ، ھازىرمۇسەن ، ئەي شائىر ؟ ئوقۇ قەسىدەڭنى ! كارنافىلىل ئۇنى كۈيگە سالغاي !
— ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ ! — جاۋاب قىلدى شائىر ، — شاھىمدىن ئىلتىجا .
— سۆزلە !
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا .
ھەممە ياقنى سۈكۈنات قاپلىدى . قاشلىرى يىمىرىلگەن ھارۇن رەشىد ئىشرەت مەجلىسىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەچ ئۆزىچە ئويلىدى : «بۇ نەزمىچى نېمىلەر ھەققىدە سۆزلەركىن ؟ ! ئۇنىڭ ئەشئارىدا پۈتۈلگەندۇر — غەيۋەتمۇ ياكى قۇرۇق دارتىملارمۇ ۋە ياكى تەنتەكلەرچە قۇرۇق كىنايىلەرمۇ ؟ ئۇنىڭدىن ھەرنەرسىنى كۈتۈش مۇمكىن . . . ساراي ئەئيانلىرىم گەپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئاجىز . قارىمامدىغان ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشقىنىنى ! مۇبادا ، ئۇلار ئۆزلىرىنى

خۇپسەنلىككە سىلىنىۋاتمىغان بولسىلا ، راستتىنلا قانداق شېئىر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . . . ھەممە بىردەك كېيىنلىك خۇلاسىسىگە ئىنتىزار . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچمەك كېرەك . ئېھتىمال ، بىرەر قىزىق ھېكايە ئاڭلارمەن ! »

— ئەي شائىر ، گۇناھىڭدىن ئۆتتۇق ، — دېدى خەلىپە ھەممىگە ئاڭلىتىپ ، — كاللاڭ بەلكىم كەلگۈسى كۈنلىرىڭگە ياراپ قالار . . .

— ئاللاغا شۈكۈر ! —تەشەككۈر ئىزھار قىلغان ئەبۇل ئەتەخىيە ئالىي ھېكمەتكە سازاۋەر قىلىنغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ ، يەنە بىر ھەييارلارچە ھىيلە ئىشلىتىپ دېدى ، — مەن خېلىدىن بېرى ئىشرەت مەجلىسىدە شېئىر ئوقۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولمىغانىدىم . ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ ساخاۋىتى چەكسىز . باشقا شائىرلار ھەددى - ھېسابسىز ئىنئامۇ ئېھسانلارغا سازاۋەر بولۇشتى . . .

— سەنمۇ ئىنئامۇ ئېھساندىن قۇرۇق قالمىغايسەن ، شائىر !

— دۆلەتپاناھىم چەكسىز ساخاۋەتلىك ۋە ھېكمەتلىك-تۇر ! — خىتاب قىلدى ئەبۇل ئەتەخىيە . ساراي ئەئيانلىرى شېئىر ئاڭلاشقا ھازىر بولۇپ تۇرۇشقاندا ، ئەبۇل ئەتەخىيە يەنە خەلىپىگە مۇراجىئەت قىلدى :

— بۈگۈن ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ مېھمانلىرى كۆپ . شېئىر بولسا خىلۋەتنى خالايدۇ . شۇڭا ، خانىنىڭ بىردەم خالىي بولۇشىغا ئىجازەت بېرىلگەن بولسا . . .

— بۇ قانداق گەپ بولدى ؟ — دېدى ھارۇن رەشىد ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، تۈگۈنىنىڭ ئۇچى تېپىلغاندەك قىلىدۇ ، ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ .

— يېقىن - يورۇقلاردىن مەخپىي تۇتىدىغان سىرىمىز

يوق . باشلا ، بىز ئىنتىزارمىز !

— پەرمانبەردارمەن ! — ئاڭلىنار - ئاڭلانماس دېدى ئەبۇل ئەتەخىيە ، — گۇستاھلىقىم ئۈچۈن ئىپقىرنى ئەپۇ قىلغايلا .

شائىر قەددىنى رۇسلىدى - دە ، قىرائەت ئاھاڭى بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى .

زىبلىللاھ دۆلەتلىك سۇلتان ،
شۇكرۇللاھ ، باشتا سايىبان .

— بەس ! — نەرە تارتتى ھارۇن رەشىد . جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەن شائىر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى . تامدىكى شايى پەردىلەر مىدىرلاپ كەتتى .

خەلىپىنىڭ تەختىگە يوشۇرۇنچە تاشلاپ قويۇلغان قەسىدىمۇ دەل مۇشۇ مىسرالار بىلەن باشلىناتتى ! شۇنداق ، تۇگۇننىڭ ئۈچى تېپىلدى . ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ چۆچۈشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەسكەن - دە ! . . . ناخشا ۋە ئۇسسۇللارمۇ مۇشۇ يەردە توختىتىلسا بولار !

خەلىپە ئىككى قېتىم چاۋاك چېلىپ بەزمە باشقۇرغۇچىنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا پەرمان قىلدى :

— شېئىر ئاڭلاش يېتەر ! بەزمىنىڭ داۋامى كېيىنگە قالدۇرۇلسۇن . تەشەككۇرىمىزنىڭ رەمزەسى سۈپىتىدە مېھمانلارغا ئىنئام بېرىلسۇن !

— پەرمانبەردارمەن !

مېھمانلار ئىشرەت مەجلىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن يېرىم يولدىلا توختىتىپ قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇشاتتى . ھارۇن رەشىد خوجايىنىنىڭ خىزمىتىگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان مەسرۇرنى چاقىرتتى . مەسرۇر ھازىر بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

مېھمانلار تارقاپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئەبۇل ئەتەخىيەنى قايتۇرۇپ كىر ، دەپ پەرمان بەردى .

بىردەمنىڭ ئىچىدە خەلىپە يېنىدا ھېچكىم قالمىدى . ئىبراھىم ماسۇلىي ، بەرسۇمەلەر چىقىپ كېتىشتى . قۇللار ئەما ئەبۇ زەكەرنى يېتىلەپ ئاچىقىپ قويۇشتى .

ساراسىمىگە چۈشكەن ئەبۇل ئەتەخىيە قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى ئىدى . بىراق ، يولىنى جاللات توستى .

— ھە ، قۇيرۇقۇڭنى خادا قىلىپ تىكىۋەتمەكچىمىدىڭ ؟ — پوپوزا قىلىپ سورىدى مەسرۇر بۇرۇتىنى ئوينىتىپ . ئۇ شائىرنىڭ ياقىسىدىن تۇتقىنىچە ئارقىسىغا ياندۇردى ، — ئارقاڭغا يان ، ئەزىزىم ! قېنى ، تېزرەك ماڭ !

بولغۇسى قەتلدىن چىرايى يورۇپ كەتكەن جاللات شەمشەر دەستىسىنى مەھكەمرەك قىستى . خەلىپىنىڭ باشقىلارغا نامەلۇم ، ئەمما ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ تونۇش بولغان لەۋ ئىشارىسى بولسا بەس ، ئىغۋاگەرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولماي قالمايدۇ . خەلىپىنىڭ تېخى ھېلىلا مۇزىكا ۋە ناخشا ئاھاڭلىرى قويۇلۇپ تۇرغان كاتتا قوبۇلخانىسىنى سۈكۈنات قاپلىغان . ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كۈچەپ باھانە ئىزدەۋاتقان ئەبۇل ئەتەخىيە خەلىپىنىڭ ئايىغىغا يىقىلغىنىچە ، «ئەي ئاللا ، بۇ پالاكەتلەر بېشىمغا قايدىن ياغدى ؟ زۇبەيدەنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە قەسىدە پۈتتۈم ، ئۇنى بىر ئاز ئۆزگەرتىپ ، ئەلەۋىينىڭ قاچقۇنلۇقى ھەققىدە بىرنەچچە مىسرا قوشۇپ ، يېڭىۋاشتىن يازغان قىلىپ غەزەلدىن بىرمۇنچە پۇل ئۇندۇردۇم . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئوڭۇشلۇق پۈتكەنىدى . قايسى ئىشتا خاتاغا يول قويغاندۇرمەن ؟ قەسىدىنى خەلىپىنىڭ ئالدىدا ئوقۇسام ، غەزەل نۇرغۇن پۇل بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى ! ھەتتىگىنەي ، ياق دېسەم بولاركەندۇق !» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى .

— رەھىم قىلسىلا ، شاھىم ، رەھىم قىلسىلا ! — خەلىپىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ سۆيۈۋاتقان ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ كۆزلىرى يەر تېگىدىن مەسرۇرنى كۆزىتەتتى .

— ئەپت - بەشىرەڭگە قارا ، شائىر ، كىملەرگە ئوخشاپ قاپسەن - ھە ؟ بىز سېنىڭ قېنىڭدىن كەچكەن ئىدىققۇ ! سەن بىزنىڭ شائىرىمىزسەن ، شائىرلار بولسا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگىدۇر . تۇر ئورنۇڭدىن ، ئۆز ئىززەت - نەپسىڭنى يەرگە ئۇرما !

ئەبۇل ئەتەخىيەنىڭ ئىككى كۆزى مەسرۇردا ئىكەنلىكىنى بايقىغان خەلىپە جاللاتقا چىقىپ كەت ، دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى .

جاللات چىقىپ كېتىپ ، ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن ، شائىر ئاستا ئورنىدىن تۇردى .

## 46 . ئەبۇل ئەتەخىيە ھېكايەت قىلۇركى . . .

— ھاياتىڭ خەتەردىن خالىي بولغاي ، — دېدى ياستۇققا يانپاشلىغان ھارۇن رەشىد ۋە ئىشارەت بىلەن شائىرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ، — لېكىن ، بىر شەرت بىلەن : راست سۆزلەيسەن !

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ، پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆزلەيمەن !

— ئولتۇر !

ئەبۇل ئەتەخىيە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ گىلەمگە ئولتۇردى .

— ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ مېھرى دەريا ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ، — دېدى شائىر ، — ئەمما ، ۋەزىر ماڭا شەپقەت قىلارمۇ ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىدىم .

ئەلۋەتتە، بۇ خەيرلىك نىيەت يۈزىسىدىن...

— ۋەزىر؟... يەنە شۇ ۋەزىر... — ئاچچىقلاندى هارۇن رەشىد، — رەھىم - شەپقەت قىلارمۇ دەمسەن؟ سېنىڭ سوئالىڭ ئەجەب كۆپكەنغۇ، شائىر! بىز سېنى ئۆز ھىمايىمىزگە ئالدۇق دەپ ئوچۇق ئېيتتۇقغۇ... يەنە ۋەزىردىن نېمە قورقۇش؟

— ھەيھات! ئەمىر ۇلمۇسلىمىن باشقايۇ ئۆزگىسى...— ئۇھ تارتتى شائىر ۋە ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئوڭشۇۋېلىپ قەتئىي ئاھاڭدا ئېيتتى، — ھاياتىم كېمىسى دەجلە سۇلىرىنى يېرىپ، پەقەت خەلىپە سىزغان يولدىنلا بارغۇسى!

— سەن مۇشائىرە سورۇنىدا ئەمەسسەن، — ئۇنىڭ گېپىنى چورت كەستى ھارۇن رەشىد، — قېنى، ئېيتچۇ، قەسىدىنى كىم يازغان؟

— ئە... ئەپۇ قىلغايلا... تا... تاسادىپىي، لېكىن مەن... — ساراسىمە ۋە قورقۇنچتىن ئەبۇل ئەتەخىيە تىلى كالۋالىشىپ قالدى.

— مەنمۇ بۇنىڭ سەن قىلغان ئىش ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمىغانىدىم، — دېدى ئەمىر ۇلمۇسلىمىن «سەن» سۆزىگە ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىپ، — ئەمما، نېمە سەۋەبتىن ئۇنى ئىشرەت بەزمىسىدە ئوقۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىڭ؟

— ئەي پۈشتىپاناھىم، مەن ئۇنى تەنها ئۆزلىرىگىلا ئوقۇپ بەرمەكچى ئىدىم، — ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى شائىر، — لېكىن، ئۆزلىرى رازى بولمىدىلا؟

— قەسىدەڭدە نېمە دېيىلگەن؟ سۆزلە ئەمدى!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئەي ئەمىر ۇلمۇسلىمىن! ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر.

— قانداقسىگە؟ باشتىن - ئاياغ ھەممىسى راست گەپ-مۇ؟ — پەقەت راست گەپنىلا ئېيتىمەن، ئەي پۈشتىپاناھىم!

مۇبادا يالغانچىلىق قىلسام، ئەجەل دامىغا دۇچار بولاي.

— ماقۇل، ماقۇل! — بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى ھارۇن رەشىد، — ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلە، شۇندىلا ھاياتىڭ خەتەردىن خالىي بولىدۇ.

ئەبۇل ئەتەخىيە بىردەم ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك غودۇڭشىپ، بىردەم گېپىنىڭ باش - ئاخىرىنى تاپالماي تاق- قا- تۇققا سۆزلەپ، بىردەم بىر گەپنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپ دېگەندەك ئەلەۋىينىڭ قاچقۇنلۇق ماجىراسىنى سۆزلىگەچ «ئۆزلىرىنى ئەمىرۇلمۇسلىمىندىن ئۇزمەيتتى. خەلىپىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئەمما، ئىچىدە ھەربىر سۆزنى چوڭقۇر دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ سېلىشتۇراتتى، ھەتتا شائىرنىڭ پېشانىسىدىن قانچە تامچە تەر چىققانلىقىنىمۇ بىلىپ ئولتۇراتتى. جەفەر ئىبنى يەھيانىڭ مۇناپىقلىقىنى ئاڭلاپ، ھارۇن رەشىد بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. لېكىن، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نام - ئابرۇيىغا داغ تېگىپ قالمىسۇن دەپ، ھازىرچە ھېچكىمگە غەزەپ ئوتىنى چاچماسلىقنى، ۋەزىر بىلەن كېيىنچە ئايرىم ھېساب - كىتاب قىلىشقا قارار قىلىپ تەمكىن ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئىمانىم كامىلكى، سەن خەلىپىلىك ئىشىغا جان كۆيدۈرۈۋاتىسەن، ھېچبولمىغاندا شۇنداق ئىشەنچ ھاسىل قىلىشنى خالايمەن. قىلغان گەپلىرىڭ ئورۇنسىز بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىڭ تەقدىرلەشكە لايىقتۇر. جەفەر ئىبنى يەھيانىڭ يۇرۇش - تۇرۇشلىرى ماڭا ئايان. ئەلەۋىينى بولسا دۆلەت مەنپەئىتى تەقەززاسى بىلەن ئازاد قىلدۇق. بىلدىڭمۇ، شائىر؟

— بىلدىم، ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن! — خىتاب قىلدى ئەبۇل ئەتەخىيە. ئۇنىڭ كاللىسىدا كىم ۋە نېمە مەقسەتتە مېنى كولدۇرلاتتى، دېگەن ئويلار كېچەتتى، ئەمما كۆڭلى سەل جايىغا

چۈشكەندى : «ھەرھالدا بېشىم ئامان قالدى ! خەۋپ ـ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى ! فەزل ۋە زۇبەيدەنىڭ ئالتۇنلىرى ، خەلىپىنىڭ ئىنئاملىرى چۆنتىكىمدە !»

— ئاللاتائالاغا مىڭ قەتلە شۈكۈرلەر بولسۇنكى ، — يەنە ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيگۈدەك بولۇپ خىتاب قىلدى شائىر ، — ۋەزىر دۆلەتپاناھىم پەرمانى بىلەن ئىش تۇتۇپتۇ ! بۇ ھەقتە ھەممىگە خەۋەر يەتكۈزىمەن ! ۋەزىر ھەققىدە يامان گەپ قىلىش خىيالىمغا كەلگەنمۇ ئەمەس . مەن پەقەت ئادالەت تەنتەنىسى يولىدا پىتنە ـ پاسات ۋە غەيۋەتلەرگە چەك قويۇش يۈزىسىدىن ۋەزىر توغرىسىدا چېقىمچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم . مانا ئەمدى كۆڭلۈم توق . ۋەزىرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ـ خەتەر سايە سالمىغاي . ھە راست ، باشتا ئېيتقىنىمدەك ، مېنىڭ ھالىم نېمە بولار ؟ توساتتىن سورىدى شائىر ، — ناۋادا ۋەزىر بىلىپ قالسا ، ئۇ چاغدا مەن . . .

— ۋەزىر ھېچ نەرسىنى بىلەلمەيدۇ ، — ۋەدە بەردى ھارۇن رەشىد ئورنىدىن تۇرۇپ . ئىككى قېتىم چاۋاك چالدى . ئەمدى شائىرنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاش قالدى ، ئەمما بۇ ئۇنچىلىك مۇشكۇل ئىش ئەمەس ، ئالدىرىمىسىمۇ بولىدۇ ، — مېھماننى ئۇزىتىپ قوي ! — دېدى ئۇ كىرىپ كەلگەن مەسرۇرغا ، — ئىنئام ـ ئېھسانىمىزنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە خەزىنىدار ئۇنىڭغا مىڭ دىنار ئالتۇن بەرسۇن .

ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن ، خەلىپە قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشۈپ ، قورقۇنچلۇق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدى : «بۇ قانداق بولغىنى ؟ شەيخ ئىسمائىلنىڭ تەكلىپى رەت قىلىندى ، ۋەزىرنىڭ خائىنلىقى بولسا قانات ئاستىغا ئېلىنىۋاتامدۇ ؟ ئەسلى زاتى ھاشىمىي ھاقارەتلىنىپ ، نەدىكى بىر كەلگۈندى ئىسسىق باغرىمغا ئېلىندى . بۇ ئادالەتتىنمۇ ؟ جەفەر بارچە

ئىشلاردا ماڭا مەدەتكار . . . لېكىن ، قانداقلارچە ، مېنىڭ ئىجازىتىمسىز زىنداندىكى مەھبۇسنى قويۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلغاندۇر؟ مەرتىۋە ۋە ئەمەلنى سۈيىئىستېمال قىلماقتا! ئەلەۋىي پارس بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنداق شۇم ئىشقا قول تىققانمىدۇر؟ ئۆز يۇرتلۇقىنىڭ مەنپەئىتى ئەرەبلەر مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن كەپتۇ - دە! ئەجەبا، مەن شۇ دەرىجىدە غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەن بولسام؟ كۆزۈم كور، قۇلىقىم گاس بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ۋەزىر بولسا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مېنى مەسخىرە قىلىپ، خانىدانىمغا ئوت قويماقچى ئىكەن - دە! ئەي ئاللا! ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىنى ئىستىسە، ھەممىسى تەييار ئىدىغۇ: پۇل، يەر، مال - دۇنيا . . . ئەمەل . . . ياق، ياق، خائىنلىق ئەسلا تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ! جەپەرنىڭ دۈشمەنلىرى، ھەسەتخورلار، كالتە پەملەر يېقىندىن ئورا كولاشماقتا، ھىيلە - نەيرەڭ تۈزۈپ قۇرۇشماقتا . . . بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق ۋە تۆھمەتخورلۇق قىلىشىۋاتقان . . . قارىغاندا، بۇلاردىن بىرىنى تاللاش ۋاقتى يەتكەن ئوخشايدۇ . ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا ئارتۇق ئىمكان قالمىدى! كۈچ - مادارىم تۈگىدى! تاقىتىم تاق بولدى! ۋاي بۇ قانداق بولغىنى؟ — چۆچۈپ كەتتى خەلىپە، — ئەجەبا، خانىنى ئايلىنىپ ۋارقىرىۋەتكەندۇرمەنمۇ؟ دەرھال بىر چارە تاپماق زۆرۈر، بولمىسا ئەقىلدىن ئازىدىغان ئوخشايمەن! جەپەرنى چاقىرتماق كېرەك، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا! ئەلەۋىينى قويۇپ بەرگىنى راستمۇ، يالغانمۇ، ئېنىقلاش لازىم . . .»

## 47 . شېرنى غىزالاندۇرۇش

خەلىپە چاۋاك چالدى، مەسرۇر كىرگەندىن كېيىن ئەمر قىلدى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— جەفەر ئىبن يەھيانىڭ ئالدىغا بىرىپ ئېيت، ھۇزۇرۇمغا كەلسۇن !

— يەنە نېمە دەيمەن، دۆلەتپاناھىم؟

— ئېيتقىنكى، خانىمىزدا كەچلىك زىياپەت بار، ۋەزىرىمىزنىڭ ھازىر بولمىقىنى ئىستەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە دېمە.

جاللات كەتكەندىن كېيىن ھارۇن رەشىد ساراي باقاۋۇلىنى چاقىرتىپ، كەچلىك زىياپەتكە تەييارلىق كۆرۇش ھەققىدە پەرمان بەردى، ئاندىن سەيلە كېيىمى كەلتۇرۇشنى بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ يەلكىسىگە رىدا تاشلاپ، سەندىلىنى تۈگمىلەپ قويۇشتى.

خەلىپە باغقا چىقتى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا پىتمۇاتقان قۇياشنىڭ نۇرلىرى يالتىرايتتى. ئايىغى ئاستىدا قۇم غىچىرلايتتى. خەلىپە بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بىردىنلا ئۇ شىرلار تۇرىدىغان قەپەسلەر بار تەرەپكە بۇرۇلدى. كۆڭلى غەش، خاتىرىسى پەرىشان دەملەردە خەلىپە خىزمەتكارلارغا يېقىندا تۇتۇپ كېلىنگەن ياش شىرنىڭ چىشىغا تېگىشنى بۇيرۇيتتى. تۇتقۇنلۇقتا بولسىمۇ، شىرنىڭ غەزەپلىك ھۇۋلاشلىرى خەلىپىنىڭ ئەسەبىي كەيپىياتىغا ئارامبەخش ئېتەتتى. خەلىپە قەپەس ئالدىغا كېلەر ـ كەلمەيلا قەلئە سېپىلى ئالدىدا تۇرغان ئىككى نەپەر قۇل ھازىرلا سويۇلۇپ، تېرىلىرى نېرى ـ بېرىلا شىلىنغان قويلارنى كەلتۇرۇشتى. يوغان ـ يوغان قىلىپ پارچىلانغان، تېخى سوۋۇمىغان قوي گۆشى ئاچلىقتىن ھۇۋلاپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇۋاتقان شىرنىڭ قەپىسى ئالدىغا كەلتۇرۇلدى.

— ئالدىغا ئازراق گۆش تاشلا ! — دېدى قاراۋۇلغا ھارۇن رەشىد. شىرنىڭ ھۆركىرىشىدىن قاراۋۇل گەپنى ئاڭلىيالمىدى. ئەمما، گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، قوينىڭ

بىر ساننى قەپەس ئىچىگە تاشلىدى . بىرنەچچە دەقىقە سۆڭەكنىڭ قاسىر ـ قۇسۇرى ، شىرنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئىشتىلدى ـ دە ، قوينىڭ ساندىن نامۇنشان قالمىدى ، كىرىشكەن ئۆتكۈر چىشلار ئارىسىدا ئېرىپ كەتكەندەكلا بولدى . شىر گۆشنى بىر يالماشتىلا يۇتۇۋېتىپ ، ئاۋۋالقىدىنمۇ بەتتەررەك ھۆركىرىدى . ئەمدى ، قاراۋۇل گۆشنى بەرمەستىن ، قېنىمۇ قاتمىغان گۆش پارچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ، قەپەسنىڭ تۆمۈر پەنجىرىلىرىگە قويۇپ يەنە تارتىۋالاتتى . يەردىكى مايسا ئۈستىگە قان تامچىلىغاچقا ، قۇيرۇقىنى دۈگىلەك قىلىپ تۇرۇۋالغان شىر يەرگە ئېگىشىپ قەپەسكە ئۆزىنى ئۇراتتى . پەنجىلىرى بىلەن تاملاپ ، بوينىنى سوزۇپ تۆمۈر چىۋىقلارنى غاجاپ تاشلىماقچى بولاتتى .

«ئەجەبا ، مەن ئاشۇ شىرغا ، ۋەزىر بولسا ئۇنى تېرىكتۇرۇپ ، جىلە قىلدۇرۇۋاتقان خىزمەتكارغا ئوخشاپ قالغاندىمىزمۇ ؟ — ئويلاپ قالدى ھارۇن رەشىد ، — ئەنە ، مېنىڭ قۇدرىتىم نېمىدەيۇ ، ئاجىزلىقىم نېمىدە ! دۈشمىنىمنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىغان بولار ئىدىمۇ ، ئاللا يول بەرمەيۋېتىپتۇ . ئەمما ، ئىش بۇنداق ئەمەس ، ئىنسانلار ھۆكۈمدارى بىلەن ھايۋانات پادىشاھى ئارىسىدا پەرق بار . ھايۋانات پادىشاھى ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ناقابىل ، ھۇۋلايدۇ ، قۇتراپ ھۆركىرەيدۇ ؛ ئادەم بولسا سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئىش تۇتۇپ ، قىساس پۇرسىتىنى تېزلا كەلتۈرىدۇ . ھازىرقى ۋاقىتتا ، مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى بىر يەرگە جەملەپ ، ۋەزىرنىڭ بىلەن ئىش تۇتۇپ ، ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمنى سىر تۇتۇشنى بىلىشتە . ئەنە شۇندىلا غالىب كېلىش مۇمكىن !» خەلىپە قاراۋۇلنى بىر سىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ ، شىرنى تويغۇچە غىزالاندۇرۇشقا بۇيرۇدى . غەزىپى تارقىلىشقا باشلىغان خەلىپە قوي گۆشىنى چاينىمايلا يۇتۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

شىرنى كۆزىتەتتى . ئادەمزاتنىڭ قۇدرىتى ــ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدە . خەلىپە شىر بولۇشى ، شىر بولغاندىمۇ مەككار شىر بولۇشى كېرەك .

خەلىپىنىڭ سەللىسىگە قادالغان جاۋاھىرلار يېڭى چىققان ئاي يورۇقىدا يالتىراپ نۇر چاچاتتى . شىرنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلاپ تۇرغان خىزمەتكار ۋە قۇللار نۇر شولىسىنى كۆرۈپ ، ھۆكۈمدارنىڭ قەسرىگە قايتىۋاتقانلىقىنى سېزىشتى ـ دە ، دەقىقە ئىچىدە چەتتىكى تار يولدىن غايىب بولۇشتى .

ئىچكى قەلئە سېپىلىدىن ، دەرۋازا تەرەپتىن ئاتلارنىڭ كىشنىشى ، ئېگەر ـ جابدۇقلارنىڭ شاراق ـ شۇرۇقلىرى ، ۋارقىراش ـ جارقىراش ، ئالتوپىلاڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى . مەھرەملىرى بىلەن جەفەر ئىبن يەھيا كەلگەنىدى .

ئۇلار ھارۇن رەشىد قەسرىگە يۈرۈلدى . كاتتا دىۋانخانىدا شاملار يېقىلغان بولۇپ ئىسرىق تۈتەپ تۇراتتى . ئالتۇن شامدانلارغا ئەنبەر ۋە قۇرۇتۇلغان يۇمغاقسۈت سىلىنغان ، ئالتۇن ئىدىشلارغا چۈشكەن شام نۇرى ئاجايىپ شولا تارقىتىپ يالتىرايتتى .

خەلىپە كىرىپ ئانچە ئۆتمەيلا ، دىۋان ئەمىرى ھازىر بولدى .

ــ سۆزلە !

ــ جەفەر ئىبن يەھيا قەددەم تەشرىپ قىلدى .

## 48 . ياسالمىلىق

دىۋانخانىغا كىرىشى بىلەنلا تۈتىتىپ قويۇلغان مىررە[1] پوستىلىقىنىڭ ھىدى جەفەر ئىبن يەھيانىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى .

① مىررە ــ خۇشبۇي ۋە شىپابەخش ھىد تارقىتىدىغان ئۆسۈملۈك .

يۈزلىگەن شاملاردىن تارىلىۋاتقان يارقىن نۇر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ۋەزىر بۇ چاقىرىقتىن ئەجەبلەنمىدى. ئۇ بۇ چاقىرىشنى پەرزەنتلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەرنىڭ دۇنياغا كېلىش سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن بىرى كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، بۇنداق چاقىرىشنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ۋاقتى - سائىتىمۇ كېلىپ قالدى... مەسرۇردىن سوراپ - سۈرۈشتۈرۈشتىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. جاللات لام - جىم دېمىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭغا قەتئىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولسا كېرەك. خالىسۇن - خالىمىسۇن، بېرىشى زۆرۈر. ۋەزىر ئۆزى بىلەن بىرگە بېرىشقا ساداقەتلىك، ياخشى چېنىققان خۇسۇسىي قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئېلىۋالدى. ناۋادا كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلار جان - جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. ساراي قوغدىغۇچىلىرى ۋەزىرنىڭ مەھرەملىرىنى قەلئەنىڭ تۆتىنچى دەرۋازىسىغىچە توسمىدى. ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى! بىراق، بۇ گۇمانلاندۇرماسلىق، غەپلەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان قاپقان ئەمەسمىدۇر؟ بۇ شەۋكەتلىك ئەمىرۇلمۇسلىمىن خۇي - پېئىلىنىڭ نەق ئۆزىگە ئوخشاپ تۇرمامدۇ؟!

كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان نۇرغا كۆنۈككەندىن (قاراڭغۇلۇقتىن كىرگەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق يورۇتۇلغانمىكىن) كېيىن، ۋەزىرنىڭ كۆزى يانپاشلاپ ياتقان خەلىپىگە چۈشتى - دە، ئوچۇق چىراي كۆلۈمسىرىدى. خەلىپە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالدىغا كەلدى.

— ئىنتايىن مەمنۇنمەن، دوستۇم! نېچۈن جەڭگە ھازىرلانغاندەك لىباس كىيىۋالدىڭ؟ مەن سېنى ھەربىي كۆرەككە ئەمەس، كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىم، — ئۇ ۋەزىرنى تەخت تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. تەختكە ئولتۇرغاندىن

كېيىن ، خەلپىلىك ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .

— تەشۋىشلەر كۆپ ، دوستۇم ! — شىكايەت تەرىزدە گەپ قىستۇردى هارۇن رەشىد ، — بۇ غەلۋىلەردىن كۆپ چارچىدۇق . سەن بولساڭ ئەبەدىيەت قەسرىدە كەمدىن ـ كەم كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭ . پۈتۈن تەشۋىشلەرنى مېنىڭ مۈرەمگە ئارتىپ قويۇش ئىنساپتىن ئەمەسقۇ ، ئاخىر ! — ۋەزىرگە كايىغاندەك بولدى ، ئاندىن هىندى ئەلچىلىرى بىلەن بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دائىمىي تىنچلىق ئورنىتىش توغرىسىدىكى دەۋەت ، ئەپسانىۋى شەمشەر ۋە ۋەهشىي ئىتلار هەققىدە سۆزلىدى .

— ئىلاهىم ئەبەدىيەت قەسرى خەلىپىلىكىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ۋە قۇدرىتىنىڭ ئەبەدىيلىك بەلگىسى بولغاي ! — دەپ تەنتەنىلىك سۆزلىدى جەفەر ئىبن يەهيا ، — چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ هەممىشە ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇشقا ئىنتىلىشلىرىنى تىلەيمەن !

سۆهبەت جەريانىدا بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقەت ، مېهىر-مۇهەببەت هەققىدىكى ياسالما ئىبارىلەر ، ياغلىما گەپ ـ سۆزلەر تېز ـ تېز تەكرارلىنىپ تۇردى . ئەسلىنى ئېيتقاندا ، ئۇلار ئارىسىدا دوستلۇق ، ئورتاقلىق ۋە سەمىمىيەت ئاللىقاچان يوقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى زەهەرخەندىلىك ۋە مەككارلىق ئىگىلىگەنلىكىنى سۆهبەتلىشىۋاتقانلارنىڭ هەر ئىككىسى ياخشى چۈشىنەتتى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، هەر ئىككىلىسى ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن بىر ـ بىرىگە تىلياغلىمىلىق قىلىشىپ ، ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى .

قۇللار تۈرلۈك تائاملار ۋە شاراب كوزىلىرى تىزىلغان چوڭ خانتاختىنى ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى . ئۆزلىرى بولسا

خوجايىنلىرىنىڭ ئىما ـ ئىشارىسىگە پەرمانبەردار تەرىزدە ، يېرىم ئايلانما ھاسىل قىلىپ تىز پۈكۈشتى . ھارۇن رەشىد ۋەزىرگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ، ھېلى ئۇ ، ھېلى بۇ نېمەتلەرنى تۇتاتتى ، تەكەللۇپ سۆزلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى . جەفەر ئىبن يەھيا ئەدەپ يۈزىسىدىن كىچىك پېئىللىق قىلىپ ، پەقەت خەلىپە «ئال ، باق» دەپ زورلىغاندىن كېيىنلا قول ئۇزىتىپ تەمنى تېتىپ كۆرەتتى .

كۆپرەك خەلىپە سۆزلەيتتى :

— قاتلىما سامسىنى تېتىپ باق ، دوستۇم ! ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىنغان قىرغاۋۇل ئەتىگەندە تېخى ئۇچۇپ يۈرگەنىدى ، — خەلىپە قىزارتىپ پىشۇرۇلغان ، ئېغىزغا سۇ كەلتۈرىدىغان بىر پارچە گۆشنى ۋەزىرگە تۇتتى ، — مەرھەمەت ، تېتىپ كۆر ! قانداقراق ؟ قىرغاۋۇلنى تۇتۇش ئاسان ئىش ئەمەس . بۇ جەھەتتە خۇددى ئەلەۋىيگە ئوخشاش ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك . قارىماسەن ، ئۇ بىچارىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمىز ! قېنى ، يەنە بىر قانىتىنى تېتىپ كۆرمەمسەن ؟

— مىڭ مەرتە رەھمەت ! ئاللاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى ، تويۇپ كەتتىم ، — تەشەككۈر ئېيتقاچ ، جەفەر ئىبن يەھيا دەرھال سەگەكلەشتى . خەلىپە ئەلەۋىينىڭ ئىسمىنى تاسادىپىي تىلغا ئالدىمۇ ياكى چېقىمچىلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولدىمۇ ، دېگەنلەرنى ئويلاپ خىيالغا چۆمدى .

— ئەمدى مانا بۇ قىزىل ئالمىنى تېتىپ كۆر ! بۇمۇ كۈن نۇرىنى ئەمگەن ، تولۇق پىشقان . كىمدۇر بىرى ئۇنى ئۈزۈۋال-غان ، — ئىلتىپات قىلدى يەنە ھارۇن رەشىد .

توساتتىن ئالما قولدىن چۈشۈپ ، گىلەم ئۈستىدە دومىلاپ كەتتى .

— قارىماسەن ، يەم بولۇشنى خالىمايدۇ . ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ ، — ئالمىنى قۇلنىڭ قولىدىن ئېلىپ ، كۈلۈپ

قويدى خەلپە ، — خۇددى ئەلەۋىيگە ئوخشايدۇ ـ ھە ! بىچارە ، چۆشىدىمۇ ، ئويغىدىمۇ خۇراساننى كۆرسە كېرەك ! شۇنداقمۇ، دوستۇم ؟

زىندان قاراۋۇللىرىنىڭ چىرايى ، سارايىنىڭ ئاختا قۇلى خاننى سۈيۈرۈپ تازىلايدىغان چۆرە كەمپىر ، ئاتخانىدىن ئارغىماقلارنى يېتىلەپ چىققان ئات باقارنىڭ بەشىرىسى جەڧەر ئىبن يەھيانىڭ كۆز ئۆڭىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى . ئۇلارنىڭ قايسىبىرى خائىنلىق قىلغاندۇر ؟ قايسىبىرى ؟

— ئەلەۋىي خەلپىلىككە قارشى باش كۆتۈرمەسلىك ھەققىدە ماڭا قەتئىي ۋەدە بەردى . ئۇنىڭغا ئىشەندىم . شۇڭا قويۇپ بەردىم ، — دېدى ۋەزىر گەپنى ئۇدۇللا ئېيتىپ ، — بۇ خۇراسانلىقلارنىڭ ئۆز يولباشچىسىنى ئازاد قىلىمىز دەپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىشتۇر ، شەھرىيار !

— ئاللا ساڭا مەدەت بەرسۇن ، دوستۇم ! دەل كۆڭلۈمدە-كىنى تېپىپسەن ، — گەپنى باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى ھارۇن رەشىد ، — شېكەرگە مىلەنگەن مېۋىلەردىن تېتىپ باقساڭچۇ ؟ شىرىنلىك تائامنى ھەزىم قىلدۇرىدۇ .

زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالدى . سۆھبەتداشلار ناھايىتىمۇ تەكەللۇپچان ئىدى . ئۇلار چاقچاق ـ ھەزىللەر قىلىشاتتى ، كۈلۈشەتتى . قۇللار كىچىك كوزىلاردا سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى كەلتۈرۈپ قولىرىغا قۇيۇشتى .

خەلپىنىڭ تەكەللۇپ قىلىپ كېتىشلىرى ۋەزىرنى قايمۇقتۇرالمايتتى . ئاخىر ، بوش ياغقان يامغۇردىن ، كۆلۈپ باققان پادىشاھتىن قورق ، دېگەن گەپ بارغۇ ! ھارۇن رەشىد قانچىلىك شېرىن سۆز قىلسا ، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك ھوشيار بولۇش كېرەك ! يېرىم كېچىدە كاتتا دىۋانخانىدىن قايتىپ چىققان ۋەزىر ئۆزىنىڭ ھازىرقى مۈشكۈل ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ

ئېغىرلاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتى . ئەمما ، ئەلەۋىينى قويۇپ بەرگىنى ئۈچۈن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايتتى . ئەلەۋىينى خۇراساندىن باغدادقا كېلىشكە تەكلىپ قىلغاندا ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە قىلغان ، ئەھدىنامىگە ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئۆز مۆھۈرىنى باسقانىدى . كېيىن ئۇ ئەھدىنامىگە ئەمەل قىلماي ، مۇناپىقلىق بىلەن ئەلەۋىينى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى . مانا ئەمدى ئىش بۇزۇلغاندىن كېيىن ، مەككارلىق ۋە تىل ياغلىمىلىق بىلەن ئۆزىنى ئاپئاق قىلىپ كۆرسەتمەكچى . خەلىپىنىڭ ۋەدىسى — بىر پۇل . ئۇنىڭ چېھرىسىدىكى ساختا تەبەسسۇمنىڭ تېگىدە چەكسىز ۋەھشىيلىك ۋە زەھەرخەندىلىك يوشۇرۇنغان .

ئەبەدىيەت قەسرىدىكى كەچلىك زىياپەت ھەرھالدا ئويلىغاندىن ياخشىراق بولدى . سۆھبەت داۋامىدا ۋەزىرنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچلۇق ئويلار خېلىلا پەسىيىپ باردى . ئەگەر خۇراسان ھاكىملىقى نېسىپ بولغۇدەك بولسا ، ئەلەۋىي ئۇنىڭ ئەڭ زور تايانچىسى ۋە ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلىنىدۇ .

تەنھا قالغان ھارۇن رەشىدنىڭ قەسىمىنى ئۇ ئاڭلىمايتتى ، ئەلۋەتتە :

— ئەگەر سېنى گۇمران قىلمىسام ، ئاللا ئۇرسۇن ، جەفەر !

## 49 . شىكار

خەلىپە خېلى بىر مەھەلگىچە ئۆزىنى باسالمىدى . ھۇجرىسىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا ماڭغىنىچە ، بۇ بىر كۈندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى : شەيخ ئىسمائىلنىڭ تەشرىپ قىلىشى ۋە ئىلتىماسىنىڭ رەت

قىلىنىشى ، ۋەزىرنىڭ ئىقرارى . . . ئىككى ئادەم ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل مىجەز ـ خۇلق ؛ بىرىدە چەكسىز پاك ، سەمىمىيەت ۋە راستچىللىق ؛ يەنە بىرىدە ساختىلىق ۋە رەزىللىك . ھاشىمىيلار ئاقساقىلى بىلەن يەنە بىر مەرتە سۆھبەت قۇرۇپ ، جەفەر ئىبن يەھيانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقسا يامان بولماس ئىدى . . . سۆھبەتنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلاردىن خالىي بولۇشى ئۇچۇن ، شەھەر سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغىنى تۈزۈك .

خەلىپە مەسرۇرنى چاقىرىپ پەرمايىش بەردى :

— تاڭ يورۇش بىلەنلا دەدجىلگە يول ئالۇرمىز ! شىكار ئەمىرگە ئېيت ، بارچە شىكار جابدۇقلىرىنى تەييارلىسۇن ! شەيخ ئىسمائىلغىمۇ خەۋەر يەتكۈز ! ئۇنىڭ سارىيى قەيەردىلىكىنى بىلىدىغانسەن ؟

— بىلىمەن ، ساھىبدۆلىتىم !

— تاغامغا ئېيتقىن ، ھۇزۇرىمىزغا شىكار لىباسىدا كەلسۇن !

— باش ئۇستىگە !

باغدادتىن ئانچە يىراق بولمىغان دەدجىلدە ياۋايى قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇ يەر خەلىپىلىك تەرىپىدىن قورۇقدىلاتتى . قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم ئۆگىتىلگەن قاپلان ۋە ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ياردىمىدە شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوت ـ چۆپ تاشلانغان خەندەكلەرگە ، ئەتراپى قوزۇقلار بىلەن ئورالغان ئوۋ مەيدانى تەرەپكە ھەيدىشەتتى . مەيدانىنىڭ ئوچۇق تەرىپىدە بولسا ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قېچىپ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن قورۇلغان قاپقانلارنىڭ ئېتىكىدىكى تىكەنلىك چاتقاللىقتا ئۆزلىرى قورۇقچىلىق قىلىشاتتى . ئەئيانۇ ئەكابىرلار ھەمراھلىقىدا شىكارغا ئاتلانغان خەلىپە باغداد

ئەتراپىدىكى باغۋارانلار ، تېرىلغۇ ئېتىزلارنى ئايلىنىپ ، زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى ، دېھقانلار تەر تۆكۈۋاتقان ئۈزۈملۈك ، مېۋىلىك باغلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ھوسۇلنىڭ قانچىلىك چىقىدىغانلىقىنى چامىلايتتى . يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا كىرىپ ئۆتەتتى . شۇ ئىشلاردىن كېيىن ، ئوۋ مەيدانى تەرەپكە يول ئېلىپ ، چوڭراق كېيىكلەرنى ئوۋلاشقا تۇتۇش قىلاتتى . شۇنداقلا ، خەلىپە قاپلانلارنىڭ ئاھۇلارنى قانداق باسىدىغانلىقىنى ، قويۇپ بېرىلگەن قۇرغۇيلارنىڭ قورشاۋدىكى جانىۋارلارنى قانداق چاڭگاللىشىنى ، ئوۋ لاچىنلىرىنىڭ ئۇۋىسىدىن قوغلانغان قىرغاۋۇللارنى قانداق ئۈرىدىغانلىقىنى زوق بىلەن تاماشا قىلاتتى . شىكار مۇراسىمى ئاخىر ئوۋ مەيدانى ئېتىكىدىكى قوزۇق دەرۋازىلارنى ئېچىپ ، تىرىك قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قويۇپ بېرىش بىلەن تۈگەللىنەتتى .

تاڭ ئاتار ـ ئاتمايلا شەيخ ئىسمائىل ئەبەدىيەت قەسرى تەرەپكە ئاتلاندى . يولدا ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرىنى قوغلىغۇچىلارنى ئۇچراتتى . بۇ كۈچتۇڭگۈر ، كېلىشكەن يىگىتلەر توپ بولۇپ چېپىشقىنىچە ، لاچىنلىرىنى ھۇجۇمغا تەييارلاپ تۇرۇشاتتى . ئىت باقارلار بولسا ئوۋ ئىتلىرىنى ئاتلىنىشقا ، گىژ ـ گىژگە سالاتتى . بىر ئىتنى زەنجىردىن بوشىتىۋىدى ، ئىت يول بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ باردى ـ دە ، ئۇنى ھىدلاپ كۆرۈپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە يەنە ئىگىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى ، قاپلانلار بويۇنلىرىدىكى زەنجىرلەرنى شاراق ـ شۇرۇق قىلىشاتتى ، ئۈركۈگەن ئاتلار كىشنىشەتتى ، ئىتلار ھاۋشىيتتى ، قۇللار بىر ـ بىرلىرىنى چاقىرىپ توۋلىشاتتى . شاۋقۇن ـ سۈرەن قۇلاق ـ مېڭىنى ياراتتى .

قەلئەنىڭ تۆتىنچى دەرۋازىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغان شەيخ ئىسمائىل مەسرۇرنى ئۇچرىتىپ قالدى .

مەسرۇر ئۇنىڭغا :

— خەلىپە ھازىرلا چىقىدۇ ، ئاتتىن چۈشۈپ ئەرزىيەت چېكىپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى .

كۆتۈۋېلىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ ، شەيخ ئىسمائىل قانداقلا بولمىسۇن ئاتتىن چۈشتى . دەرۋازىلار ئېچىلىپ ، ئەمىر ۋلمۇسلىمىن چىقىپ كەلدى . خەلىپىگە ئات كەلتۈرۈشتى . ئاتقا مىنگەن شەيخ ئىسمائىلغا كۆزى چۈشكەن خەلىپە ئەئيانۇ ئەكابىرلار قورشاۋىدىن چىقىپ ئاقساقالنىڭ يېنىغا كەلدى .

— قېنى ، يۈرەيلى ، تاغا ! — دېدى ئۇ ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، — ئاللا نېسىپ قىلسا ، بۈگۈنكى كۈن خەيرلىك بولغۇسى !

شەيخ ئىسمائىل ئېتىغا مىنىپ ، جىيەنى ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغاندىن كېيىن ، سەل ئارقىدىراق يۈرۈشكە باشلىدى .

ئاقساقالنىڭ قەتئىي ھالدا ئەدەپ دائىرىسىدىن چىقمايۋاتقانلىقىنى بايقىغان ھارۇن رەشىد ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، ئۇنىڭغا يانمۇيان يۈرۈشكە ئىجازەت بەردى .

## 50 . سۆھبەت

ئىككىلىسى ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ باراتتى . چۈنكى ، شەيخ ئىسمائىل مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قەتئىي ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق ، ئەمىر ۋلمۇسلىمىننى پاراكەندە قىلىش ۋە بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلمىدى . ھارۇن رەشىد بولسا ، يېڭىۋاشتىن ۋۇجۇدىنى چۇلغىغان ناخۇش خىياللار ئىچىگە غەرق بولۇپ سۈكۈت ساقلايتتى . باغداد تۆپىلىكلىرى ئارقىدا قالدى . تارغىنا

يول باغۋاران ۋە ئۇزۇملۇكنى ئارىلاپ ئۆتەتتى . هارۇن رەشىد ئۇۋ قوغلىغۇچىلارنى تېزرەك ھەرىكەت قىلىشۇن دەپ مەسرۇرنى ئەۋەتتى ، ئاندىن تىزگىننى تارتىپ ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى . ئەئىيانلار ئۇنىڭ ئاقساقال بىلەن خالىي سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ كەينىدىرەك قېلىشتى .

خەلىپە يەنە ئارقىغا كۆز تاشلاپ ، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم يوقلۇقىغا ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ، شەيخ ئىسمائىلغا قاراپ دېدى :

— تاغا ، تۈنۈگۈن مەندىن كۆڭلىڭىز قاتتىق ئاغرىدىغۇ دەيمەن ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىمۇ ، مەن ئەمىرۇل-مۇسلىمىنغا مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ، — جاۋاب بەردى ئاقساقال .

ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ سەممىيلىكىگە زەررىچە گۇمان قىلمىسىمۇ ، ئۆمرىدە بىراۋنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ھارۇن رەشىد ئېگىشىپ گۈلدار شايى يېپىنچىسىنى توغرىلاپ ، قولى بىلەن ئاتنىڭ يالىنى تاراپ دېدى :

— ئۇنداق بولسا ، تاغا ، كېلىڭ ، ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشايلى . تۈنۈگۈنكى خاپىچىلىقنى كۆڭلىڭىزگە تۈگۈپ قويىدىڭىز . سىزدىن خاپا بولۇشقا ھەققىم يوق . ئۆزۈم ئىقرارمەن ، ياخشى ئىش قىلمىدىم ، شۇنچە ياخشىلىقلار بەدىلىگە تۈزۈمنى يەپ ، تۈزلۇقۇمغا تۈكۈرۈۋاتقان كىشىنى ئەتىۋارلاپ ، ئۆز جان كۆيەرىمنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدىم . . . — ئاقساقالنى نېمە دەركىن دەپ ئويلاپ ، خەلىپە جىم بولۇپ قالدى .

— خەلىپە ئاللانىڭ يەردىكى سايىسى ! ئۇ پەقەت قادىر ئاللا ئالدىدىلا جاۋابكار ! — دېدى ئاقساقال . گەپ ۋەزىر توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىنى ئۇ سېزىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغىنىدا ، دەرھال تۈنۈگۈنكى ئىلتىماسىنى تەكرارلايتتى- لېكىن ، شەيخ ئىسمائىل ناھايىتىمۇ ئالىيجاناب ئادەم بولۇپ ، بۇنداق پەسكەشلىكنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى . قارىغاندا ، يەنە ۋەزىرنىڭ ئىقبال يۇلتۇزى قارايغان ئوخشايدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بىلەن تۈگەركىن ؟ ھەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ پەيدا بولۇپ قالماسمۇ ؟ بۇ بەكمۇ دەھشەتلىكقۇ ؟

— پەممىچە ، جىيەنىم ئۆز قول ئاستىدىكىلەردىن نارازى ئوخشايدۇ ؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ ئۇھ تارتىپ ، — مەن ئۈچۈن گۇمانلىق تۇيۇلغان مۇئەمما ھەققىدە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلىشىم مۇشكۇل . . .

— تاغا ، گەپنىڭ كىم ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەرمەن دەپ مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتامىغانسىز ؟ — مەسخىرىلىك ھىجايدى ھارۇن رەشىد ، — خۇپسەنلىك قىلماڭ ، ناھايىتىمۇ ياخشى بىلىپ تۇرۇپسىز !

— ئەگەر يېڭىلىشمىگەن بولسام ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن جەفەر ئىبن يەھيادىن نارازى ئوخشايدۇ .

— مەسىلە دەل مانا شۇ يەردە ! بۇنىڭغىمۇ ماقۇل ، بىراق ، ئۆز پەرمايىشى بويىچە ئىش تۇتۇشقا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن ، خەلىپىلىكنى ئىشىنىپ تاپشۇرغان ئادەم توغرىسىدا مۇشۇنداق دېيىش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ ؟ ئەجەبلىنەرلىكلا ئەمەس ، ئوچۇق - ئاشكارا قاباھەت ! ۋەزىر مېنى كولدۇرلاتماقچى ، ھالاكىتىمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە !

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! — دەپ تاشلىدى شەيخ ئىسمائىل ، — بىلىشىمچە ، جەفەر ئىبن يەھيا ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ئەڭ ساداقەتلىك ئەئيانلىرىدىن !

ھارۇن رەشىد ئۈندىمىدى . ئارغىماقلار ئاستا ماڭماقتا ئىدى . دەرەخلىككە كىرگەنسېرى پەسلەپ بارغان يول

بويلىرىدىكى دەپنە دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئاتلىقلار سايە چۈشكەن تەرەپتىن مېڭىشتى. پەسلىكنىڭ سول تەرىپىدە گۈزەل مەنزىرىلىك قىشلاق سوزۇلۇپ ياتقان. چىرايلىق ئىشلەنگەن پېشايۋانلار، پاكار تاملىق ئۆيلەر، كۈنجۈتزارلار، سەندەلزارلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. نېرىراقتىكى ئوتلاقتا بىر مۈنچە پادىلار قويۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى خورما دەرەخلىرى كۆككە بوي سوزغان. ئۈستى يېپىلغان خامانلاردا دېھقانلار قوناق سوقۇۋاتاتتى. ھوسۇل بېھېساب مول ئىدى.

— قىزىق، بۇ قىشلاقلار كىمگە تەئەللۇقكىنە؟ — دېدى خەلىپە ۋە گەپنىڭ ئورامى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئىچىقارلىق بىلەن جاۋاب كۈتتى.

—بۇلار ۋەزىرنىڭ يەر - مۈلۈكلىرى، جىيەن.

خەلىپە «ئۇھ» تارتىپ دېدى:

— بارىكاللا، تاغا، ۋەزىرىڭگىكى دەڭ! باغداد ئەتراپىدىكى قىشلاقلار، باغۋارانلار، زىرائەت ۋە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغان ئېتىزلار، ئۈزۈملۈكلەر، قىسقىسى، بارچە ھوسۇللۇق يەرلەرنىڭ ھەممىسى بەرمەكىيلەرنىڭ مۈلكى! گويا ئەرەب سەلتەنىتىدە بىز — ئابباسىيلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ماڭا! بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس! پۈتۈن سەلتەنەت ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدا! ئەجەبا، سىز بۇلارنى كۆرمەيۋاتقان بولسىڭىز؟ قېنى ئېيتىڭچۇ، كىمنىڭ خەزىنىسىدە ئالتۇن - كۈمۈش ئېشىپ - تېشىپ يېتىپتۇ؟ كىمنىڭ يەر - سۈيى كۆپرەك؟

شەيخ ئىسمائىلغا يەر چۆرگىلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى.

— بەرمەكىيلەر ساداقەتلىك خىزمەتكارلىرى، جىيەنىم! — خىتاب قىلدى شەيخ ئىسمائىل. ئۇ قەلبىدە پارسلارغا

كۆپرەك خەيرخاھلىق ھېس قىلمىۋاتاتتى.

— ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسى، يەر - سۇلىرى، سارايلىرى ھەممىسى سىلىنىڭكى، پەقەتلا سىلىنىڭ مۇلۇكلىرى!

— توۋا، سىزگە ھەيرانمەن، ئاغا! — دېدى خەلىپە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — تۇنۇگۇن سىز شۇلار سەۋەبىدىن رەنج چەكتىڭىزغۇ، يەنە ئۇلارنى ھىمايە قىلىسىز! خەلىپىلىكىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا قانچە قېتىملاپ جان ئېلىپ، جان بېرىسىز! شۇ تۇپەيلى ئۈچ مەرتە رەددىيە جەبرىنى چەكتىڭىز. ھەرھالدا، سىزنىڭ توغرىمۇ - خاتامۇ، خالىي قالغىنىڭىزدا ياخشىلاپ بىر ئويلاپ كۆرۈڭ. ئاخىر، چۈشەنسىڭىزچۇ، مەن ئۆزۈمنى بەرمەكىيلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمدار دەپ ھېس قىلالمايۋاتىمەن! ئۇلار ماڭا قول ئەمەس، مەن ئۇلارنىڭ قولى! شۇنداق، مەن!

بەرمەكىيلەرنى ھىمايە قىلىش بارغانسېرى قىيىنلىشىپ بېرىۋاتاتتى. خەلىپىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەيخ ئىسمائىل ئاچچىق - ئاچچىق گەپلەردىن ئۆزىنى تېيىپ:

— قۇللارنىڭ ھالىتى بىر ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ ئۆزىگە ئايان! — دەپ قويدى.

ئاقساقالنىڭ گېپى ھارۇن رەشىدكە ياقمىدى. چۈنكى، خەلىپە سۆزسىز ئىتائەتچانلىقنى كۈتكەنىدى.

— سىزدىن باشقىچە جاۋاب كۈتكەنىدىم، ئاغا، — دېدى جۇدۇنى ئۆرلىگەن خەلىپە ئاقساقالغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئۆزىڭىزنى قاچۇرماقچى بولۇۋاتىسىز، يەنى كۆز بويامچىلىق قىلىۋاتىسىز، غەزىپىم ئۆرلەپ كېتىشتىن قورقۇۋاتىسىز!

ئۆزىنى ئاقلاش پايدىسىز، رەت قىلىش بولسا ئۇنىڭدىن بەشبەتتەر. شەيخ ئىسمائىل لام - جىم دېمىدى. توساتتىن ئۇ

ئايلانما يولنى ئايلىنىپ ، باغداد تەرەپكە قايتىپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ قالدى . بۇ قۇلايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن بۇنىڭدىن باشقا ئىمكانىيەتنى تېپىشمۇ قىيىن ئىدى .

— قارىسىلا ، جىيەنىم ، بىز خاتا مېڭىپتىمىز ! دەدجىل ئۇ تەرەپتىغۇ ! — دېدى ئاقساقال قولى بىلەن ئارقا تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ .

— بىز تامامەن توغرا كېتىۋاتىمىز ، — ئېتىراز بىلدۈردى ھارۇن رەشىد ، — يولىمىز ئەبەدىيەت قەسرى تەرەپكە .

— شىكارچۇ ؟

— شىكار بىر باھانە ئىدى ، تاغا . شۇ ئارقىلىق سىز بىلەن ئۆزۈنقۇلاقلار ئىشىتەلمەيدىغان ھالەتتە سۆزلەشمەكچى ئىدىم . ئەپسۇسكى ، سىزمۇ باشقىلار دېگەن گەپ - سۆزلەرنى تەكرارلىدىڭىز . توۋا ، راست گەپنى بۇ قۇلاقلىرىم بىر ئۆمۈر ئىشىتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ !

— خەلىپىلىك ھۆكۈمدارى بىلەن پەقەت ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشمەك جائىز ! خالىغان سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا ، ھەممىسىگە ھېچ ئىككىلەنمەي ۋە گەپ يورغىلاتماي جاۋاب بېرىمەن ! — دېدى شەيخ ئىسمائىل .

— ناھايىتى ياخشى ، قالغان گەپلەرنى ئەبەدىيەت قەسرىدە داۋاملاشتۇرىمىز ، — رازى بولدى خەلىپە ، — ئەنە ، ئەئيانلارمۇ يېقىنلىشىپ قالدى .

## 51 . ئۇستاتلىق

ئەبەدىيەت قەسرىنىڭ چاغراق ، خالىي مۇنارىسىدە ئىككى زات — خەلىپە ۋە شەيخ ئىسمائىل زەرھەل تەختتە يانمۇيان ئولتۇرۇپ شىۋىرلىشىپ گەپلەشمەكتە .

www.uyghurkitap.com

ھارۇن رەشىد دېدى :

— تاغا ، سۆزلىرىمنى رەت قىلمىغايسىز : بەرمەكىيلەر ھاكىمىيەتتە ئالىي مەنسەپلەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ، جۈملىدىن بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزگە قارشى ئىش تۇتۇشقا باشلىدى . ئۇلار شۇقەدەر بىھېساب بايلىق توپلاشتىكى ، بۇ خەلىپىلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن خەۋپلىك ۋاستىگە ئايلىنىپ بارماقتا . ئىش بۇ تەرىقىدە كېتىۋەرسە ، ھامان بىر كۈنى پارسلارنىڭ كۈچى ئۈستۈن كېلىشى تۇرغانلا گەپ .

— ئۇلارنىڭ خەزىنە ۋە دەپىنە - دۇنيالىرىنىڭ ھېسابىنى بىلىپ بولمايدىغانلىقىنى رەت قىلمايمەن ، جىيەن . ئەمما ، بۇ بايلىقلارنىڭ ئەمىرۇلمۇسلىمىن بىلەن ئورتاقلىقتا ئارتتۇرۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلمىغايلا . مۇبادا ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئازراقلا نارازىلىق ئىپادىسى بىلدۈرگىنىدە ئىدى . . .

— مۇنداق دەڭ ، مەن تېخى ئۆزۈمنى تالان - تاراج قىلىڭلار ، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەنمەن - دە ؟ — دېدى غەزىپى پەلەككە چىققان ھارۇن رەشىد ، ئاندىن بىر ئاز تىنچلىنىپ قوشۇپ قويدى ، — بۇنچە قاتتىق گەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن ، تاغا ، پارسلارنى سەلتەنەتنىڭ ئۇلىغا چۈشكەن كۆيدۈرگە دەپ بىلىمەن .

خەلىپىنىڭ بەرمەكىيلەرگە قارشى غەزەپ ۋە نەپرىتى كۈچلۈكلۈكىگە قارىماي ، شەيخ ئىسمائىل بىگۇناھ گۇناھكارلارنى ھىمايە قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلەتتى .

— ئۆز پىكرلىرىنى بايان قىلىپ ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن ماڭا چەكسىز ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتمەكتە ، — دېدى ئۇ ئېھتىرام بىلەن ، — ئاللا ۋە پەيغەمبەرنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ، ھەقىقەت ، پەقەت ۋە پەقەت ھەقىقەتنى ئېيتىمەن دەپ

قەسەم ئىچكەنلىكىم جىيەنىمگە ئايان . قۇللار قۇل پېتىچە قالسۇن دەپ يەنە بىر مەرتە قۇۋۋەتلەيمەن . ئۇلارنىڭ خەلىپىلىككە قانچىلىك بىباھا خىزمەتلىرى سىڭگەنلىكى ھەممىدىن كۆرە ئەمىر ۇلمۇسلىمىنغا ناھايىتىمۇ چۇشىنىشلىك . ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىز روناقى ۋە شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن قوشقان بىباھا تۆھپىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ئەمىر ۇلمۇسلىمىنمۇ ئۆز قۇللىرىنىڭ جان پىدالىقلىرىدىن مەمنۇن ئىدى .

ھارۇن رەشىدنىڭ چېھرى ئەسەبىيلىشىشكە باشلىغانلىقىنى سەزگەن شەيخ ئىسمائىل پارسلار ھەققىدىكى گەپنى بىر ئاز يانداپ ئۆتۈپ ، كېيىنرەك يەنە ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلاپ ، دېدى :

— بەرمەكىيلەرنىڭ نەپسى بۇزۇقلۇقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئىنساپتىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . دەرھەقىقەت ، ھەددىدىن زىيادە ئاچ كۆزلۈك — ئىنسانلاردىكى بىر چوڭ ئاجىزلىق ، بۇ ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن . ئادەمدىكى ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئەسلا چېكى يوق . ئىشقىلىپ ، كۆپرەك ، ياغلىقراق لوقمىنى ئۇزۇۋالسىلا بولغىنى . ئەمما ، ئىجازىتىڭىز بىلەن ئېيتايكى ، ۋەزىر ئاجىز ـ بىچارىلەرگە خەير ـ ساخاۋەت قىلاتتى . . .

خەلىپە گەپنى تاماملاشقا يول قويماي ، زەھەرخەندىلەرچە كۈلدى ، ئاندىن نەپسى بوغۇزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ خىتاب قىلدى :

— كۈلگۈمنى كەلتۈرمەڭ ، تاغا ! سىز مېنى پىچاقسىز سويۇۋاتىسىز ، تاغا ، پىچاقسىز ! ۋەزىرنىڭ ئاجىز ـ بىچارىلەرگە بەرگىنى — دەريانىڭ تامچىسى ، خالاس . بىزدىن يۇلۇۋالغان جىرىڭ ـ جىرىڭ ئالتۇنلار بەدىلىگە ئارىسالدى بولغانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى ، ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلغۇچىلارنى

ياللىدى ، قوغدىغۇچىلارنى كۆپەيتتى . ئەمدىلىكتە ، خاھ ئىشنىنىڭ ، خاھ ئىشەنمەك ، مەلۇم قۇدرەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ، سەلتەنىتىمىزگە قارشى باش كۆتۈرۈشى تۇرغانلا گەپ .

— لاھەۋلا ۋەلا قۇۋۋەتا . . . يا ئەلھەزەر ! — دېدى ياقىسىنى تۇتۇپ ئاقساقال .

— شۇبھىسىز ، تاغا ! چوقۇم شۇنداق بولىدۇ ! — گەپنى چورت كەستى ھارۇن رەشىد ، — بىرىنچى قەدەم تاشلىنىپ بولدى . ئۇنى ئەتىۋارلاپ ، بۇرادىرىم دەپ ئاتىغىنىم ئۇچۇن ئۇ دۆلەتنىڭ دۈشمىنى ئەلەۋىي بىلەن تىل بىرىكتۈردى .

— تىل بىرىكتۈردى ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى دۇئايى تەكبىرنىمۇ ئۇنتۇغان ئاقساقال ، — ئەجەبا ؟

— ئاللا ھەققى ، تاغا !

— بۇ تىل بىرىكتۈرۈشتىن مەقسەت نېمە ؟

— ئالدى بىلەن ئەلەۋىينى زىنداندىن ئازاد قىلدى . بۇنىڭغا ئۆزى ئىقرار بولدى . مانا شۇنداق گەپلەر . ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز ؟ بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس . ھەممىسى ئالدامچىلار ، مۇتتەھەملەر ! بەرمەكىيلەرنىڭ ھەممىسى كاپىر ! بىر دۆۋە ئەخلەت !

— زىنداندىن ئازاد قىلدى ؟ — تەكرار ئېيتتى ئاقساقال كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەردىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۇچۇن ۋاقىتنى ئۇتۇشقا تىرىشىپ ، — نېمە مەقسەت بىلەن بۇنداق باشباشتاقلىقنى قىلغاندۇر ؟ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم ، — ھارۇن رەشىدنىڭ پەيلى يېنىشىنى كۈتۈپ بىرئاز تىنىۋالدى ـ دە ، قوشۇپ قويدى ، — ئېھتىمال ، ئۇستاتلىقتۇر ؟ بەزىدە شەپقەت غەزەپتىن ئۇستۈن كېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ . بەزىدە ئۇرۇش ، بەزىدە بېشىنى سىلاش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ .

— بەس ، جاق تويدۇم ! — شەيخنىڭ گېپىنى كەستى

خەلىپە ، ــــ ئەلەۋىينى مەن زىندانغا تاشلىغانىكەنمەن ، ئۇ چوقۇم شۇ يەردە بولۇشى شەرت . ئاڭلاۋاتامسىز ، باشقا بىر يەردە ئەمەس ، دەل زىندانىنىڭ ئۆزىدە ! ۋەزىر مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا قويۇپ بەرگەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم !

ــــ ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، قۇللىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدە . بۇ ئاللانىڭ ھۆكمى ! ــــ ئۇنى قۇۋ-ۋەتلىدى ئاقساقال ۋە شۇئان ئىتىرازىغا ئېغىز ئاچتى ، ــــ لېكىن ، ۋەزىرنىڭ قەتل ئېتىلىشى ـ ئېتىلمەسلىكى باشقىلاردىن كۆرە ، ئەھلى دانىش سۇلتانغا ياخشىراق ئايان . ئەھلى دانىش سۇلتانى مەزكۇر سۆھبەت ئەسناسىدا ۋەزىر چەكسىز خەيرخاھ دېگەنىدى .

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى . ھەمسۆھبەتلەرنىڭ باشلىرى تۆۋەن سېلىنغان بولۇپ ، ئاقساقال ئەندىكىپ ، خەلىپە بولسا گويا پۇشتەك چالغاندەك بۇرنى بىلەن ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالاتتى . قەيەردىدۇر بىر قاپاق ھەرە ئادەمنىڭ غەشلىكىنى كەلتۇرگۇدەك غوڭۇلدايتتى . نىھايەت ، ھارۇن رەشىد بوشاشقان ھالدا بېشىنى كۆتۈردى ۋە مۇشكۇلاتتا قالغان ئادەمدەك ماجالسىز گەپ قىلىپ ، سورىدى :

ــــ تاغام ماڭا قانداق مەسلىھەت بېرەركىن ؟

ــــ ئەھلى دانىش سۇلتانىغا ئەقىل ئۆگىتىش مۇشكۈل ئىش ، ــــ قەددىنى كۆتۈرۈپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى شەيخ ئىسمائىل ، ــــ مېنىڭچە بولسا ، بەرمەكىيلەرنى ھەر تەرەپكە تارقىتىپ ، خەيرخاھلىق قىلىدىغانلاردىن ئۇلارنى ئاجرىتىپ تاشلاپ كۈچىنى قىرقىماق لازىم .

ــــ قانداق قىلىپ ؟ قەتل ئېتىشكە ئۆزۈمنىڭمۇ ئانچە رايىم يوق . قەتل ــــ ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇشى مۇمكىن . پىكرىڭىزنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن مەن قەتل توغرىسىدا سۆز

ئاچتىم .

— ۋەزىر باغدادتىن يىراقراق يەرگە ئەۋەتىلىپ، بىرەر چوڭراق ئەمەلگە تەيىنلەنسە يامان بولماس ئىدى ، — تەكلىپ بەردى ئىھتىياتچانلىق بىلەن شەيخ ئىسمائىل ، — بەلكىم شۇندا جاھان پايتەختىدە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈشى مۇمكىن .

— خۇراسانغا يوقالسۇن ! — دېدى ھارۇن رەشىد . ئۇنىڭ ئاقساقالغا قادالغان كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاقنايتتى ، — بۇرادىرىم جەفەرگە خۇراسان ۋىلايىتىنى ۋەدە قىلغانىدىم ، شۇ تەرەپكە راۋان بولسۇن . ئۇ كەتكەندىن كېيىن بەرمەكىيلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز . گەپلىرىم توغرىمۇ ، تاغا ؟

— ئۆز قارارىنىڭ نەقەدەر ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئەمىرۇلمۇسلىمىن دەڭسەپ كۆرەر .

— ئەمرۇ پەرمانىمىز ۋە قارارىمىز زامان ئەھلىگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىبرەت بولۇپ قالغۇسى ، ئاللاھۇئەكبەر ! — خۇددى دۆلەت مەجلىسلىرىدىكىدەك تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلدى خەلىپە ، — قارارىمىز شۇ ، تاغا ! ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەر توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنماسلىق شەرت ، چۈشىنىشلىكتۇر ؟

— ئەجەبا شۇنىمۇ چۈشەنمىسەم ، جىيەن ؟ — جاۋاب قىلدى ئاقساقال ، — ئاغزىمدىن چىقارسام ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچراي !

خەلىپىنىڭ تەختتە تاقەتسىزلىك بىلەن قىمىرلىغانلىقىنى سەزگەن ئاقساقال ئۇنى خالىي قالدۇرۇش لازىملىقىنى پەملەپ ئورنىدىن تۇردى . «قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇنىڭ بىلەن خۇشامەتسىز مۇئامىلە قىلىش ناھايىتى قىيىن ، — كۆڭلىدىن كەچۈردى ئۇ ، — شۇندىلا ئۆز ھاياتىڭ ۋە ئۆزگىلەر ھاياتىدىن خەۋپسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ، مېنى داغدا قال-

دۇرمىسىلا بولاتتىغۇ؟ ھەممىنى تەڭ كولدۇرلىتىۋات-
مايدىغاندۇر؟»

## 52. شەيخ ئىسمائىل ۋە ۋەزىر جەفەر ئىبن يەھيا ئەل - بەرمەكي

ساھىبى قۇدرەت ئەمىر ۇلمۇسلىمىنىنىڭ — ئاللا ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغاي — ۋەزىرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن قىرىنداشلارچە ئۇزۇن سۆھبەت قۇرغانلىقى، جەفەر ئىبن يەھيا خوشلىشىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، كەينىدىن قىممەت باھالىق سوۋ-غا - سالاملارنى ئەۋەتكەنلىكى، تارتۇقلار ئارىسىدا ئەڭ نازۇك مۇئامىلىلەرگىمۇ ئۆگىتىلگەن، خەت - ساۋاتى بار، ھېساب - كىتابقا ماھىر گۈزەل ۋە نەۋقىران قۇلمۇ بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى جاسۇس ۋە ئايغاقچىلار شامال تېزلىكىدە ھەر تەرەپكە تارقاتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، دۆلەت مەجلىسىدە جەفەر ئىبن يەھيانىڭ خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ نائىبى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئالىي پەرمان تەنتەنىلىك ئېلان قىلىندى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شەيخ ئىسمائىل چەكسىز سۆيۈندى: خەلىپىلىكنىڭ ئىككى مۇھىم ئەربابى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلاندى، ئەمىر ۇلمۇسلىمىن قىساسخورلۇق نىيىتىدىن قايتتى، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ھەرھالدا ئەقىل - ئىدراك غالىب كەلمەكتە ئىدى.

دۆلەت مەجلىسى تامام بولغاندىن كېيىن، جەفەر ئىبن يەھيا بەرمەكي خانىدانى ۋە سارايلىرى جايلاشقان شەمەسسىيە رايونى تەرەپكە يول ئالدى. سارايلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىكرەكى يەھيا ئىبن خالىد تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، بىرى بەرادان دەرۋازىسى يېنىدا ، يەنە بىرى شەمەسسىيە دەرۋازىسى ئەتراپىدا ئىدى . ئىككىنچى ساراي ۋەزىرنىڭ قارارگاھى ھېسابلىناتتى . سارايىنىڭ ھەشەمەتى ۋە ئەپسانىلاردىكىدەك بېزىلىشى ھەققىدە شائىر ئەبۇل ئەتەخىيە : «ئىران شاھلىرىنىڭ سارىيى بايلىق بابىدا ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەس !» دېگەنىدى . خەزىنە ۋە بايلىقلارنىڭ موللۇقى ئەبەدىيەت قەسرى ، زۇبەيدە ۋە مۇھەممەد ئەمىن سارايلىرىدىن قېلىشمايتتى . ئۆز قارارگاھىغا قايتقان جەفەر ئىبىن يەھيا سەپەرگە ھازىرلىق كۆرۈشكە پەرمايىش بەردى . شەمەسسىيە رايونى قوزغىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى : ئاتلىقلار كېلىپ ـ كېتىشەتتى . خىزمەتكار ۋە قۇللار يۈگۈرۈپ ـ چېپىپ يۈرۈشەتتى . ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر باغداد ئەتراپىدىكى نەخرەۋاندا توپلىنىشتى . كېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە يىغىلىپ ، خۇراسانغا نەخرەۋاندىن يولغا چىقىش قارار قىلىندى . ئۆزىتىش مۇراسىمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان تەنتەنىلىك زىياپەتنىڭ تەييارلىقى قىزىپ كەتكەنىدى .

خەلىپىنىڭ بۇنداق كۆتۈلمىگەن ھەم بىمەھەل قىلغان لۈتپۇ ئىنايىتى ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈشكە ۋەزىرنىڭ زادىلا ۋاقتى يوق ئىدى ، بۇ گەپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئەرزىمەيتتى ! بۇنىڭسىزمۇ ھەممە ئىش ئېنىق ئىدى : ئەبباسە ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىشىدىن ھارۇن رەشىد ھازىرچە بىخەۋەر ، تېزرەك ھەرىكەت قىلىش كېرەك ! كۆتۈلمىگەن پالاكەتنىڭ تۇيۇقسىز چاڭگال سېلىشىنىمۇ يىراق دېگىلى بولمايدۇ ، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇنىڭدىكى ، خۇراسان نائىبلىقى توغرىسىدىكى لۈتپۇ ئىنايەت خەلىپىنىڭ خۇش كەيپ ۋاقىتلىرىدا ئەمەس ، بەلكى ئارىدا نىزا ، يوشۇرۇن غەزەپ ـ نەپرەت پەيدا بولغان ۋاقىتلىرىدا بارلىققا كەلدى . بولۇپمۇ ، ئەلەۋىينىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن كېيىن ، خۇراسان توغرۇلۇق ئويلاشمۇ قىيىن

بولغان بىر شارائىتتا بۇنچىلىك كەڭ قوللۇق قىلىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. خەير، بۇنىڭغا ھەم شۇكۇر! ئەمىر ۋەلمۇسلىمىن بەرمەكىيلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن، ئۇنى تەختتىن تاۋۇتقا يىقىتىۋېتىشىدىن ئۆلگۈدەك خەۋپسىرەيتتى. باشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ھەي بىچارە، رەزىل، قورقۇنچاق شاھ! ئۆز ئىشىنىڭ بىلىمدانلىرى بولغان بىزدەك ساداقەتلىك ئەئيانلارسىز ھالىڭ نە كېچەركىن، كۆرەرمىز. جەفەر ئىبىن يەھيا بىدىكنى چاقىرىپ، تاڭ يورۇش بىلەنلا شەمەسسىيە سارىيىنى ئۆمۈرلۈك تەرك قىلىدىغانلىقىنى، نەخرەۋاندا ئۆز ھىمايىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ، شۇ يەردىن خۇراسانغا يۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

خەلىپە تارتۇق قىلغان قۇل ئۇن - تىنسىزغىنا كىرىپ كەلدى.

— سۆزلە!

— خوجام! ساماۋي مېھمانخانىدا سىزنى شەيخ ئىسمائىل ئىبىن يەھيا ئەل - ھاشىمىي كۈتمەكتە.

— ماقۇل، ماقۇل، ئاخىر خەيرلەشكىلى كەپتۇ - دە! — ئويلىدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن ھەم قۇل ئېچىپ قويغان ئىشىك تەرەپكە يول ئالدى.

خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ نائىبى ئاقساقالغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن ئېيتتى:

— مەرھابا، شەيخ ئىسمائىل ۋە رەھمىتۇللاھ ئالەمىن! تەشرىپىڭىز بىلەن بىزنى چەكسىز خۇرسەن قىلدىڭىز. قەدەملىرىڭىزگە تەشەككۇر، ھاشىمىيلار ئاقساقىلى! بەرمەكىيلەرنىڭ قىممەتلىك مېھمىنى، ياشىنىپ قالغىنىڭىزغا قارىماي، جاپا چېكىپ قوغلاندى بىر گۇمراھ ۋەزىرنى يوقلاپ كەپسىز، بېشىمىز ئاسمانغا تاقاشتى! — ئاقساقالنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ، قوشۇپ قويدى، — ئەپسۇسكى، ئاسماننى بۇلۇتلار

قاپلىغان ، كۆڭلىمىز سۇنۇق ، قەلبىمىز قايغۇغا تولغان بىر پۇرسەتتە ئۇچرىشىپ قالدۇق . بۇ ئاخىرقى كۆرۈشۈش . ئەتە جاھان پايتەختىنى تەرك ئېتەرمەن .

ئۇلار ئايرىلىش ھەسرىتى ، بىر - بىرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ھەققىدە ئازراق پاراڭلاشتى . شەيخ ئىسمائىلنىڭ قوللارغا قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن جەفەر ئىبن يەھيا ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى .

— سېنى قۇتلۇقلايمەن ، بەرمەكىي ! — دېدى شەيخ ئىسمائىل ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە ساقلىنى تاراپ ، — خەلىپە ساڭا بىباھا تارتۇق ئىنئام قىلدى ! خۇراسان ۋىلايىتى باي ۋە بىپايان . سەن پەزىلەتلىك ۋە ئالىي ھىممەت ئادەمدۇرسەن ! خەلىپىگىمۇ لايىقىدا مىننەتدارچىلىق بىلدۈرمەمسەن ؟ ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىنگە ، باغداد يېنىدىكى ، ھېچبولمىسا ، دەجىل بويىدىكى قىشلاقلىرىڭدىن نەچچىسىنى تارتۇق قىلساڭ ئالىيجاناب ئىش بولار ئىدى . ئۇلارنىڭ ساڭا ئۇنچە زۆرۈرىيىتى يوققۇ ! بۇنداق ھاتەمتايلىق ئەمىرۇلمۇسلىمىن ئالدىدا ئابرۇيىڭنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولاتتى .

جەفەر ئىبن يەھيا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى . ئۇ خىيال سۈرەتتى . ئاقساقال خەلىپىنىڭ ئۇندىشى بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلغاندەك تۇراتتى . خەلىپە ئارقىسىغا چېكىنىپ ، سۇلھى يولىنى ئىزدىمەكتە ! ناھايىتى ياخشى ! بۇ ھالدا باغدادتا قېلىشقا توغرا كېلىدىغۇ . ياق ، بۇ بىر پاجىئەلىك ھالاكەت بولىدۇ . ۋاي خۇدايىم ، ئوغۇللارنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە ، سىر ئېچىلىش خەۋپى بار . ئەنە شۇ مۇشكۈلات بولمىغىنىدا ، جەفەر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نۇرغۇن كىشىلەرگە كۆرسىتىپ قويغان بولار ئىدى .

ياق ، سۇلھى قىلىشنىڭ ئىلاجى يوق .

قاشلىرىنى يىمىرىپ گەپ باشلاپ ، ئاچچىق - ئاچچىق سۆزلەۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرغان ۋەزىر بۇنىڭغا كۆپ يىللار

مابەينىدە قەلبىدە يىغىلغان دەرد ـ ئەلەم سەۋەبچى دەپ قارايتتى .

— جىيەنىڭىزنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان دۇنيا دەپنە دۆۋىلىرى ئەسلىدە مەن قىلغان تىرىشچانلىق — ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسىز ، ئەي مۆھتەرەم شەيخ ! خەلىپىلىكنىڭ بارلىق بىساتلىرى ، قۇدرىتى ، ئۇلۇغۋارلىقى ۋە شان ـ شۆھرىتى بەرمەكىيلەر ئىش ـ پائالىيىتى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىسىز . بۇنداق جان پىدالىق ، ئىش ـ پائالىيەتلەر ۋە ياخشىلىقلارنىڭ بىرەرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىمۇ ؟ خەلىپە مېنى باغدادتىن سۈرگۈن قىلماقتا . بوپتۇ . بۇنىڭغىمۇ مەيلى ، ئۆزۈممۇ ئىقرار . بۇمۇ يەتمىگەندەك ، ئەمدى قېرىنداش ـ ئۇرۇقلارغا قالدۇرۇۋاتقان يەر ـ سۇلارنىمۇ تارتىۋالماقچىمۇ ؟ توغرا ، بۇ مۈلۈكلەر ھېچنېمە ئەمەس . ئەمما ، خەلىپىگە بىرەر قىشلاقنى ، ھەتتا ئەڭ تاشلاندۇقنىمۇ تارتۇق قىلمايمەن . بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىسىڭىز ياخشى بولار ئىدى . بولمىسا ، ئىككى ئارىدا يەنە نىزا چىقىشى مۇمكىن . ئوچۇق سۆزۈم شۇ !

شەيخ ئىسمائىلنىڭ شەمەسسىيە سارىيىدا قىلىدىغان باشقا ئىشى قالمىدى . ئورنىدىن تۇرۇپ خەيرلەشتى ، جەفەر ئىبن يەھيا ھۇزۇرىغا بىكار كەپتىمەن ، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىدى . ئادەتتە ، ۋەزىر بۇ پېشقەدەم ھاشىمىينىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى . شەيخ ئىسمائىل بۈگۈنمۇ شۇنداق بولۇشىدىن ئۈمىدۋار ئىدى . بىراق ، بۇنداق بولۇشنى ئاللا نېسىپ قىلمىدى ! ھەممىسىغۇ مەيلى ، ئىشقىلىپ ، سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويدىمىكىن ، دەپ خەلىپە گۇمانلانمىسىلا بولغىنى .

مۆھتەرەم شەيخ ئىسمائىل ساماۋىي مېھمانخانىنى تەرك ئېتىشى بىلەن جەفەر ئىبن يەھيا ئەپسۇسلىنىپ ، «چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتىممۇ ـ قانداق ؟ ئىشقىلىپ شەيخ ئىسمائىل ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆزلەرنى ئېيتمىغاي ـ تىمىتماي

ئەمىر ۋلمۇسلىمىنغا يەتكۈزمىسىلا بولاتتىغۇ !» دەپ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى .

— قىچىش كىرەك ! ئىمكان بار تېزرەك قىچىش كىرەك . . . — ئۇ ئۆزىچە پىچىرلىدى ۋە چاۋاك چالدى . خامدان كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا تېزلىك بىلەن ئەبباسە سارىيىغا بېرىشنى بۇيرۇدى .

— مەلىكىگە نېمە دەيدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇڭمۇ ؟ — سورىدى گېپىنىڭ ئاخىرىدا جەفەر ئىبن يەھيا ، — بۇ نۆۋەت گەپنى ئاغزاكى يەتكۈزىسەن .

— ئۇقتۇم ! ساھىبدۆلىتىم ، ھەممىسىنى ئۇقتۇم .

## 53 . ئەبباسە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئۇرجۇئان

ئەبباسە خۇراساندا ئۆتىدىغان ئاسايىشلىق كۈنلەر ھەققىدە خىيال سۈرەتتى . ئېرى ، ئوغلانلىرى يېنىدا ، باشقا ھېچكىمنىڭمۇ كېرىكى يوق . ئاھ ، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر . . . ئۇلار كىچىككىنە قەلبىنى شۇنچىلىك چۇلغىۋالىدۇكى ، ئاخىر باشقا چىقىدىغان بالا بولىدۇ !

«مۇبادا ئاكام ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەر بارلىقىنى بىلىپ قالسا نېمە بولۇپ كېتەر ؟» دېگىنىچە خىيال ئالەمىدىن رېئاللىققا قايتىپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويدى ئۇ . سىر ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەك بولسا ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈپ تۇرغان پاجىئەلەر ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئويلاردىن ۋەھىمىگە چۈشتى : «ئۆز پاناھىڭدا ساقلا ، ئەي ئاللا ! ئاكام غەزەپ ئېتىغا مىنىدىغان بولسا ھېچكىم ئامان قالمايدۇ .»

ئەبباسەنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە چىرمىۋالدى . ئىككى كىشى ئۆز ئارا شىۋىرلىشىپ گەپلەشكۈدەك بولسا ، دەرھال

گۇمانلىنىۋاتتى ، ئۇلار گويا ئەبباسەنى تۇتۇپ ، زىندانغا تاشلاش ھەققىدە تىل بىرىكتۈرۈۋاتقاندەك ئويلايتتى . سارايغا ئاتلىقلار توپى يېقىنلاشسا ، مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدى دەپ خەۋپسىرىگىنى خەۋپسىرىگەنىدى . پەقەت خەتىبەلا مەلىكىنى يوپۇتۇپ ، دىلىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى .

— خەلىپە ۋەزىرنى مېھرىبانلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ، ئەبۇل ئەتەخىيە يوق قىلىندى ، سەيىيدە ! مەجلىس جەفەر ئىبنى يەھيانى خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ نائىبى قىلىپ تەيىنلىدى ، ئاخىر مۇرادىمىزغا يەتتۇق ! كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، شەمەسسىيە سارىيىدا سەپەرگە قىزغىن تەييارگەرلىك كۆرۈلۈۋېتىپتۇ . . .

ئەبباسە خەتىبە بىلەن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يوپۇتۇشلىرىغا زورمۇزور كۇلۇپ قوياتتى ، ئۇ ئۆز كۆڭلىنى ھەتتا چىراغ ياقسىمۇ يورۇمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى ، دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى . ۋۇجۇدى قېتىپ قالغاندەك ھېچقانداق سېزىم يوق ئىدى . پەنجىرىدىن ئېگىلىپ يولغا تەلمۈرەتتى . سەپەر خۇشاللىقى ئۇنىڭغا تېتاتتىمۇ ! مەجلىس قارارىدىن نېمە پايدا ؟ ئۇچ كۈندىن بېرى ۋەزىرىدىن ئىز - دېرەك يوق . ئەبباسەنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمىكىنە ؟ نەخرەۋان تەرەپكە ئارقا - ئارقىدىن ئاتلىقلار ئۆتۈپ تۇراتتى . توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى خۇراسان چاپارمىنى سىياقىدا كىيىنىپ قەسىر تەرەپكە كېلىۋاتقان بىرىگە چۈشتى . سىنچىلاپ قارىدى - دە ، دەرھال تونۇدى — خامدان !

خەتىبەنى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدۇردى .

— ئۇنىڭدا ۋەزىرنىڭ مەكتۇپى بار ، چاپسان بول !

ئۇ پەنجىرىگە يۆلىنىپ كېنىزەكنى كۆزەتتى . ئەنە خەتىبە پەسكە چۈشتى ، ئايلانما پەنجىرىدىن سىرتقا چىقتى ، يولنى بويلاپ يۈگۈرمەكتە . ئەنە ئۇلار ئاخىر ئۇچراشتى . ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ نېمە بولغىنى ؟ ! خامدان ھېچ نەرسە بەرمىدىغۇ ؟

www.uyghurkitap.com

نامه دېگەندىن ھېچقانداق ئەسەرمۇ يوق ! نېمە بولدىكىنە ؟ ! ئۇلار سۆزلەشكىنىچە ساراي تەرەپكە بىللە كەلمەكتە . . . يائاللا !

ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەبباسە ئالدىدا ئېگىلىشىپ تۇرغان خەتبەنى ، ئۇنىڭ يېنىدا كۆيۈپ - پىشىپ گەپ قىلىۋاتقان خامداننى ئىلغا قىلدى ، ئۇنىڭ بوغۇق ۋە قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىدى :

— قايغۇرۇپ كەتمەڭ ، سەييىدە ، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق .

سەييىدەنىڭ نېمە تەشۋىشتە ئىكەنلىكىنى ئۇ قانداق بىلسۇن .

— نەخرەۋانغا بېرىشىڭىز كېرەك ، سەييىدە ، ۋەزىرمۇ شۇ يەرگە كېلىدۇ .

سەييىدە ئۆزىنى تۇتالماي ئېيتتى :

— نېمىشقا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كەلدىڭ ؟

— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ، كەيپىياتىمۇ جايىدا . سىزگە ھەم شۇنداق تىلەكنى يوللىدى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ ! — ئەبباسە قولىنى سىلكىگىنىچە خەتبەگە ئۆرۈلدى ، — بىز ھەسەن بىلەن ھۇسەيىننى ئالماي باغدادتىن كېتەلمەيمىزغۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— ئىشەنچلىك كىشىلەر بالىلارنى ھىجازدىن ئېلىپ توپتوغرا خۇراسانغا يەتكۈزىدۇ ، — دېدى ھازىرجاۋابلىق بىلەن كېنىزەك ، — گېپىم توغرىمۇ ، خامدان ؟

— توغرا ، ناھايىتىمۇ توغرا ، قىزىم ، — تەستىقلىدى قېرى خىزمەتكار .

— قايسى ۋاقىتتا بېرىش كېرەك ؟

— تاڭ يورۇغان مەھەلدە ، سەييىدە .

— مۇبادا شائىر سىرنى ئاشكارىلاپ قويغان ھالەتتىمۇ بىز

باغدادتىن يىراقلاپ كېتىپ بولىمىز ، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى ھېچكىم ئىزدەپ ئۇلتۇرمايدۇ ، — دېدى خەتىبە .
— نەرسە - كېرەكلەرنى ئازراق ئېلىڭلار ، — دېدى خامدان يول كۆرسىتىۋاتقان ئاھاڭدا ، — باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن خىزمەتكارلار بىر - بىرلەپ يولغا چىقسۇن ، كېنىزەكلەرچە كىيىنىپ خەتىبە بىلەن مېڭىڭلار .
ئەبباسە ناھايىتىمۇ تېز ۋە قەتئىي قارارغا كەلدى .
«دېمەك ، جەفەر مېنى ئۇنتۇماپتۇ ! — دېدى ئەبباسە ئىچىدە سۆيۈنۈپ ، — ئەجەبا ، شۇ ئارزۇلار رويايقا چىقسا ؟ مەن سەپەرگە تەييار ! ھەتتا ناخشىچى قىزلارنىڭ بويالغان لىباسىدا بولسىمۇ مەيلى ! »
خامدان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنە بوشاشتى . خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى . نېمىلا دېگەنبىلەن ئاياللار ھامان ئۆز ھېسسىياتىنىڭ قۇلى - دە . ئەبباسە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە سارايىنىڭ ئىچىنى كېزەتتى . ئۇ كۈن چۈشمەيدىغان تار ئۆتۈشمە يوللارنى ، دائىم سالقىن تۇرىدىغان تۈۋرۈكلۈك ئايۋانلارنى ، كىچىككىنە ئىچكى ھويلىلارنى ، راۋاقلارنى ، تاماقخانىلارنى ، ھۇجرىلارنى ، مېھمانخانىلارنى بالىلىقتىن تارتىپلا ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرەتتى . خىزمەتكارلارغا ، سالقىن باغلارغا ، ئۇلۇغۋار دەجلە دەرياسىغا ئۆگىنىپ قالغانىدى . ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كۆز يۇمۇپلا كەچمەك كېرەك ، ھەممە نەرسىنى تاشلاپ كېتىش لازىم . . . بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ نېمىشقا ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرىدى ؟ ئۇرجۇئان باشلىق خىزمەتكار ۋە قۇللارنىغۇ بىرىنى قالدۇرماي ھەممىسىنى ئېلىپ كېتەر . لېكىن ، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ - دە . . . ۋاھ خۇدايىم ، ئاكىسى توساتتىن سىردىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىپ ، خۇراسانغا لەشكەر

تارتسچۇ؟ نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە...

خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ئەبباسە تۇگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەتىبەنى توختىتىپ:

— «ئۇرجۇئان قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. خەتىبەنىڭ يۈزلىرىنى چاڭ ـ توزان ۋە قارا تەر بېسىپ كەتكەنىدى.

— يۇك ـ تاقلارنى جايلاشتۇرۇۋاتقان خىزمەتكارلارنىڭ يېنىدا!

— ئۇنى چاقىر!

بەربەر ئەرەبلىرىدىن بولغان تاختا قۇل دەرھال ھازىر بولدى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئورۇق، شادا پاچاق بولۇپ، تىزلىرى ئالدىغا پولتىيىپ چىققان، بالىلىقىدىلا ئاختا قىلىۋېتىلگەن بولغاچقا كوسا ئىدى. بالىلىقىدا ئاختا قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئېنىق يېشىنى بىرنېمە دېيىش قىيىن ئىدى. سىرتتىن قارىماققا ئوتتۇز بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقانىدى. ئاختا قۇل مەنسۇر سارىيىدا چوڭ بولدى. ئەبباسە تۇغۇلغاندىن كېيىن، قىزچاقىقا بالا باققۇچى ئورنىدا ئىنىكئانىلىق قىلدى. ئانىسى شىمالىي ئافرىقا بەربەرلىرىدىن بولغان خەلىپە مەنسۇر ئۆز يۇرتداشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى.

— مەن بىلەن كېتەمسەن، ئۇرجۇئان؟ — سورىدى ئەبباسە كىچىكىدىنلا كۆزىگە سىڭىپ قالغان قارامتۇل كوسا چىرايىغا قاراپ.

— سېنىڭ خاھىشىڭ مەن ئۈچۈن پەرز! — جاۋاب بەردى بەربەر. سەيىدەنىڭ تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ياشلاندى، — سېنىڭ سادىق قۇلۇڭمەن، سەيىدەم!

— بىزنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمسەن؟

— ماڭا بەربىر! ھەتتا ئۇ دۇنياغا بولسىمۇ مەيلى!

— ئەي ئاللا ، ئۇ دۇنيانى ئەمەس ، بۇ دۇنيانى ئۆزۈڭ نېسىپ قىلغايسەن ! — دېدى ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان ئەبباسە پىچىرلاپ .

## 54 . ھارۇن رەشىد سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ھۇزۇرىدا

خەلىپە بەزىلەرگە بەكرەك ، بەزىلەرگە بوشراق ئىشىنەتتى ، ئەمما ھېچكىمگە كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتمايتتى ، شەيخ ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، كۆپرەك سۆزلەپ قويدۇممۇ نېمە ، دەپ ئويلاپ ، تامامەن ئەكسىچە ئىش تۇتۇشقا كىرىشتى . «بوپتۇ ، تاغام ۋەزىرگە خۇراسان تارتۇق قىلىندى . ئەلەۋي ۋەقەسى كەچۈرۈم قىلىندى ، دەپ ئويلاپ قېلىشەرسۇن . بوپتۇ ، بەرمەكىيلەرمۇ خالىغانچە دەۋران سۈرۈۋېرىشسۇن ! ۋاقتى كەلگەندە . . . شۇنچىلىك ھەيرەتتە قالىسىزكى ، تاغا ، يېشىڭىز شۇ يەرگە يېتىپ ، بۇنچىلىك ياقا تۇتمىغان بولۇپ چىقىسىز . »

ئىشىكئاغىسى بولغان ئاختا قول كىرىپ يەر ئۆپقاندىن كېيىن ، خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان خەلىپىگە كۈمۈش پەتنۇس تۇتتى ، خەلىپە پەتنۇستىن مەكتۇپنى ئالغاندىن كېيىن ، يەردىن باش كۆتۈرمەي ، كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

ھارۇن رەشىد مەكتۇپنى ئاچتى . ئۇ مەخپىي مەكتۇپ كۈتمەكتە ئىدى . جەفەر ئىبن يەھياغا تارتۇق قىلىنغان قول ساۋاتلىق ، ھېساب ـ كىتابقا ۋە نازۇك مۇئامىلىگە پىششىق بولغاندىن تاشقىرى ، ئىنتايىن سەزگۈر ماراقچى ، مەخپىي كۆزىتىش ، يوشۇرۇن تۆشۈكلەرنى ئېچىپ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ ماھىر قىلىپ تەربىيىلەنگەنىدى .

بىر خىل ئۆلچەمدە يېزىلغان ھۆسنىخەتنى كۆرۈپ

ئەمىر ۇلمۇسلىمىن قانائەتلەنگەندەك نەپەس ئالدى. ھىيلە-نەيرەڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپتۇ. خەلىپە مەكتۇپنى ئوقۇشقا تۇتۇندى. مەكتۇپتا جەفەر ئىبن يەھيا بىلەن شەيخ ئىسمائىل ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەر تەپسىلي يېزىلغانىدى. خەلىپىنىڭ يۈزى پۈرۈشۈپ، پېشانىسى قورۇلدى.

«ۋەزىر شۈنچىلىك ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن پەسلىك قىلىپ، ماڭا ھاقارەت ياغدۇرۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ-دە. تېخى باغدادتا تۇرۇپ مۇنچىلىك ھۈنەر كۆرسەتمىۋاتقان يەردە، ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ئاھالىسى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان خۇراسانغا بېرىۋالغاندىن كېيىنكى ئۇنى تۇتۇشقا قولۇم يەتمەيدىغان كۈنلەردە ماڭا قانداق بولمىغۇر ئىشلارنى كۆرسەتمەر؟» خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇمايلا خىيالغا چۆمدى ھارۇن رەشىد. ئۇ ئايۋاندىن سەكرەپ تۇردى - دە، بىتاقەت ھالدا فونتانلىق كىچىك ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ، خۇددى تولغاق تۇتقان ئايالدەك ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى. «شەيخ ئىسمائىل بىلەن يەنە بىر نۆۋەت مەسلىھەتلىشىپ باقسامچۇ؟ ئاخىر، قانداق قارارغا كېلىش — خەلىپىلىكنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى دېگەن گەپقۇ! ئۇنىڭدىن بىرەر توغرا مەسلىھەت، ھېچبولمىغاندا، بىرەر ئېغىز ئاقىلانە گەپ چىقىپ قالار . . . ئاقساقال ۋەزىر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ماڭا مەلۇم قىلىشنىمۇ لازىم كۆرمىدى! ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشتىن نېمە پايدا؟ گەپنى چەلكەش قىلىپ، ئۆردەككە ئوخشاش سۇ يۇقتۇرمايدۇ. كەسكىن تەدبىرلەرگە ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ياق، ئەمدىلىكتە بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق! قېنى ئەمدى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئارىسىدىن گەپكە ئۇنايدىغان بىرەرى تېپىلسا ئىدى. زۇبەيدە! توغرا، زۇبەيدە نېمىشقا ئېسىمدىن كەچمىگەندۇر؟ ئۇنىڭ بەرمەكىيلەرنى كۆرەرگە كۆزى يوققۇ! توغرا، ئۇ ماڭا

مەدەتكار بولغۇسى . . .»

ئىككى مەرتە چاۋاك چېلىندى .

كۆن نۇرى دەجلىنىڭ بۇرۇلۇشىدىكى قاپتالىنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەندە ، ئەبەدىيەت قەسرىدىن شۇمشەيگەن ئىككى ئاتلىق چىقىپ كەتتى .

— بىرىنىڭ كاللىسى كېتىدىغان ئوخشايدۇ ! — دېدى قاراۋۇل بەتبەشىرە هالدا ئاتتا غادىيىپ ئولتۇرغان مەسرۇرغا كۆزى چۈشۈپ .

ئاي چىقىپ ، شەهەر ئەتراپىدىكى چىگدالغان يول يورۇدى . مۇرىسى كەڭ پەرغانىلىققا كۆزى چۈشكەن يولۇچىلار (باغدادتا ئۇنى كىم تونۇمايدۇ دەيسىز ) چۆچۈپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى . ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەسكى ئەباغا ئورىلىۋېلىپ ، «خوجايىنى» غا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قېچىرىنى نىقتاۋاتقان «خىزمەتكار» غا بولسا هېچكىم پەرۋا قىلمايتتى .

قونارجا قەسرىنىڭ قاراۋۇللىرى كەلگۈچىلەرنىڭ نېرى - بېرىسىنى سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى . جاللات بىلەن نېرى - بېرى دېيىشمەكنىڭ ئۆزى ئەخمىقانىلىك ! دەرۋازىلار ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى .

پەرغانىلىق بىللە كەلگەن «خىــــزمەتكار» سەل سۆرەلمىلىك قىلىۋىدى ، «خوجايىنى» مۇرىسىگە مۇشت سالدى .

— جاللاتنىڭ جازاسى شۇ ! — دەپ غودۇڭشىدى ئۇنى مەسرۇرنىڭ ياردەمچىسى دەپ ئويلىغان قاراۋۇل .

خالىي يەرلەردىن مېڭىپ ئادەتلەنگەن مەسرۇر باغنىــڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ دېدى :

— مېنى كەچۈرسىلە ، ئالىيلىرى !

— دەرهال زۇبەيدەنىڭ يېنىغا بار ! — دېدى هارۇن رەشىد ئېغىر تىنىۋېتىپ ، ئۇچىسىدىكى قوپال ئەسكى ئەبانى

www.uyghurkitap.com

يېشىپ تاشلىدى . قېچىر مىنىۋالغان ئەسلى ئۇ ئىدى .

ئۇ زامانلاردا خوتۇنلارنىڭ خاس ھۇجرىسىغا خەۋەر بېرىپ قويماستىن كىرىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى . خوتۇن ئۆز ئېرىنى ياسىنىپ ــ تارىنىپ ، كىيىنىپ ــ جابدۇنۇپ ، پەرداز ــ گىرىملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۈتۈۋېلىشى شەرت ئىدى .

ئارىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن خەلىپە يوشۇرۇن ئىشىككە قەدەم قويدى . كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىدىن كۆزلىرى قامىشىپ قالدى . زۇبەيدە ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانىدى . زۇبەيدەنىڭ لەئلىدەك لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئوينايتتى . خەلىپىلىكنىڭ سەييىدەسى تېخى يېقىندىلا ئۆز ئوغلىنى كۈتۈۋالغان مېھمانخانىدا يۈزلىگەن خۇش پۇراق شاملار يېنىپ تۇرغان بولۇپ ، ئۇلاردىن تارقىغان نۇرلار ئالتۇن تاقىنچاقلارغا ، بىلەزۈكلەرگە ، جاۋاھىر تىزىقلارغا چۈشۈپ ۋال ــ ۋۇل قىلىپ يالتىراپ ، خۇددى ئەپسانىلەردىكىدەك ئاجايىپ بىر گۈزەللىك پەيدا قىلغانىدى . ھارۇن رەشىد سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ، ۋۇجۇدىدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەزەپكە قارىماي ، ئوچۇق چىراي بىلەن تەبەسسۇم قىلدى .

ــ مەرھابا ، ئەمىرۇلمۇئمىنىن ، مەرھابا ! ــ دېگىنىچە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى زۇبەيدە . ئېرىنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇمدىن ئۆزىنى يوقىتىپمۇ قويمىدى ، خۇپپىيانە ھالدا تاشلانغان ھەجۋىي شېئىر ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكىنىدىن مەمنۇن ئىدى ، ــ مۇبارەك قەدەملىرىدىن بېشىم كۆككە تاقاشتى . نېمە بۇيرۇيلىكىن ، ئىچىملىكمۇ ياكى شىرىنلىكمۇ ؟

ھارۇن رەشىد جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ بوينىنى بېزەپ تۇرغان ، ناھايىتىمۇ يۇقىرى سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن جاۋاھىر تىزىقلىرىغا ، نازۇك چاچ قىسقۇچلىرىغا ھەۋەس بىلەن باققاندىن كېيىن ، پۇتىغا قاراپ ، پۈتۈن خەلىپىلىككە مەشھۇر بولغان ئالماس قادالغان ئايىغىنى ماختاپ قويدى ، ئاندىن بۇ

يەرگە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى .

— مېنىڭ قېشىمغا خەيرلىك ئىشلار بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلغايلا ، — بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىرىپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب قىلدى زۇبەيدە ، — ئاللانىڭ ئەمرى شۇنداق ئىكەن ، لۇتپۇ كەرەمدىن ئۈمىدۋارمەن .

هارۇن رەشىد قول ئەكەلگەن خەتنى قوينىدىن ئېلىپ رەپىقىسىگە ئۇزاتتى . زۇبەيدە خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، خەلىپە :

— سەن مېنىڭ ھەم خوتۇنۇم ، ھەم تاغامنىڭ قىزىسەن ، ئەڭ يېقىن كىشىمسەن ، — دېدى ، — مەن ئۇ ناكەسكە شۇنچە چوڭ ۋىلايەتنى ئىنئام قىلساممۇ ، ئۇ ئىتنىڭ بالىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنەچچە قىشلاقنىڭ نېرى - بېرىسىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرسا ، خۇراسانغا ھاكىم بولۇۋالغاندىن كېيىن ، خەلىپىلىكتىن ئاجرىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنىدىغان ئوخشايدۇ . مانا شۇ خەۋپ مېنى قىينىماقتا ، سەن بۇ ئىشلارغا نېمە دەيسەن ، ئەزىزىم ؟

زۇبەيدەنىڭ بېشى راستتىنلا ئاسمانغا تاقاشتى . شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئېرىنى بەرمەكىيلەرگە قارشى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلەتمىگەن ھىيلە - مىكىرلىرى قالمىغان ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋاقتى - سائىتىمۇ يېتىپ كەپتۇ .

— خۇشاللىقىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ — سورىدى خەلىپە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ . ئۇ خوتۇنىنىڭ لەۋلىرىدە ئوينىغان كىنايىلىك تەبەسسۇمدىن ئەجەبلەنگەنىدى .

زۇبەيدە خەتنى يېنىغا قويدى . بۇ خەلىپىلىكتە كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىشقا ھېچكىمنىڭ پېتىنالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان زۇبەيدە ئۆزى خەلىپىنىڭ چوڭ خوتۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى كۆپ

يىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە پاكلىقنىڭ ھەققى ـ مۆرمىنىڭكە ئىشىنىپ (بولمىسا، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ساناقسىز كۆزلەر ئىزچىل كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى) سۆز باشلىدى:

— مەست كېمىچىنىڭ ھېكايىسى يادىمغا كېلىپ قالدى. ئەسلىرىدىدۇ، كېمە چۆكۈشكە باشلايدۇ... دەرھال سۇغا سەكرەش كېرەك، قىرغاق يىراق ئەمەس. مەست كېمىچىنىڭ بولسا پەرۋايى پەلەك، دۇنيانى سەل بېسىپ كەتسە خىيالىغا كەلمەيدۇ. دولقۇنلار بېسىپ كەلمەكتە. سىلىمۇ ئالىيلىرى، خۇددى شۇ مەست كېمىچىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدىلا! خەلىپىلىك كېمىسىدىكى تۆشۈك زورىيىپ بارماقتا، كېمىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلاشماقتا! سەكرەشكە ھازىرلانسىلا! ۋەزىر ئەلەۋىينى قويۇپ بەردى. بۇ جىنايەت! بىرنەچچە قىشلاقنى تارتۇق قىلىشتىن باش تارتتى. بۇ قاسىلدىتىپ سېلىنغان تەستەك! بۇلار تېخى ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇ تېخى مۇنداق قارا كۈنلەرنى باشلىرىغا سالىدۇكى، شەيتانمۇ ياقا تۇتۇپ قالىدۇ!

— ئۇچۇقىنى ئېيتىۋەر، خوتۇن، ئىچىڭدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەت! — جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى ھارۇن رەشىد، — بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى قايتىلانمايدۇ. مېنىڭچە، كېمىچى بىلەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىلىك ئوخشاشلىق بولمىسا كېرەك.

— ئىپپەتلىك ئايال ئۇچۇن نومۇسسىز ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلىش ئار ـ نومۇس.

— نومۇسسىز ئىش؟

— ھەتتا ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمەن... — زۇبەيدە ئېرىنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئويناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى، — ياخشىسى، ئۇرجۇئاندىن سوراپ كۆرۈڭ. نېمە ئىشلىقىنى ئۇ ھەممىدىن ياخشىراق بىلىدۇ.

— ئۇرجۇئان؟ ھە، سىڭلىمنىڭ قۇلى . . .
— دەل ئۆزى، ئۇنى بىر ئاز قىيناش كېرەك .
— بۇيرۇغىن، ئۇنى دەرھال كەلتۈرسۇن! — دەرغەزەپ ۋارقىرىدى خەلىپە .
زۇبەيدە قاراۋۇلنى چاقىرىش ئۈچۈن چاۋاك چالدى .

## 55 . سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

ئاختا قۇللار ئەڭ ئىشچان ۋە ساداقەتلىك خىزمەتكارلار ئىدى . نەسىل - نەسەبىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ ئاجىز بىچارىلەر خوجايىنلىرىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇلارنى خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك پەرۋىش قىلىپ، ئۇلارنى مېھىر - مۇھەببەت دەرياسىدا سۇغىرىپ، يۇيۇپ - تاراندۇراتتى . خۇسۇسەن، ئۇرجۇئان ئەبباسەنى كىچىكىدىن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلغىنى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭغا مەلىكە بىر ئۆمۈر گۆدەك بالىدەكلا تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمايتتى . ئۇلار ئەمەس، سارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەبباسەدىن جېنىنى ئايىمايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى . ئاختا قۇل يول تەييارلىقى بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئۇنى ئىزدەپ قوشنا سارايىنىڭ قاراۋۇلى كىرىپ قالدى :
— بەگ ئايىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەرھال چىقىشىڭىز كېرەككەن، ئۇرجۇئان تاغا، — دېدى كۆپىنچە زۇبەيدەنىڭ ئىش - كۇشلىرىنى قىلىپ يۈرىدىغان قاراۋۇل .
— مانا ھازىر، بالام . سەيىمدە ئەبباسەنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي، — دېدى مېڭىشقا تەمشىلىپ قېرى ئاختا قۇل، — ھېچ يەرگە مىدىرلىماڭ دېگەنىدى .
— بارىسىزلا، قايتىپ كېلىسىز، ئۇرجۇئان تاغا، —

دېدى جەزمەن ئېلىپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق ئالغان قاراۋۇل ئۇنى ئالداپ، — ناھايىتى بىرنەچچە دەقىقىنىڭ ئىشى، بىردەمدىلا كېتىپ قىلىشمايدىغاندۇر؟ مەلىكىنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇغۇ...

— ئۇنداقتا بوپتۇ، — رازى بولدى ئۇرجۇئان. ئۇ خىزمەتكارلارغا مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان قوغۇنلارنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇماڭلار، دەپ تاپىلاپ، قاراۋۇلنىڭ كەينىدىن باغقا چىقتى.

بۇ چاغدا قونارجا سارىيى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. ئەگەر مېھمان بولمىغىنىدا، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كېتىشىپ بولاتتى. پەقەت خانىشنىڭ خاس ھوجرىسىدىلا چىراغ يېنىپ تۇراتتى. قاراۋۇل كېتىپ ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھارۇن رەشىد بىلەن زۇبەيدە ئۇن - تىن چىقىرىشمىدى. سۈكۈنات گويا ئېغىر يۈكتەك ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇراتتى.

ۋەزىردىن قانداق بىنومۇسلۇق ئۆتكەندۇر، دەپ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن ھارۇن رەشىد راۋاققا چىقتى. مېھمانخانىغا قايتىپ كىرگەندە رەپىقىسى كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا، بۇنداق سوراق ئۈستىدە بولۇشنى خالىمىغان ئوخشايدۇ. بوپتۇ، ئاياللارغا خاس بۇنداق تارتىنچاقلىق ماختاشقا لايىق، دەپ ئويلىدى خەلىپە ئۆزىچە. زېرەك مەسرۇر يەرگە تېرە پالاسلارنى يېيىپ، ئۈستىگە كاللا كېسىدىغان كۆتىكنى قويدى - دە، ئىشىك ئالدىدا چوكا چۇشۇپ ئولتۇردى.

بەربەرنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇۋاھچى بولمىغىنى ياخشىراق دەپ ئويلىغان جاللات قاراۋۇلنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن مەخپىي ئىشىكنى ئېچىپ خەۋەر قىلدى:

— ئۇرجۇئان كەلتۈرۈلدى!

— كىرسۇن!

www.uyghurkitap.com

خەلپىنى كۆرۈپلا ئاختا قول تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. پۇتلىرىدا جان قالماي، ھازىر يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالەتتە قالدى.

ھارۇن رەشىد ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى ۋە خىرقىراق ئاۋازدا ئېيتتى:

— بۇۋامنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن سىڭلىمنىڭ سارىيىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ھەم تولۇق ئېيتىپ بەرمىسەڭ، ئامان قالمايسەن! يالغانچىلىق جېنىڭغا ئارا تۇرالمايدۇ، بەرىبىر ھەممىدىن خەۋەر تاپىمەن!

ئاختا قۇلنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— ئۈندىمەي تۇرۇۋېرەمسەن، ھوي ئاۋاق تۆگە! — نەرە تارتقاندەك غەزەپلىك ۋارقىرىدى ھارۇن رەشىد ۋە جاللاتقا قاراپ ئېيتتى:

— مەسرۇر، ھازىرلان!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى!

قىنىدىن سۇغۇرۇلغان شەمشەر يەڭگىلگىنە جىرىڭلىدى. شۇ زامان ئۇرجۇئان زۇۋانغا كەلدى. ئۇلەر ھالەتتە توۋلاپ، خەلپىنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، سۆيۈپ، يىلىنىشقا باشلىدى:

— رەھىم قىلسىلا، ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن، رەھىم قىلسىلا!

— ھە، زۇۋانغا كەپ قاپسەن - دە، قېرى تۈلكە! — ھارۇن رەشىد ئۇنى تېپىپ ئىتتىرىۋەتتى، — خوش، قانداق نومۇسسىزلىقلار بولۇپ ئۆتتى، ھەممىسىنى ئېيتقىن، ئېيتماي - تېمىتماي سۆزلە! بولمىسا بېشىڭ تېنىڭدىن جۇدا بولىدۇ!

— ئەي، ئەمىرۇلمۇئمىنىن، رەھىم قىلسىلا!

— ھەممىنى يوشۇرماستىن ئېيتساڭ، بېشىڭ ئامان قالىدۇ، — دېدى خەلپە. ئۇ ئادەم زاتىغا خاس گوللۇق ئاختا قۇللاردا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، —

لېكىن ، بىلىپ قوي ، قوتۇر مۇشۇك ، مېنى كولدۇرلىتالماي-
سەن ، سەن دېمەكچى بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئايان

ئۇرجۇئان ھودۇقۇقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى .
پىكىرلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى . «خەلىپە ھەممىنى بىلىپ
بولغان بولسا ، يەنە نېمىشقا قايتىـــدىن سورايدۇ ؟ راست ـ
يالغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈنمۇ ؟ سەيىيدەنى يەنە بىر قېتىـــم
شەرمەندە قىلماقچىمۇ ؟ ناۋادا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى بولمىسىچۇ ؟
مەلىكىنىڭ سىرى مېنىڭ سىــــرىم ! ياق ، پارچە ـ پارچە
قىلىۋەتسىمۇ ئېغىز ئاچماسمەن ! ـــ دەپ ئويلىدى ۋە بىردىنلا
كۆزى شەمشەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان بىسىغا چۈشتى ، ـــ ۋاي
خۇدايىم ، ئىنتايىن ئۆتكۈردۇر ھەرقاچان . ئاشكارىلىنىـــپ
بولغان سىر توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىقتىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟
مۇردىغا ئايلانغاندىن كېيىن مەلىكىگە پايدام تەگمەيدۇ ، ھەتتا
ئۇنى خەۋەردارمۇ قىلالمايمەن ! يولغا چىقىـــشقا بەش سائەت
قالدى . ئەي ئاللا ، نېمە ئۈچۈن ھالاك بولۇرمىز ؟ . . . تىرىـك
قالماق ـــ سەيىيدەگە خائىنلىق قىـــلماق دېگەن گەپ . . .
ۋىجدانەن ئۆلۈم ئەۋزەلمۇ ياكى يۈزۈڭ قارا بولغانمۇ ؟ »

ـــ ھـە ، يـەنە تىـلىڭ تـۇتۇلدىمۇ ، تـاقىر بـاش ماي-
مۇن ! ـــ ۋارقىرىدى خەلىپە ، ـــ مەسرۇر ، ئۇنى كۆتەككە
باس !

ـــ ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، شەپقەت قىلىـسىلا ، شـەپ-
قەت ! ـــ يالۋۇردى ئۇرجۇئـان ، ـــ سـەيىيدە . . . ئـۇ . . .
ئۇنىڭ . . .

ـــ باس ، مەسرۇر ، كۆتەككە باس دەۋاتىمەن !

ـــ ۋاي داد ! ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بار . . .

ـــ نېمە ، خەلىپە جېنى ھەلقۇمىـغا كەلگەندەك بولۇپ
ئۆزىنى ئاران بېسىپ دېدى ، ـــ نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن ،
سېسىق ئىت ؟ !

— ئۈچ پەرزەنتىم، — دۇدۇقلاپ تەكرارلىدى ئۇرجۇئان، — بىرىنچىسى يەتتە ياشتا، ئىككىنچىسى ئالتە ياشتا، ئۈچىنچىسى بىر يېشىدىلا ئۆلدى. ۋەزىر ئۆلارنى پەيغەمبەر شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى. سەييىدە ھازىر تۆتىنچىسىگە ھامىلىدار.

## 56. ئەبباسە ۋەھىمىدە

يولغا چىقىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئەبباسە خۇراساندا ئۆتكۈزىدىغان خاتىرجەم، ئاسايىشلىق، بىر خىل رىتىمدىكى ھاياتى ھەققىدە قايتا - قايتا ئويلايتتى. ئۇ يەردە نە دۈشمەنلەر، نە چېقىمچىلار، نە جاسۇسلار يوق... جەفەر سەرخىل قاراۋۇللارنى تاللىۋالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى — ئامان - ئېسەن يۈرۈپ كېتىش. ھاشىمىيلار تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىرى خۇراسانغا يەتمەيدۇ، كالتىلىق قىلىدۇ. خۇراسان يىراق... ئەمما، بۇ يەردىچۇ... ئىشقىلىپ قان تۆكۈش بولمىسىلا بولاتتىغۇ! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئەسەبىيلىكلىرى تۇتقان گۇر قىلىپ ئوت ئېلىپلا كېتىدىغان بولسا... باغداد دېگەن غەمخانىدىن، ئەخلەتخانىدىن تېزرەك ئامان - ئېسەن چىقىۋالسىلا بولدى!... جەفەر بىلەن ئايرىلىپ ياشايدىغان كۈنلەرمۇ بەرھەم تاپىدۇ، جەفەر دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىدا ياشاش پەرزەنتلەر ئۈچۈن مىسلىسىز بەخت!

خەتىبە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبباسە كېنىزەكنىڭ رەڭگىرويىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. خەتىبەنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، تەشۋىش چىقىپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بولدى؟ — ۋارقىراپ تاشلىدى قورقۇنچقا چۈشكەن ئەبباسە، — گەپ قىل! گەپ قىلساڭچۇ، ئاخىر!

www.uyghurkitap.com

— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، سەييىدە . . . دېمەكچىمۇ ئەمەستىم . . . — غودۇڭشۇپ گەپ قىلدى كېنىزەك، ئاۋازى تېشىغا چىقماي، جاۋغايلىرى جاق - جاق تىترەيتتى، — مىج ئويلىمىغان يەردىن . . .

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — تېخىمۇ بەكرەك تەشۋىشكە چۈشتى ئەبباسە، — خۇدا ھەققى، گەپ قىلساڭچۇ!

— ئۇرجۇئان . . . سەييىدە . . . ئۇرجۇئان غايىب بوپتۇ!

— قانداقسىگە غايىب بولىدۇ؟ تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنىدىمغۇ؟ جېنىمنى ئالدىڭ، ياخشىراق ئىزدەپ باق، بەلكىم، خىزمەتكارلار ئارىسىدىدۇر.

— ئەسلى خىزمەتكارلار ئارىسىدا ئىكەن. دەرۋازىۋەن ماڭا ئۇرجۇئاننىڭ سارايدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— چىقىپ كېتىپتۇ؟ — ھەيرەتتىن ياقا تۇتتى ئەبباسە. ۋۇجۇدىنى يەنە ۋەھىمە باستى، — مېنىڭ پەرمانىمسىز ھېچكىم ھېچ ياققا مىدىرلىمىسۇن دېگەنىدىمغۇ!

— ئۇرجۇئان تېزلا قايتىپ كېلىمەن دەپتۇ، — دېدى تامىقى قۇرۇپ كەتكەن خەتىبە ۋە يەڭگىلگىنە يۆتەلدى، — ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، بىراق ئۇنىڭدىن ئىز - دېرەك يوق.

— ئۇ قەيەرگە غايىب بولغاندۇر؟

— بىلىشىمچە، قونارجا سارىيىغا.

— زۇبەيدەنىڭ ئالدىغا؟ — ئۆزىنىمۇ سەزمەيلا ئاھ ئۇرۇپ سالدى ئەبباسە ۋە لېۋىنى چىڭ چىشلىدى. چىرايى داكىدەك ئاقىرىپ كەتتى، — ئۇ زۇبەيدەگە نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغاندۇر؟ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ. يەنە قانداق تۇزاق قۇرماقچى بولۇۋاتىدىكىن؟

خەتىبە مەلىكىنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پۇرمىلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ سۆزلەشكە

باشلىدى :

— قونارجا سارىيىنىڭ قاراۋۇلى ئۇرجۇئاننى ئىزدەپ كەپتۇ . قانداقتۇر بىر خەتەرلىك ئويۇن يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ . ھازىرلا ئۆز ئادىمىمىز كەلدى ، سارايدىن بىر ئاماللار بىلەن قېچىپ چىقىپتۇ . قونارجا سارىيىغا ئاللانىڭ غەزىپىگە يولۇققۇر مەسرۇر كەپتۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا ناھايىتىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىزمەتكارمۇ كەلگەنمىش .

— ئاكامغا ئوخشاش ؟ — ئىڭراپ سالدى ئەبباسە لەۋلىرىدىن چىققان قاننى يالاپ ، — ئۇ نېمە ئۈچۈن خۇپىيانە كەلگەندۇر ؟ نېمىشقا بىردىنلا ئۇرجۇئان غايىب بولىدۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ، ئېلىشىپ قالاي دېدىمغۇ !

— سەييىدە ، دەھشەتلىك پاجىئە يېقىنلاشماقتا ! — ۋارقىرىۋەتتى بېشىنى كۆتۈرۈپ كېنىزەك . ئۇ كۆزلىرىنى ئەبباسەنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى ، — قېچىش كېرەك ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ! ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك !

— نېمە قىلارىمنى بىلمىدىم ، خەتىبە ، راستىنلا بىلمىدىم . . . ئۇرجۇئان كېلىشى بىلەنلا ئالدىمغا ئەۋەت .

— باللارنى ئويلاڭ ، سەييىدە ! ئالدى - كەينىمىزگە قارىماي قاچايلى ! ئەزمىلىك — ئۆلۈم دېمەكتۇر !

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ! — دېدى قوللىرىنى سىلكىپ ئەبباسە ، — ئاللا ھەققى ، ئۇنداق قىلالمايمەن ! چاپارمەنلەردىن بىرىنى ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا تېز ماڭدۇر . ئۇ بىر قارارغا كەلسۇن . ئۇ نېمە دېسە ، شۇ . بارغىن ، مەن پېشايۋاندا كۈتۈپ تۇرىمەن .

## 57 . جازا

— ھە ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەچچە ئايلاپ كېسەل بولۇشى

www.uyghurkitap.com

ۋە باغدادتىن يىراقتا تۇرۇشنىڭ سىرى ئېچىلدى! قارىمامدىغان، قانداق كېسەل داۋالانغان ـ ھە! ــ ئاپچىتتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قېلىۋاتقان خەلىپە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ غەزەپلىك ۋارقىرايتتى، ئۇرجۇئانغا خۇددى يەۋېتىدىغاندەك قادىلاتتى، ــ ھۇ لەنىتى قوتۇر ئېشەك! قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرگەن ئىكەنسەن ـ دە، ھايۋان!

مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قالغان ئاختا قۇل غال ـ غال تىترەيتتى.

ــ ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن! ــ دەپ پىچىرلايتتى ئۇنىڭ لەۋلىرى، ــ ۋەزىر كۈندۈزدە كېلەمدۇ، كېچىدىمۇ، قانداق ۋاقىتتا كەلسە، سارايغا كىرىشىگە ئۆزلىرى ئىجازەت بەرگەندىلە...

ــ شۇنداق، مەن ئىجازەت بەرگەندىم. لېكىن، ۋەزىر بەلگىلەنگەن دائىرىدىن چەتكە چىقسا، خەۋەر قىلماڭلار دېمىگەندىمغۇ ئاخىر؟ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن، قۇيرۇقسىز قاغا! ــ ئۇ مەسرۇرغا ئۆرۈلۈپ ئەمر قىلدى، ــ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنسۇن!

جاللات بۇيرۇقنى ئىنتىزار ئىدى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ قان قىساسى بار دۈشمىنىدەك ئۇرجۇئاننى ياقىسىدىن تۇتۇپ كۆتەككە باستى.

ــ رەھىم قىلسىلا! ئۆزلىرى ۋەدە بەرگەندىلىغۇ! رەھىم قىلسىلا! ــ ئۇرجۇئان جان ـ جەھلى بىلەن توۋلىغىنىچە خەلىپە تەرەپكە تاشلانماقچى بولدى، ئەمما مەسرۇرنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى ئۇدۇل كۆتەكنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

مەسرۇر شارت قىلىپ شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇردى. ئاختا قۇل بىر ۋاقىتلاردا پەقەت ئۈچ مەرتە ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەمىرۇلمۇسلىمىن گۇناھىدىن ئۆتىدۇ، دەپ

ئاڭلىغاندى .

— رەھىم . . .

ئۇرجۇئان گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . شەمشەر شارت قىلىپ ھاۋانى كەستى . خەلىپە سۆزىدىن يالتىيىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن جاللات پەرماننى ئادا قىلىشقا ئالدىرايتتى . بىر شەمشەر بىلەن ئۈزۈلگەن باش ئۇ يەر-بۇ يەردە قان داغلىرىنى قالدۇرۇپ ، تېرە پالاس ئۈستىدە دومىلاپ كەتتى . ھارۇن رەشىد تېخىچە تىترەۋاتقان باشسىز تەنگە قىيا بېقىپمۇ قويماي ۋارقىرىدى :

— خوتۇن !

خەلىپە ياندىكى خانىغا چىقتى . بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولغان خەلىپە بىرئاز ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى . زۇبەيدە كەڭ كارىۋاتتا ئولتۇرغىنىچە مېھمانخانىدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەنگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى . ئېرىنى كۆرۈپ ، ئولتۇرغان يېرىدە مىدىرلاپ قويدى ، ئەمما ئورنىدىن تۇرمىدى . چۈنكى ، ئۇ ئېرىنىڭ بۇرنىدىن يىپ ئۆتكۈزۈۋالغان ، ئىختىيار تىزگىنى ئۇنىڭ قولىدا ، ئەمدى ئۇ بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ !

ھارۇن رەشىد ئەدەپ - ئەخلاق مىزانى بۇزۇلغانلىقىنى سەزمىگەندەك (ئەمەلىيەتتە سەزمەي قالمىدى ، لېكىن ھازىر بۇنى تەگەيدىغان پەيت ئەمەس ، كېيىنچە ھېساب - كىتاب قىلىدۇ ! ) چىرقىراپ تاشلىدى ۋە ئاۋازىنىڭ خىرقىرىشىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى .

— قارىمامدىغان ، ئاققۇن قۇلىنىڭ بىزگە قايتۇرغان جاۋابىنى ! نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ! جىمى ئالەمگە شەرمەندە بولدۇق !

ئۇنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى .

زۇبەيدە ئالدىغىراق ئېڭىشىپ ، گويا ھېچ ئىش

بولمىغاندەك ، ئېرىنى سوراقىقا تارتىشقا باشلىدى :

— نېچۈن ئەمدى پىغانلىرى پەلەككە چىقىدۇ ، ئەزىزىم؟ ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا دېگەن شۇ ! كېلىشكەن سۆلەتلىك ، خۇش پىچىم ، چىرايلىق كىيىنىپ ، مۇشۇك ـ ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان بەرمەكىينى كىم ئىزدەپ تاپتى؟ ئۆزلىرى ، قەدىرلىكىم ، دەل ئۆزلىرى ! تېخى ئەركەك زاتــى كۆرۈپ باقمىغان ئەبباسەنىڭ ئالدىغا ئۇنى كىم باشلاپ كەلدى؟ شۇ چاغدا ئەبباسە خۇددى گۆشىنى شىلىۋالغاندەك ئورۇق بولسىــمۇ ، خەلپىنىڭ سىڭلىسى ئىدىغۇ ! ئۇنىڭ قىزلىق ئىپپىتــى ۋە لاتاپىتىنى يەر يۇتتىمىكىن؟ بۇ ئىــشلارنــى تەسەۋۋۇرۇمغا كەلتۇرۇشكىمۇ نومۇس قىلىــمەن . . . قۇرۇق ئوتۇنغا دەل ئۆزلىرى ئوت ياقتىلا ، ئەمدىلىكتە لاۋۇلداپ كۆيۈپ ، ھەممىنى دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرۈۋاتقان گۇلخانغا قاراپ ، توۋا ، بۇ پالاكەت قانداق كەلدى ، دەپ ئىزتىراپ چېكىۋاتىدىلىغۇ؟

— گۇلخان ئۇزاق يانمايدۇ ، ئۇنى قان بىلەن ئۆچۈرىمەن !

— قانداق بولاركىن ، — دېدى زۇبەيدە تەنىلىك كۈلۈپ ، كىمخاب كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى شىمايلىغىنىــچە ، — يەنە ۋەزىرلىرىنى ئۇچرىتىپ قالىدىغــان بولسىلا ، يېڭىۋاشتىن مېھىر ـ مۇھەببەتلىرى جۇش ئۇرۇپ «بۇرادىرىم جەفەر ! جان دوستۇم جەفەر !» دېگىلى تۇردىلا ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىــتىمۇ قارىماس ! تۇفى ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ دېسە ! قانچە مەرتە شۇنداق بولمىدى؟ !

خوتۇن كىشىنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكى دۇرۇس بولمىسىمۇ ، ئۇ ھەقلىــق ئىــدى . زۇبەيدە ئۇنــى قانچە قېتىــملاپ ئاگاھلاندۇرۇپ ، خەۋەردار قىلىپ تۇرغــان بولسىمۇ ، ئۇ ، رەشك — خوتۇن كىشىگە چاپلاشقان تۇغما كېسەل ، دەپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغانىدى .

— ياق ! ئەمدى بۇنداق خاتالىق قايتىلانمايدۇ ! ئاللانى

شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتمەنكى ، ئەمدى بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىلگۈسى ! — غەزەپلىك توۋلىدى ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولغان خەلىپە ، — مەن هازىر باشقا ئىش توغرۇلۇق ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن ، — بۇ رەسۋاچىلىقنى نېمە بىلەن يېپىش مۇمكىن ؟ شۇنداق كۆمۈپ تاشلانسۇنكى ، ھەتتا ئۇنىڭ ھىدىمۇ چىقمىسۇن ! كىمكى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەن ، تېگى - تەكتى بىلەن قوشۇپ گۇمران قىلىنغۇسى ، — ئۇ جىمىپ قالدى ۋە بىرئاز ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ (ھەتتا زۇبەيدەمۇ خەۋەردار بولمىسۇن ! ) ، گەپنى بۇرىدى ، — مەن خىزمەتكارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن . مەن ئۇنىڭغا ئامانلىق ۋەدە قىلغان بولسامۇ ئەجەل دامىغا مۇپتىلا بولدى . بۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟ ۋەدە بەرسەم بەردىم ، بۇنىڭ بىلەن ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇمۇ ؟ ! بىرەرى كاززاپ سىگىلىم بىلەن ۋەزىرگە تىل تەگكۈزۈپ باقسۇنچۇ قېنى ! — ئۇ يەنە لېۋىنى چىشلەپ قالدى . «يەنە مەن ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتامدىمەن - قانداق ؟ بولدىلا ، زۇبەيدە نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاۋەرمەمدۇ ؟ بەربىر پات ئارىدا ئۇ ھەممە ماجىرانىڭ شاھىتى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئوي لېپپىدە كاللىسىدىن كەچتى . ئاخىرىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئاستاغىنا ئېيتتى ، — ئىنسان دېگەن نېمە زادى ؟ خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ، گەپنى سوزۇشنىڭ ھاجىتى يوق . چارچىدىم .

زۇبەيدە ئېرىنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— سەل تەخىر قىلسىلا ، ئەزىزىم !

خەلىپە جاۋاب بەرمەي خوشلىشىشقا تەرەددۇتلاندى . زۇبەيدە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى .

— ئەبباسەنىڭ ئوغۇللىرى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى

خالايدىغانلا ؟

— ھە راست ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بار دېگەندەك قىلا. غان . . . قوشكېزەكمۇ ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئۇلارنىڭ روسۇللىلا شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى ئۇرجۇئان ئېيتىۋىدى .

— ياق ، ئالىيلىرى ، ئۇلار مۇشۇ يەردە .

— باغدادتىمۇ ؟

— تامامەن سىلىنىڭ ئىختىيارلىرىدا !

— ساڭا كۆپ تەشەككۈر ، سەن ھەم رەپىقەم ، ھەم قېرىنداشىمسەن - دە ، ئاخىر . يادىمدا تۇتىمەن ، — ئۇ ئۆرۈلۈپ توۋلىدى ، — مەسرۇر !

— مەن بۇ يەردە ، ئالىيلىرى !

جاللات خۇددى قارا قۇيۇندەك خانىغا ئېتىلىپ كىردى .

— بۇگۈن نېمىلەرنى كۆردۇڭ ؟ نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ ؟ — ھەر نۆۋەتتىكىدەك مەسرۇر بىلەن شەرتلىك ئىبارىدە سۆزلەشتى ھارۇن رەشىد .

— ئالىيلىرى ، مەن گاس ھەم گاچىمەن ، — جاۋاب بەردى جاللات .

ئۇنىڭ جاۋابىدىن «ئالىيلىرىنىڭ ئىما - ئىشارەتلىرىنى چۈشەندىم ، ھېچكىمگە تىنمايمەن» دېگەن مەنە چىقاتتى .

— ئاللا ساڭا مەدەت بەرگەي ! يۈر ، كەتتۇق !

قارا تۈن قوينىدا قېچىر بىلەن كېتىپ بارغان خەلىپىنىڭ كاللىسىنى خەۋپلىك ئوي - خىياللار چىرمىۋالغانىدى . خەلىپىدىكى بارچە نەرسىلەر — تاجۇتەخت ، ھاكىمىيەت ، بايلىق . . . بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ خانىدانىنىڭ نامىغا چۈشكەن نومۇس دېغىنى يۇيالمايدۇ . دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە خەزىنىنىڭ نېمە كېرىكى ! دولقۇنلار بېسىپ كەلمەكتە ، زۇلمەت تېخىمۇ كۈچەيمەكتە . شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىر غېرىچ يەر بولسا ، شۇ يەرنى تۇتۇپ ، نەپسىنى بىر رۇسلىۋالسا . . . بىھۇدە

خىياللار ! ئاياغ ئاستى — پاتقاق .
هازىرنىڭ ئۆزىدە سىڭلىسى كۆزىگە كۆرۈنىدىغان بولسا ، جاللاتقىمۇ بۆيرۈپ ئۆلتۈرماي ئۆز قولى بىلەن قەتل قىلار ئىدى ئۇ !
— مىڭ لەنەت ساڭا ، خىيانەتكار سىڭىل ! — خىتاب قىلدى يۇقىرى ئاۋازدا خەلىپە ۋە شۇئان ئويلاپ قالدى : «ئەتىگىچە باشقا بىرەر چارە تاپسامچۇ !»
خەلىپە قېچىرنى نىقتىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى .

## 58 . كۈتۈلمىگەن يوقلاش

ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلىغان . ئايسىز كېچە شۇم ئىشلار ئۈچۈن قۇلاي پەيت . . .
ئارقا تەرەپتىن شىپىرلىغان شەپىنى ئاڭلىغان ئەبباسە چۆچۈپ ئارقىغا ئۇرۇلدى .
— ۋاي خۇدايىم ، سەنمىدىڭ ، خەتىبە ، مېنى نېمانچە قورقۇتىسەن ؟ — ئۇ خەتىبەگە تىكىلىپ قارىدى - دە ، «ۋاي» دەپ تاشلىدى . كېنىزەكنىڭ چىرايى داكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كۆز چاناقلىرىدا ياش قېتىپ قالغان بولۇپ ، تۇرقى قورقۇنچلۇق ئىدى .
— ساڭا نېمە بولدى ؟ يىغلاۋاتامسەن ؟ ۋەزىردىن شۇم خەۋەر كەلدىمۇ ؟
— خەپشۇك ! — دېدى خەتىبە غەلىتە شىۋىرلاپ ۋە ئەبباسەنى باغقا چۈشىدىغان پەلەمپەي تەرەپكە تارتتى . — ئاللا ھەققى ، سەيىيدەم ئۈنىڭىزنى چىقارماڭ !
— شۇم خەۋەرمۇ ؟ — قايتا سورىدى ئەبباسە يۈرىكى قارت قىلىپ ، — چاپارمەن قايتىپ كەلدىمۇ ؟
— خەپشۇك ! — ئاران نەپەس ئالدى كېنىزەك ، —

ئەمىر ۋلمۇسلىمىن !

ئەبباسەنىڭ پۇتلىرى بوشىشىپ كەتتى . يىقىلىپ چۇشمەسلىك ئۇچۇن ئايۋاننىڭ پەنجىرىسىنى تۇتۇۋالدى «ئەجەبا ، بۇ ھالاكەت؟ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! ئاكام نېمىگە كەلگەندۇر ؟ . . . پەرزەنتلىرىم تۇگەشمىسىلا بولاتتىغۇ ؟ . . .»

ئۇنىڭغا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇغۇلغان ئېتىراز بارغانسېرى كۇچىيىپ ، شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى : «جاھاندا ئادالەت دېگەن نەرسە بارغۇ ! ئۆز گېپىمدە قەتئىي چىڭ تۇرىمەن ! ھەسەن ۋە ھۇسەيىن ئەۋلادىمىز نامىنى كەلگۇسىگە ئۇلىسۇن ! ئاكام ئۇلارنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۆز ئاكىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ ! ئوغۇللار ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ !» قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇن كۇچ باش كۆتۈرۈپ زەئىپلىك غايىب بولدى . ئەبباسە قەددىنى تىكلىدى ، خەتنىبە تۇتۇپ تۇرغان بىلىكىنى تارتىۋالدى .

— ياق ! خەلىپىنىڭ سىڭلىسى نومۇسسىزلىق قىلىپ قېچىپ كەتمەيدۇ . پەقەت گۇناھكارلا قاچىدۇ . ئاللانىڭ ئالدىدا پاكمەن . بۇ مېنىڭ سارىيىم ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسىمەن ، نېمىشقا ئەمدى قورققۇدەكمەن؟ مېنى يالغۇز قالدۇر ، ئاكام بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن !

پېشايۋاندا ئاياغلارنىڭ تاقىلدىغان تىۋىشى ئاڭلاندى . ئەبباسە كېنىزەككە ئېگىلىپ قۇلىقىغا تېز - تېز دېدى :

— يەنە بىر چاپارمەن ئەۋەت ! خەلىپىنىڭ غەزىپى جەپەرنىڭ بېشىغا ياغمىسۇن ! قاراۋۇللارنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتسۇن ! ئاللانىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولسۇن !

ئەبباسە خەتنىبەنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزۇپ ، ئۆزى ئاستا قەدەملەر بىلەن خەلىپىنىڭ ئالدىغا يول ئالدى . چىرايىدىن غەزەپ يېغىپ تۇرغان خەلىپىگە يېقىن كېلىپ ، ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان ئەلەم ۋە ھەسرەتنى ئاران بېسىپ ، ئوچۇق يۈزلۈك

بىلەن دېدى :

— مۇبارەك قەدىمىڭىزدىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى !

خەلىپە گويا ئۇنى كۆرمىگەندەك، سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز ئىدى .

— نېمە سەۋەبتىن مېنى يوقلاپ قالدىڭىز، ئاكا؟ — سورىدى ئەبباسە . ئاۋازى تىترەپ كەتمىگىنىگە ئاللاغا مىڭ شۈكۈرلەر ئېيتتى . «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەبباسە ! ئاكام بىلىپ قويسۇن، زەررىچە چۆچۈمەيمەن ! ئاپەتنى كۈتۈش ئاپەتنىڭ ئۆزىدىن يامان ! بالا - قازا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقتىن باشقا ئامال يوق !»

— ئارقامدىن يۈر ! — دېدى خەلىپە ئالدىغا مېڭىپ . سىڭلىسى ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئەبباسەنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى تۇۋرۇكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ يول بوشاتقىنىچە، ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغان مەسرۇرغا كۆزى چۈشكەن مەلىكە يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈدى .

قەلئە سېپىلى يېنىدا قەد كۆتۈرگەن مۇنارنىڭ تېگىدە دېرىزىسىز كەڭ تاش ئۆڭكۈر بار ئىدى . جاللات تۆمۈر قاپلانغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىنى ئاچتى . زەي ئۆڭكۈرگە كىرگەن خەلىپىنىڭ تېنى شۈركىنىپ، ئەباسىغا مەھكەمرەك ئورىلىۋالدى، كىچىك تاش سۇپىدا ئولتۇرۇپ، مەسرۇرغا شامنى ياقتۇردى - دە، ئاندىن ئۇنى ئىشىكنىڭ تېشىدا تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇدى . تاش ئۆڭكۈرگە سىڭلىسى كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇدەك كۈچلۈك ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى .

— خوش، ماڭا يەتكۈزۈلۈشىچە، سارىيىڭلاردا يولغا چىقىش تەييارلىقى كۆرۈلۈۋاتقانمىش . قېنى ئېيتچۇ، قەيەرگە بارماقچىسەن ؟

ئەبباسە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە، قەتئىيلىك بىلەن

ئېيتتى :

— ئادالەتسىزلىك بولمىغان ، ماڭا چەكسىز جەبىر - زۇلۇم قىلىنمايدىغان يەرگە كەتمەكچىمەن ، ئاكا .

## 59 . تاش ئۆڭكۈردە

ھارۇن رەشىدنىڭ يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز كېلىشتىكى مەقسىتى ئەبباسەنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ، ھەيۋە بىلەن قورقۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئىدى . سىڭلىسىنىڭ يىغلاپ تاشلاش ، رەھىم - شەپقەت تىلەش ، مەرھەمەت سوراش ئورنىغا ، ئۆز ئىززەت - نەپسىنى خارلىماي ، مەنىۋى ھەققانىيەتكە كامىل ئېتىقاد بىلەن بەرگەن دادىل جاۋابلىرى ھارۇن رەشىدنى ھەيرەتكە سالدى . بۇ ھال خەلىپىنىڭ قەھرى - غەزىپىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىپ قويدى . چۈنكى ، ھۆكۈمدارلىق ھەيۋىسى ، ئۆزگىلەرنىڭ ئىتائەتچانلىقى ۋە باش ئېگىشىگە كۆنۈپ قالغان خەلىپە ئەبباسەنىڭ قەيسەرانە جاۋابلىرىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى .

— ھۇزۇرۇڭغا نېمە سەۋەب بىلەن كەلگىنىڭنى بىلەمسەن ؟ — دېدى كۆپرەك سوراپ ، ئازراق جاۋاب بېرىش يولىنى تۇتقان خەلىپە .

— تېخى ئاغزىڭىزدىن ھېچ گەپ ئاڭلىمىدىم ، — دېدى ئەبباسە ئۆز سىرىنىڭ ئاكىسىغا مەلۇم بولۇپ قالغىنىدىن قىلچە شۈبھىلەنمىگەن ھالدا ، — ئەلۋەتتە ، زۆرۈرىيەتتىن بولسا كېرەك . بولمىسا ، ئۇيقۇ ۋە ئىشرىتىڭىزنى ھارام قىلماس ئىدىڭىز .

— شۇنداق ، توغرا ئېيتتىڭ . . . ئەمما ، ھاياسىزلىقىڭ ئېشىپ كېتىپتۇ .

هارۇن رەشىد بىلەن ئەبباسە بىر ـ بىرىگە غەزەپلىك تىكىلىشتى . ئارىدىكى ۋەزىيەت ئېغىر ئىدى . سۆھبەت داۋام قىلدى .
— سورىدىڭىز ، جاۋاب بەردىم .
— ئۇنداقتا ، ئۆز خىيانىتىڭ ھەققىدە قانداق جاۋاب قىلارسەنكىن ؟
— مەن ھېچكىمگە خىيانەت قىلمىدىم !
— تېخى مۇنداق دېگىن ؟
— نېمە توغرۇلۇق سورىسىڭىز ، ھەممىسىگە راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ كەلگەنمەن .
— راست جاۋابلىرىڭ بىر ئاز كېچىكتى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۆزۈمگە ئېيتىپ ، ئىقرار بولغىنىڭدا ، بەلكىم ، ئەھۋالىڭ بىر ئاز يەڭگىللىگەنمۇ بولار ئىدى . لېكىن ، بۇنداق قىلىش سېنىڭ خىيالىڭنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەلمىگەن ! چۈنكى ، سېنىڭ كاللاڭ پۈتۈنلەي خام خىياللار بىلەن تولغان ! سەن ئەتەي بۇزۇقچىلىق قىلغان ! قانداق قىلىپ خەلىپە ئەۋلادىنىڭ سەندەك پاك قىزى كەلگۈندى قۇل بەچچىنىڭ قوينىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلدىڭكىن ؟
— قوينىغا كىردىڭ دەمسىز ؟ ئۇ مېنىڭ قانۇنىي ئېرىم ! ئاللا گۇۋاھ ، ۋىجدانىم پاك ! ماڭا قاراڭ ، ئاكا . . .
— مەن ئەمدى سېنىڭ ئاكاڭ ئەمەس ! ئاڭلاۋاتامسەن ، ئەمەس ! سەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نامىنى يەرگە ئۇردۇڭ ! ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىڭنى بىلەمسەن ؟ سەن پاھىشىلىك قىلدىڭ ! بۇ ھەربىر ئايال ئۈچۈن ، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر گۇناھ . ھۇ ، بەتبەخت ! ئارقا ـ ئارقىدىن ئىتتىنىڭ كۈچۈكلىرىنى تۇغۇپ ، گۇناھكارلىقىڭنى ئىسپات ئەتتىڭ . پۈتۈن ئەل ـ يۇرتقا شەرمەندە ـ شەرمسار بولدۇڭ !
ئەبباسەنىڭ ئىچىدە نېمىدۇر بىرنەرسە تارتىشقاندەك

بولدى . پەرزەنتلىرى ھەققىدە گەپ چىقىشى بىلەنلا ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن توغرىسىدا ئويلاپ ، ئەمدىلىكتە ئۇلارنى تاشلاندۇق ، ئىگە - چاقىسىز ، خار - زار ئەھۋالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، پۈتۈن جۇرئەت - جاسارىتى ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى . ئەبباسە چوك چۈشۈپ ، قوللىرىنى سەجدىگە كۆتۈردى .

— ياﺋاللا ، يا رەھىم ، يا رەھمان ! سەندىن ئۆزگە مەدەتكارىم يوق ! ئاكا ، سىز مەندىن ۋاز كەچتىڭىزمۇ ؟ ۋاز كەچتىڭىزمۇ ؟

ھارۇن رەشىد قانائەت ھاسىل قىلغاندەك ئارقىسىغا يۆلەندى .

— ئاخىر يىغلىغىنىڭنى كۆردۈم ! كۆز ياشلىرىڭ گۇناھىڭغا يەنە بىر شاھىت ! ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىگەنىدى ، ئەمدى بىلدىمكى ، ھەممە گەپلەر راست ئىكەن . قىزىق ، نېچۈن ئىقرار بولۇپ قالدىڭ ؟ نېچۈن ؟ ھە ، باشقا ئىلاجىڭمۇ يوقتە ئەمدى ! كۆز ياشلىرىڭ بىلەن گۇناھىڭنى يۇماقچىمۇسەن ؟ ئەپۇ قىلىنىشىمنى ئىلتىجا قىلماقچىمۇ سەن ؟

ئەبباسە خۇددى چوغقا دەسسىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ، قوللىرىنى يىغىۋالدى . كۆز ياشلىرى بىردىنلا توختىدى .

— ئالىيجانابلىقىڭىزغا موھتاج ئەمەسمەن ! قانۇن مەن تەرەپتە ، قانۇنغا ئەمەل قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن ! مەن سىزنىڭ نە چۆرىڭىز ، نە كېنىزىكىڭىز ئەمەسمەن !

— بۇ يەنە نەچە گەپ بولدى ؟ — خىرىلدىدى ھارۇن رەشىد قەددىنى تىكلەپ .

— نېمە ؟ تېخى چۈشەنمىدىڭىزمۇ ، ئەي ئاقىللارنىڭ سۇلتانى ! ئۇنداقتا سىزگە ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرمەن . نېمە ئامال ، شۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىم قالمىدى . پۈتۈن باغداد خەلقىگە ئايانكى ، سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن

نىكاھنامىگە ئىمزا چەكتىڭىز ، مەن ۋەزىرىنىڭ شەرئىي خوتۇنىمەن .

— سەن نىكاھنامىنىڭ قانداق شەرتلەر بىلەن پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمىسەڭ كېرەك . . .

— ئۇ شەرتلەر ھېچ قەيەردە پۈتۈلمىگەن ، ئەي ئاقىللارنىڭ سۇلتانى ، — ئاكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ دېدى ئەبباسە ، — شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس !

— ھا_ ھا_ ھا ! . . . ساڭا تەشەككۇر ، پاھىشە ! سېنى ۋە ۋەزىرىڭدەك مەخلۇقنى دۇنيادا ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق كۆرەتتىم . ئەمدىچۇ ؟ ھەر ئىككىڭنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ! مانا ئەمدى سەن بىلەن قايسى يوسۇندا سۆزلىشىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈم بىلىمەن . قىلمىش _ قىلدۇرمىش ! نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن ! شۇنى ياخشى بىلىپ قويكى ، قانۇن خەلقنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ . خەلىپىگە بولسا قانۇننىڭ ھاجىتى يوق .

— ئەي ئاقىللارنىڭ سۇلتانى ، ئاللانى ئۇنتۇدىڭىزمۇ ؟ ئاللا خەلىپىلىكتىن يۇكسەكرەك . قانۇنلارغا قارشى چىقىلسا ، ئۇنى كۆزگە ئىلمىسا بولارۇ ، ئەمما ، ھېچكىم ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقالمايدۇ ، ھېچكىم مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاغا شەك كەلتۈرەلمەيدۇ .

## 60 . ئاكا بىلەن سىڭىل

ئۆزىنى ھەققانىيەت پاسىبانى ھېسابلايدىغان ھارۇن رەشىد

www.uyghurkitap.com

بىراۋ ئۇنىڭ گېپىگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرگۈدەك بولسا قويقا چېچى تىك تۇراتتى . ئوردىنىڭ ئەئيانۇ ئەكابىرلىرى نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان ؟ خەلىپىنىڭ ئەڭ ئۇششاق ـ چۈششەك خاھىشلىرىنىمۇ سۆزسىز ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ! پۇقرالار نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ ؟ خەلىپىگە بولغان ساداقىتى ئۈچۈن ! ئەبباسە خەلىپىنىڭ ناھەقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى ئىسپاتلايمەن دەپ ، ئۆزىگە ئارتۇقچە جەبىر قىلىۋاتاتتى . خەلىپىدىن مۇستەسنا ۋە خەلىپىدىن بۆلەك ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ! ئەمىرۇلمۇسلىمىن يەر يۈزىدىكى بار ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ يەككە ـ يېگانە تىمسالى . بۇنى ھەممە ئادەم ئىككى قۇلىقىغا مەھكەم قويۇۋېلىشى كېرەك .

خەلىپە مۇرىلىرىنى قىسىپ دېدى :

— ماڭا قارشى چىققان كىشىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشۈشى ساڭا ئاياندۇر ؟

— مېنى لەنەتلىشىڭىز مۇمكىن ، بىۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز ! — دەۋەتتى ئەبباسە ، — سۆزۈم ھەق . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېنىمدە جانلا بولىدىكەن ، جەفەر ئىككىمىز قانۇنىي ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قېلىۋېرىمىز . ئۇ مېنى يولدىن ئازدۇرغىنىمۇ ، ئالدىغىنىمۇ يوق .

— ئىپلاس ! سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن ! — جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھارۇن رەشىد سىڭلىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى .

— شۇنداق ، ياخشى كۆرىمەن ! ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ ! ئۇ بىباھا ئېسىل ئادەم ! — دېدى ئەبباسە دانىمۇ دانە قىلىپ . شۇنداق دېدىيۇ ، ئارقىدىنلا قىزىرىپ كەتتى . چۈنكى ، ئۆرپ ـ ئادەتكە كۆرە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدە ئاشكارا سۆزلەش بىئەدەپلىك ھېسابلىناتتى .

ئۇنىڭ خىجالەت چەككىنىنى كۆرگەن ھارۇن رەشىدمۇ شۇ

ھەقتە ئويلىدى ـ دە ، سۆزنى باشقا ياققا ئېلىپ كەتتى :
— قانداقلارچە ، ئۆز ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا تىلىڭ باردى ؟ پاھىشىلەرگە خاس ئىقرارىڭنى بەس قىل ! نېمانچە پەسكەشلىشىپ كەتكەنسەن !
— ۋەزىرنىڭ جاھاندا تېگى يوق ! ئۇنىڭدىن يۇكسەك ، يېگانە زات ئەمىر ۋلمۇسلىمىن ! — قىزىشىپ ئېيتتى ئەبباسە .
— ئوينىشىڭ ئەسلىدە قۇل ئەۋلادى ، ئاخىرقى دەقىقىگە قەدەر شۇنداق بولۇپ قالغۇسى . شۇنداق ، ئۇنىڭمۇ كۈنى تۈگەپ قالدى .
— جەفەردىن ئادالىتىڭىزنى ئايىماڭ ، ئاكا ! جەفەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلماڭ ، ئۇ خەلىپىلىك ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەم !
— ئۇنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق ! كۈچۈكلىرىڭنىڭ ھەم شۇنداق ! — ۋارقىرىدى غەزەپكە چىدىيالماي خەلىپە .
— باللىرىمنىمۇ قەتل قىلماقچىمۇسىز تېخى ! — توۋلىدى ئەبباسە بېشىنى چاڭگاللاپ ، — تېخى ھېچ نەرسىنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن نارەسىدىلەرنى ـ ھە ؟ ئەي ئاللا ! شور پېشانە باللىرىم ! . . . ئاكا ، باللارغا رەھىم قىلىڭ ! ئۆزىڭىزمۇ ئاتىغۇ ! نېمىشقا بىر تۇغقان سىڭلىڭىز ئەبباسەنى بۇ قەدەر ئازابلايسىز ؟ باللىق ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسكە ئېلىڭ ! ئىككىمىز شاھ ۋە مەلىكە ئويۇننى قانداق ئويناپتتۇق ، كىچىككىنە توپنى ئېتىشىپ ئويناپتتۇق ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، ئاكا ؟
خەلىپە بىرلەھزە ئىككىلەندى : سىڭلىسى ئەپۇ قىلىشنى كۈتمەكتە ، ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .
— گۆرلىرى نۇرغا تولغان مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ئەسلەڭ ! — يالۋۇردى ئەبباسە ، — ھېچبولمىغاندا ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھى ھەققى ، شەپقەت قىلىڭ ! ئانىمىزنى

ئەسكە ئېلىڭ !
بىردىنلا ھارۇن رەشىدنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە قىساسخورلۇق ئوتى چۇلغىدى .
— ئاتا - ئانىلىرىمىزنى دەمسەن ؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ ، — ئۇلارنىڭ روھىنى شېپى كەلتۈرۈشكە قانداق تىلىڭ باردى ؟ سەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نامىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن چوڭ گۇناھكارسەن ! تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئەجدادىمىز شەنىگە چۈشكەن داغ پۈتۈن خەلىپىلىككە يېيىلىدۇ ! نومۇسسىز خەۋەرلەر سۆز - چۆچەك بولۇپ پۈتۈن خەلىپىلىكنى كېزىدۇ ! ئۇلارنى ھەرقانداق يول بىلەنمۇ توختاتقىلى بولمايدۇ ! مەن خەلىپىمەن . خەلىپىلىك شەرىپى قېرىنداشلىقتىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ . داغ قان بىلەن يۇيۇلىدۇ !
ئازراقمۇ ئۈمىدى قالمىغان ئەبباسە ئەمدى ئارماندا كەتمەي دەپ ئاكىسىنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، قاتتىقراق جىلە قىلىپ ، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتى .
— بىلەمسىز ، سىز كىمسىز ؟ ياۋۇز قانخورسىز ، زالىمسىز !
ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ لەۋلىرى غەزەپتىن پۇرۇشۇپ قالغاندەك بولدى .
— قەتل ئەتمىسەم سېنى ، پاھىشە ! — ئۇ خەنجىرىگە قول سوزدى ، — ھارامدىن بولغان كۈچۈكلىرىڭنىمۇ شۇنداق ! سويۇپ تاشلاشقا ئەمر قىلىمەن ! دەريا - قانلار بىلەن شەرمەندىلىكنى يۇيۇپ تاشلايمەن !
— قانخور ! قارا نىيەت ! — ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ تولۇلدى ئەبباسە ئاكىسىنى سەنلەپ ، — كەس بېشىمنى ! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟ !
— ئۆچۈر ئاۋازىڭنى ، سارالڭ !
— ياق ، ئەمدى ئاۋازىمنى ئۆچۈرمەيمەن ! سەن مېنى

پاھىشلىك قىلدىڭ دەپ ئەيىبلەۋاتىسەن، ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ-چۇ؟ . . . ئۆزۈڭ نېمىلەرنى قىلمىدىڭ؟ مەن ئېرىمنى سۆيىمەن، ۋەسسالام! سەن بولساڭ ھەر كېچە بىر كېنىزەكنىڭ قوينىغا كىرىسەن! قېنى ئېيتچۇ، كىمنىڭ گۇناھى ئېغىرراق؟ مۇقەددەس قېنىمىزنى كىم كۆپرەك بۇلغاۋاتىدۇ؟ سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭچۇ؟ سېنىڭ سان - ساناقسىز گۇناھلىرىڭغا شېرىك! ئۇنلاپ ئېپپەتلىك قىزلارنى ساڭا تارتۇق قىلىدۇ، ئۇنى پۈتۈكچىلەر تارىخ سەھىپىلىرىگە خاتىرىلەشكەنكى، ئۇنى ھەرقانچە ئۆتكۈر خەنجەر بىلەنمۇ قىرىپ تاشلىيالمايسەن . . . ئاشۇ سەھىپىلەر تاۋۇتۇڭغا ئويۇلغۇسى! بىر قورساقتىن چۈشكەن جىگەر باغرىڭ، قېرىنداش جىيەنلىرىڭنىڭ ئانىسى بولغان ناتىۋان بىر ئايال سەندىن شەپقەت تىلەۋاتسا، سەن ئۇنى تېپىپ تاشلىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ نارەسىدە پەرزەنتلىرىنى سويۇپ تاشلايمەن دەپ ھەيۋە قىلىۋاتىسەن! ئىسىت، ساڭا نېسىپ بولغان ئەمىرۇلمۇسلىمىنلىك! تېخى ئادالەتپەرۋەر ئىمىش! مۇدھىش مەخلۇق!

## 61 . قىساسكار خەلپە

— بەس قىل! — ھۆركىرىدى خۇدىنى يوقاتقان ھارۇن رەشىد، — ھاي، مەسرۇر!

— لەببەي، پەرمانبەردارمەن، ساھىبدۆلەت! — يېرىم ئوچۇق ئىشىكتىن جاللاتنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— بارمۇ سەن، لالما ئىت؟ مەن ئېيتقان بويىچە، ساراي ئەتراپىغا قاراۋۇللار قويۇلغانمۇ؟ كىمكى سارايغا كىرىشكە ياكى ئۇنىڭدىن چىقىشقا ئۇرۇنسا، سۆزسىز قەتل قىلىنسۇن!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى!

— ھەي لەنىتى، ياردەمچىلىرىڭ قېنى؟

— مۇشۇ يەردە هازىر ، ئالىيلىرى !
— پەرمانىمنى ئىجرا قىل !
باش غايىب بولدى . ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلدى . ئىككى قول سارايىنىڭ يەر ئاستى خانىلىرىدىن ئىزدەشتۇرۇپ تېپىلغان ئۇزۇنچاق كونا ساندۇقنى ئېلىپ كىرىپ ئوتتۇرىغا قويدى .
هارۇن رەشىد ئەبباسەگە قارىدى :
— بۈگۈن سېنى يوق قىلىمەن ! تۇر ئورنۇڭدىن !
مەسرۇر دىك قىلىپ سەكرەپ ئەبباسەنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى ۋە شەمشىرىگە قول سوزدى .
— هەي نائىنساپ ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — ئاھ ئۇردى ئەبباسە ، — ئاللادىن قورق ، بەندىدىن ئۇيال ! ئۇ ھەممە ئىشلارغا شاهىت ، ئاڭلاپ ھەم كۆرۈپ تۇرىدۇ !
خەلىپە يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈدى . بۇنى كۆرگەن ئەبباسە ئۆزىنىڭ پەيمانى تولۇپ ، ئەجىلى يەتكەنلىكىنى چۈشەندى .
— تۇفى ، سەندەك قەبىھ مەلئۇنغا ! — توۋلىدى ئەبباسە يۈزىنى چەتكە بۇراپ . ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ھىجازغا ، پەرزەنتلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى . ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . ئوچۇق ئىشىكتىن كىرگەن ساپ ھاۋا ۋادىلاردىن ئۇرغان مەيىن تاڭ شامىلىنى ئەسلەتتى . شەمەسسىيە سارىيىدا ئازادلىق تېگىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان ئېرىنى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يادلىدى . قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ پىچىرلىدى :
— ئەي ئاللا ! پەرزەنتلىرىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم . ئۇلارنى رەھمىتىڭ دەرياسى بىلەن سۇغارغايسەن ، ئەي پاكا پەرۋەردىگارا !
سەجدىگە بەند بولغان ئەبباسە خەلىپىنىڭ مەسرۇرغا شەرەت قىلغىنىنى ۋە بېشى ئۈستىدە شەمشەر كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى .
— ئەي ئاللا مېنىڭ . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەبباسەنىڭ بېشى دۈك قىلىپ يەرگە چۈشتى ۋە دومىلاپ كەتتى . باشسىز تەن بىر سەكرىدى ـ دە ، ساندۇق ئالدىغا يىقىلدى . قوللار گويا ئاللاغا ئىلتىجا قىلغاندەك ساندۇق قاپقىقىغا ئېسىلىپ قالغانىدى . قورقۇپ كەتكەن قۇللار بويىنىدىن تېخىچە قان ئېقىۋاتقان تەننى ھاپىلا ـ شاپىلا يەردىن كۆتۈرۈپ ساندۇققا سېلىشتى . كاللىسىنى پۈتلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇشتى .

خەلىپە گويا قېتىپ قالغاندەك قىمىر قىلمايتتى . ساندۇق قاپقىقى يېپىلىپ مىخلانغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە خىرىلداپ سورىدى :

— گۆركارلار قېنى ؟

جاللات ساراي دەرۋازىسىغا ئۈچقاندەك بېرىپ قونارچا قەسرىدىن كەلتۈرۈلگەن ، قاراۋۇللارنىڭ نازارىتىدە تۇرغان ئىككى زەڭگى ھەبەشنى مۇنارغا باشلاپ كەلدى . ھەبەشلەر ئىسسىق قان تامچىلىرىغا خەۋپسىرەپ قارىغىنىچە ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، كەتمەن بىلەن گۆر كولاشقا تۇتۇندى . گۇرجەكلەر توپا تاشلايتتى . بىردەمدىلا ئورا ئەتراپىدا توپا دۆۋىلىرى پەيدا بولدى . ئۈچ ھەبەش ئارتۇق توپىلارنى سېۋەتلەرگە سېلىپ تاشقىرىغا توشۇشقا باشلىدى . ئورا تېگىدە سۇ كۆرۈندى .

— بولدى ، چۈشۈرۈڭلار !

ساندۇق ئورنىنىڭ ئىچىگە ئاران تىقىشتۇرۇلۇپ ، پاتقاققا قويۇلدى .

— كۆمۈپ تاشلاڭلار ، قارا باتۇر مايمۇنلار ! — ۋارقىرىۋەتتى ھارۇن رەشىد ۋە سەندەلگە يېپىشقان لايىنى قەبرە ئۈستىگە سۈرۈپ چۈشۈردى ، — گۆرى نۇرغا تولغاي !

بىرەركىم بۇ يەردە قەبرە بارلىقىدىن گۇمانلانماسلىقى ئۈچۈن ياخشىلاپ كۆمۈلدى ، تەكشىلەندى ۋە ئۇبدان چىڭدالدى . پاجىئەدىن نام ـ نىشان قالمىغانىدى . خەلىپە ئۆڭكۈر ئىشىكىگە

www.uyghurkitap.com

يوغان قۇلۇپنى سالدى ۋە مەسرۇرغا دېدى :

— گۆركار ۋە ياردەمچىلىرىڭنى رازى قىل ! ھېچكىمنى ساخاۋەتتىن قۇرۇق قويما . گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ ، ھېچكىمنى !

— پەرمانبەردارمەن ، دۆلەتپاناھىم !

— ساراي قاراۋۇللىرىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيت . كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزلىرىنى مۇستەھكەملە . ئاندىن ئارقامدىن يۇر ، ئەبەدىيەت قەسرىگە بارىمەن .

تېخى تاڭ ئاتمىغانىدى . ساما يورۇتقۇچىلىرى گويا بۇگۇنكى بولغۇسى پاجىئەنى سەزگەندەك ، ئاستاغىنا بۇلۇت ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقانىدى . مانا شۇنداق ساراسىمە ئىچىدە خەلىپىنىڭ خاس نۆكەرلىرى جاللات نازارىتىدە ئەبباسەنىڭ قەتل ئېتىلىشىنىڭ شاھىتى بولغان قۇللارنىمۇ ، نامەلۇم گۆركارلار بولغان ھەبەشلەرنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۇزۇشتى . جەسەتلەر تاغارلارغا سېلىنىپ ، ئاغزى مەھكەم تىكىلىپ ، قېيىققا سېلىنىپ دەجلىگە چۆكتۇرۇۋېتىلدى . مەسرۇر ئەبەدىيەت قەسرىگە يېتىپ كېلىپ ، كۇتۇپ ئولتۇرغان خەلىپىگە دوكلات قىلدى :

— دۆلەتپاناھىم ! بەتبەختلەر بىلەن تولۇق ھېساب - كىتاب قىلدىم !

ھارۇن رەشىد جاللاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئېغىر ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ دېدى :

— مە ، ئال ، سەندە تۇرسۇن ! سورىغاندا بېرەرسەن . بۇگۇن پەيشەنبە . ۋەزىر سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۇن . ھېچ يەرگە مىدىرلىما ! بۇرادىرىم جەفەرنىڭ يىراق سەپەرگە ئامان - ئېسەن يۇرۇپ كېتىشىگە ياردەملىشىش ھەم قەرز ، ھەم پەرز !

## 62 . خەيرلىشىش

ھارۇن رەشىدنىڭ لۇتپۇ ئىنايىتىدىن بەھرىمەن بولغان

خوراسان ۋىلايىتىنىڭ يېڭى نائىبى باغدادتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى خەيرلىشىش مۇراسىمىغا داخىل بولۇپ، ئەمىرۇلمۇسلىمىنغا يەنە بىر مەرتە ساداقەت ئىزھار قىلىپ، يەر سۆيۈپ، ئالىي ئىجازەتكە سازاۋەر بولۇشى، مەرتىۋە پەلەمپىيىگە قەدەم قويۇش هارپىسىدا، ئادەت بويىچە سابىق ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاخىرقى مەرتە بېجىرىپ، ئەمىرۇلمۇسلىمىندىن پاتىھە ئېلىش كېرەك ئىدى. خەيرلىشىش مۇراسىمى خەلىپىلىكتە كاتتا بايرامغا ئوخشاش ئۆتكۈزۈلەتتى.

چىرايلىق كىيىنىپ رەتلىك سەپ تۈزگەن ئاتلىقلار ئالدىدا جەفەر ئىبن يەهيا هەيۋەت بىلەن ئەبەدىيەت قەسرى تەرەپكە ئات سېلىپ باراتتى. تاڭ مەهەلدە ۋەزىر خامداننى چاقىرىپ، ئەبباسە قەسرىگە هېچكىمنى ئەۋەتمەسلىكنى بۇيرۇدى.

— ئېهتىياتچانلىقنىڭ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەلىكىنىڭ سارىيى ئەتراپىدا گۇمانلىق كىشىلەر تىمىسقىلاپ يۈرۈشۈپتۇ. نەخرەۋانغا كېلىدىغانلىقىنى رەپىقەم ياخشى بىلىدۇ. شۇ يەردە ئۇچرىشارمىز.

كۆرۈنۈشتە شاد ـ خۇرام، ئەمما يۈرىكى ئىزتىراپقا تولغان ۋەزىر قارا ئايغىر ئېتىنى چەبدەسلىك بىلەن ئويىنىتىپ باراتتى. قەلئە تېمى ئەتراپىدىكى توپا دۆڭلۈك ئالدىدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەنتەنىلىك مۇراسىم شەرىپىگە تۇرغۇزۇلغان قاراۋۇللار سەپ تارتقانىدى. لەشكەرلەرنىڭ قۇتلۇقلاشلىرى ۋە تاماشا كۆرگىلى يىغىلغان خالايىقنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئارىسىدا ئاتلىقلار ئىككى تەرىپى دەرەخلىك تار يول بىلەن يۈرۈپ كەڭ خىشلىق قەلئە تېمى ئارقىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. «ئەمدى ئۆمۈر بويى بۇ يولدىن يۈرمەيمەن، — ئۆزىچە ئويلىدى جەفەر ئىبن يەهيا ئۇزاق مۇددەتلىك قاماللارغا مۆلچەرلەپ سېلىنغان ئېگىز قەلئە تاملىرىغا نەزەر تاشلاپ، — قىزىق، خەلىپە مېنى نەچچە قېتىم ئالدىدى، مەنمۇ هەر نۆۋەت ئۆز لايىقىدا جاۋاب

قايتۇردۇم . گۇناھىمغا ئىقرارمەن . يىراقلىشىدىغان ۋاقتىمىز يەتتى . قوبۇلدىن كېيىن قايتا كۆرۈشمەسمىز ، ئاللا ئۆزى قوشۇن تارتىپ بارمىسا . . .»

دۆلەت مەجلىسىنىڭ كاتتا دىۋانخانىسى ئادەمگە تولغان بولۇپ ، ئەمىرلەر ، سەركەردىلەر ، ئەئيانلار ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى . باغدادنىڭ پۈتۈن ئالىي زاتلىرى يىغىلىشقانىدى . مەنسىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ ، تەسىر دائىرىسىنى تېخى يوقاتمىغان ۋەزىرنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرۇش ئەمدى ئۇلارغا نېسىپ بولمايتتى . جەفەر ئىبنى يەھيا ئۇلۇغ ئىچىۋېتىلگەن ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ھەممىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا قارىتىلدى . توۋا ، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەپتۇغۇ تېخى بۇ ۋەزىر ! خۇشال كۆرۈنىدۇ . خۇراسانغا سۈرگۈنلۈك ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇتلۇلۇش دېمەكتۇر ! ئۇ خەلىپىگە يېقىن كېلىپ تىزلىرىنى پۈكتى ، ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ قۇرئانىنى سۆيدى ، «مۇھەممەدۇن روسۇلۇللا» دەپ ئاق ھەرپلەر پۈتۈلگەن قارا تۇغ ئالدىغا كېلىپ تۇغنى يۈزلىرىگە سۈرتتى ، ئاندىن ھارۇن رەشىدنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى . چارەك سائەتچە خەلىپىنىڭ دانايۇ دانىشمەنلىكى ، لۇتپۇ كەرەمى ۋە ساخاۋىتىگە ھەمدۇسانالار ئوقۇلدى . يىغىلغانلارنىڭ بىردەك قارىشىچە ، كەيپى خۇش ئەمىرۇلمۇسلىمىن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ۋىلايەت نائىبىغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتى ، ھەتتا ناھايىتىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى .

مۇنشىلار ئوردىدا بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك مەكتۇپ ـ ئالاقىلەرنى كەلتۈرۈشتى . سەرمۇنشى بىر ھەپتىدىن بېرى كەلگەن مەكتۇپ ۋە ئەرزلەرنى ۋەزىرگە ئۇزاتتى . ۋەزىر ئۇلارنى بىرمۇبىر ئوقۇپ ، كېرەك بولغان جايدا بەزى سۆزلەرنى سوراپ ئېنىقلىدى ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جاۋابلارنى بىر



www.uyghurkitap.com

باشتىن ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى ، خەلىپىنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن باش لىڭشىتىشىدىن كېيىن ئىمزا قويۇشقا باشلىدى .
ئىمزا چېكىلگەن مەكتۇپ ۋە ئالاقىلەرگە سەرمۆنشى چوڭ مۆھۈرنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن جەفەر ئىبن يەھيا هارۇن رەشىدكە مۇراجىئەت قىلىپ ، تەنتەنىلىك يوسۇندا گەپ باشلىدى :
— ئەي بۈيۈكلەرنىڭ بۈيۈكى ! مېنى گۈل بەرگىلىرىگە ئوخشاش چەكسىز خەيرۇ ئېهسان ۋە مۇرۇۋۋەتكە كۆمۈپ تاشلىدىلا ، خۇددى جىگەر باغرىلىرى ۋە دوستلىرىغا ئىشەنگەندەك ، خەلىپىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇردىلا . مانا ئەمدى ئايرىلىشنىڭ مۇڭلۇق دەملىرى ئىشىك چەكمەكتە . . .
— بۇرادىرىم جەفەر ! — خەلىپە تەنتەنىلىك ، ئۇلۇغۋار روهنى يوقىتىپ قويغىنىدىن ئۇيالغاندەك بولۇپ ، ئارقىدىن يەنە يۇقىرى ئاۋازدا دەبدەبىلىك ئاهاڭ بىلەن سۆزلەپ كەتتى ، — ئاللا گۇۋاھ ، مۇبادا خەلىپىلىكنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى ساڭا تارتۇق قىلساممۇ ، مەن ئۇچۇن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنىڭ قەررىدىن قۇتۇلالمىغان بولۇر ئىدىم . سېنى ۋە سېنىڭ باشچىلىقىڭدىكى بىزنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىهەتچىمىز ھەم ياردەمچىمىز بولغان بارچە بەرمەكىيلەرنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىنى ، قىلغان ئەجىر - مېهنەتلىرىنى ناهايىتىمۇ يۇكسەك بىلىپ قەدىرلەيمىز .
ۋەزىر بېشىنى ئەگدى .
— مەن قەيەردە بولماي ، باغداتتىن يىراقمۇ ياكى يېقىندىمۇ ، خەلىپىنىڭ تەۋەررۇك قوللىرىنىڭ بىر ئىشارىسى بولسا ، بەس ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن شان - شەۋكىتى يولىدا قېنىمنى تۆكۈش ۋە جېنىمنى تىكىشكە تەييارمەن . ئۇلۇغ شاھىمىز پەرمان بەرسە ، مەن شۇ زامان ھازىر . . .

— سۆزلىرىڭ، بۇرادىرىم جەفەر، ئاللا دەرگاھىدا قوبۇل بولغاي! پەرىشتىلەر ئامىن دېگەي! جاھان پايتەختىنى ئىسكە ئالدىڭ، خۇرسەنمىز. ئۇ يادىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەي! قەلبىڭ دائىم باغداد بىلەن باغلانغاي! ئايرىلىش تۈپەيلى قەلبىمىز قايغۇغا تولدى... سېنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇشۇڭغا ئۆگىنىپ قالغاندۇق. دانا مەسلىھەتلىرىڭنى ياد ئېتىپ تۇرغايمىز. خەلىپىلىكنىڭ پۈتۈن بايلىقى ۋە شانۇ شەۋكىتى سەن تۈپەيلى بۇنياد بولغان!

جەفەر ئىبن يەھيانىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. «بۇ قانداق بولغىنى؟ — يالت قىلىپ خىيالىدىن ئۆتتى، — مېنىڭ سۆزلىرىم؟ شەيخ ئىسمائىل چېقىمچىلىق قىلغانمىدۇر؟ ئايغاقچى پەيدا بولۇپ قالدىمۇ يا؟ يېڭى قول شۇ بولسىچۇ؟»

— يەپ - ئىچىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سېنىڭ مېھنەتلىرىڭ تۈپەيلى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇرغان ھارۇن رەشىد ۋەزىردە زەررىچە شۈبھىگە ئورۇن قالدۇرمىدى، ئاندىن ئۇنى يوپۇتقاندەك بولۇپ قوشۇپ قويدى، — گاھىدا ئارى-مىزدىن ئالا مۇشۇكمۇ ئۆتتى. بىراق، قۇياش يەنە پارلاپ نۇر چېچىۋەردى. مۇرۇۋۋىتىمىزنىڭ چەك - چېگراسى يوق.

جەفەر ئىبن يەھيانىڭ شۇ تاپتىكى بىردىنبىر خاھىشى — بۇ يەردىن تېزرەك كېتىپ، ئادەمنىڭ جان - جېنىنى تېشىپ ئۆتىدىغان خەلىپىنىڭ تىكەندەك ئاچچىق قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئىدى.

— ئەرزىمەس قۇللىرىغا ئۆز خىزمەتلىرى بىلەن غادىيىش ياراشمايدۇ، خىزمەت قىلىش — ئۇلارنىڭ بۇرچى، — جاۋاب قىلدى ۋەزىر ئاۋازىدىكى تىترەكنى ئاران بېسىپ، — ئەمى-رۇلمۇسلىمىن، كەتمەككە ئىجازەت بېرەرلىمىكىن؟

ئۇ «خۇراسانغا يۈرۈپ كەتمەككە» دەپ سالغىلى تاسلا قالدى. «كەتمەككە» دېيىش ئادەتتىكىچە ئاڭلىنىپ «قەيەرگە

كەتمەك» ، «ئۆيگە كەتمەك» تەرزىدە چۈشىنىلەتتى . «خۇراسانغا يۈرۈپ كەتمەك» بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە مەنە بېرەتتى . چۈنكى ، يۈرۈپ كېتىش ھەققىدە يەنە بىر مەرتە ئەسلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . خەيرلىشىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ ئۆزىلا باغدادتىن يۈرۈپ كېتىشكە رۇخسەت دېگەن گەپ ئىدى .

— ھەممە ئۇششاق - چۈششەكلەرگىچە ھېسابقا ئېلىپ ، ئەتراپلىقراق ئويلاندىڭمۇ ، يول يىراققۇ ، ئاخىر ؟ — مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى ھارۇن رەشىد . مەقسىتى (بەرمەكىيلەرنىڭ ئۆۋىسىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئاللا ساقلىسۇن ! ) بىر ۋەزىرنىڭ ئۆزىنىلا ۋەھىمىگە سېلىش ئىدى .

— ھەئە ، ھەممىسى ھېسابقا ئېلىنغاندەك تۇرىدۇ . . . ئەلۋەتتە سىلىنىڭ مەرھەمەتلىرى بىلەن ، ئەي ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى !

— ناھايىتى ياخشى ! يۇلتۇزلار نېمە دەيدۇ ؟

جەفەر ئىبن يەھيا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلەتتى . قىزىققانلىق نە ھاجەت ؟ چۈنكى ، ئۇنىڭ غەزىپى بارغانسېرى قايناپ بېرىۋاتاتتى . «ئۇ يەنە نېمە قىلماقچىدۇر ؟ ناۋادا ئالداپ قويسىچۇ ؟ ياق ، قۇرئەگە چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ ، يۇلتۇزلار مەككارلىقنى كەچۈرمەيدۇ . . . »

— ھە ، راست ، بۇنىڭغا تېخى قارىمىغانىكەنمەن .

— بۇ قانداق بولغىنى ؟ ! — ئىنتايىن ھەيرەتلەنگەندەك خىتاب قىلدى ھارۇن رەشىد ، — شۇ ئەھۋالدا سەپەرگە چىققىلى بولامدۇ ؟ يۇلتۇزلارنىڭ سامادىكى ھالىتى ، ھەرىكىتى ئادەملەرنىڭ قىسمىتىنى بەلگىلەيدۇ ! بولمىسا ، مەن ساڭا ياردەملەشكەن بولاي ، بۇرادىرىم جەفەر ، — ئۇ چاۋاك چالدى . — ھاي مۇنەججىم ! — خۇددى يەر ئاستىدىن چىققاندەك ئورۇق ، ئۇچلۇق بۇرۇن ، كەكە ساقال بىرى ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن بىلجىرلاپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئۇستۇرلابى قۇياش ، ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ماقۇل بولسا ، ئۈچ يېرىم سائەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .

— ئەي مۇنەججىم ، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ، ئەتە كېچىدىكى سامادىكى سەييارىلەرنىڭ هالىتىنى بايان قىلالامسەن ؟ ۋەزىرىمىزنىڭ سەپەرگە چىقىشى مۇۋاپىق بولارمۇ ؟

— بەجا كەلتۈرۈلۈر ، ئەي دۆلەتپاناھ ! سارىيىڭىز بوسۇغىسىدا ئىلمى نۇجۇم بىلەن مەشغۇل بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان مۇنەججىم ئۈچۈن قۇرئە تاشلاش دېگەن ئەرزىمەس خىزمەت ، — بىلجىرلاشنى داۋاملاشتۇردى ئورۇق مۇنەججىم قەددىنى رۇسلىغاچ ، ئۇنىڭ كەكە ساقىلىنىڭ ئۇچى هارۇن رەشىدنىڭ تىزلىرىغا تېگەي - تېگەي دەپ قالغاندى ، — ئەمىرۇلمۇسلىمىن خالىغانىكەن ، سامادا سۆزلىمەس يۇلتۇز بولماس . ئەمدى كېتىشكە ئىجازەت بەرگەيلا . ئەتىگەندىن بېرى قورساق ئاغرىقى ۋە مىرىرىخ يۇلتۇزىنىڭ هالىتى مېنى بىئارام قىلماقتا .

— بېرىۋەر ، مۇنەججىم ! بوۋامنىڭ ئۇستۇرلابىدىن[1] پايدىلان . قانداق بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئېنىقلاپ ئاندىن قايت .

خەلىپە قارارگاھى يېنىدىكى مۇناردا مەشھۇر ئەبۇ جەفەر مەنسۇرنىڭ ئۇستۇرلاب ئەسۋابلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئەسلىدىكى هالەتتە ساقلانماقتا ئىدى . ئۇلار قارىياغاچتىن ئىشلىنىپ ، ئەتراپىغا پىل سۆڭىكى قادالغان چاناقلاردا تۇراتتى . ئۇستۇرلاب ئەسۋابلىرى ياردىمىدە تاشلانغان قۇرئە ئۆز ئېنىقلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى .

---

① ئۇستۇرلاب — يۇلتۇزلارنىڭ سامادىكى هالىتىنى كۆزىتىدىغان ئاسترونومىيىلىك ئەسۋاب ، تېلېسكوپ .

خەيرلىشىش مۇراسىمىدىكــــــلەر سۇكۇناتتا ، ھەممەيلەن ئاتاقلىق بېشارەتچى مۇنەججىمنىڭ قايتىشىنى سەۋرسىزلىـــك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . دىۋانخانا شۇ دەرىجىدە ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدىكى ، ئۇنىڭ ئىچىدە گوياكى ئادەم يوقتەك ئىدى . نىھايەت ، پەلەمپەيدىن قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلاندى . مۇنەججىم كىرىپ ، ئۆز ئادىتى بويىچە نېمىلەرنــــىدۇر غودۇڭشىـــــپ ، ھېچكىمگە قارىماستىن ئۇدۇل خەلىپىنىـــــڭ ئالدىغا ماڭدى . ھېسابلىغانلىرىنى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ ، بىرنەرسىلەرنى دەپ مەسلىھەتلىشىشتى . ئاندىن خەلىپە ئورنىدا قەغەزدىكــى پۈتۈكلەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئېلان قىلدى :

— ئەي بۇرادىرىم جەفەر ! بۈگۈن يولغا چىقىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ! قۇرئەدە پېشكەللىك بەلگىسى ئايان بولۇپتۇ ! مىررىخ ھالاكەت ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن دېرەك بەرمەكتە ! جۈمە كۈنىگىچە سەۋر قىل ، — ئۇ تېخىچە كەكە ساقىلىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ ، ئورنىدا قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي نېمىلەرنىدۇر ھېسابلاۋاتقان مۇنەججىمگە ئۆرۈلۈپ ، — قېنى ئېيتچۇ ، مۇنەججىم ، جۈمە كۈنى ھالەت قانداق ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى ، ئەي ساھىبدۆلەت ! — جاۋاب بەردى مۇنەججىم ، — بۈگۈن كېچىدە ۋەزىر نەخرەۋاندا بولسۇن ، شەنبە كۈنى يولغا راۋان بولغاي . يول ئوچۇق ، ئەڭ مۇھىمى — بۈگۈن باغدادتا قېلىپ ھالاك بولمىسا بولىدۇ . سەييارىلەر شۇنداق بېشارەت بېرىشىۋاتىدۇ ؛ باغدادتا قالسايۇ ، ھالاك بولمىسا !

جەفەر ئىبن يەھيا قۇرئە ، پال دېگەندەك ئىرىملەرگە ئۆلگۈدەك ئىشىنەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ھالاكەت خەۋىرى ئۇنى قاتتىق تەھلىكىگە سېلىپ قويدى .

— قېنى ، مۇنەججىم ، ھالاكەت سىزىقلىـــــرى قەيەردە كېسىشكەنلىكىنى ماڭا بىر كۆرسەتچۇ ؟ — جەفەر ئۇنىـــڭ

مۇرىسىدىن ئارتىلىپ ئورىما قەغەزگە كۆز تاشلىدى، — سەكسەن توققۇز ، ئالتە يۈز ئەللىك ئۈچ ، مىررىخنىڭ تەتۈر ھالىتى ، ئىككى يۈز قىرىق ئىككى ، ئون يەتتە . . .

ھارۇن رەشىد مەمنۇن بولۇپ ھىجىياتتى . چۈنكى، خۇراسانىنىڭ يېڭى ھاكىمى ھەرقانچە ھېساب - كىتاب قىلمىسۇن ، مۇنەججىم بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

— ئېيتقىنىڭ توغرا ، مۇنەججىم ، — دېدى ۋەزىر قەددىنى تىكلەپ ، — ئون ئىككى بۇرج بەلگىلىرى سول تەرەپكە ئېغىپ تۇرۇپتۇ . ئەتىلا يولۇپ كەتمەك كېرەك . ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، سىلى ھاياتىمنى قۇتقۇزدىلا !

ھارۇن رەشىد مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتتى .

## 63 . خەتىبە سارايدىن قېچىپ چىقتى

ئەبباسەنىڭ سارىيى خەلىپىنىڭ خۇسۇسىي قورۇقچىلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ، ئىشىك ۋە دېرىزىلەر مەھكەم تاقالغان ، دەرۋازىلارنىڭ مۇداپىئە پەنجىرىلىرى چۈشۈرۈلگەن ، توسۇق ئارقىسىدا قورۇقچى قاراۋۇللار قويۇلغانىدى .

سارايىنىڭ ئىچىدىكى خانىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرگەن خەتىبە بىر ئامال قىلىپ باغقا چىقىۋېلىشنى ئويلايتتى . مەلىكىنىڭ تىرىك قالمىغانلىقىدىن شۈبھە قىلمايتتى . ئۇ مەلىكىنىڭ ئاخىرقى ئىستىكى — ۋەزىرنى خەۋەرلەندۈرۈش ، يۈز بەرگەن پالاكەتلەرنى ۋەزىرنىڭ قولىقىغا يەتكۈزۈش مېنىڭ پەرزىم ھەم قەرزىم دەپ بىلەتتى . «ئەبۇل ئەتەخىيە ماڭا ياردەم قولىنى سوزۇشى مۇمكىن ! — دەپ ئويلىدى ئۇ مۇزدەك سۇغا تولغان ھاۋزا بويىغا كېلىپ ، لېكىن توساتتىن ۋەھىمىگە چۈشتى ، — ياردەم قىلمىسىچۇ ؟ ھەممە پالاكەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ ئىدىغۇ ! ئۇ

مېنى سۆيەتتى . . . ھەتتىگىنەي ، شورى قۇرۇغۇر ، نېمىشقا ئۇدۇللا قېشىمغا كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ؟ خۇددى نەرسە سېتىۋالغاندەك خەلىپە بىلەن سودىلىشىدۇ ـ ھە ؟ ئۇنى سارايغا چاقىرتسا بولارمىكىنە ؟ مېنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمغا ياردەم قىلارمۇ ؟ يا مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن ؟ ئارىدىن قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى . . . بۇ ئىشتا پەقەت ئالتۇن كارغا كېلىشى مۇمكىن . . . يا سۆيگۈ ، يا ئالتۇن . توۋا ، ئالتۇننى نەدىن ئالىدۇ ؟ »

— ئەبباسەنىڭ قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى ! — مەلىكىنىڭ سەپەر ئالدىدا تەييارلاپ قويغان ئويما نەقىشلىك زىبۇ زىننەت قۇتىسىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇۋلىۋەتتى كېنىزەك ، — قىممەت باھالىق بۇيۇملار ھەرقانداق توسۇقلارنى ئېچىۋېتىشكە قادىر .

يەڭگىلىغىنا ئېچىلغان قۇتىدىن يالپاقلانغان مەرمەر ياتقۇزۇلغان يەرگە چۈشكەن ئېسىل گۆھەر تىزىقلار ، تىئارە[1] ، بىلەزۈكلەر ، تاشپاقا شەكىللىك تارغاقلار ، ئۈزۈكلەر ، بالداقلار[2] ، ئالماس جابدۇقلار ، كۆكۈچ ۋە زەڭگەر ياقۇتلار ، يەمەن لەئلىلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ ، خىلمۇخىل جۇلالىنىپ تۇراتتى . خەتىبە قولىغا چىققان بىر تىزىق ئېسىل مارجاننى ئالدى ـ دە ، بېشىغا پەرەنجىسىنى يېپىپ ، كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە باغقا ئېلىپ چىقىدىغان ئىشىك ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق ياش لەشكەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى .

خەتىبە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خانىلارنىڭ ھەممىسى

---

① تىئارە — قەدىمكى شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھ ۋە مەلىكىلىرىگە خاس بولغان ئالتۇندىن ياسىلىپ ، ئېسىل تاشلار قادالغان باش كىيىمى .

② بالداق — ئۈزۈكنىڭ بىر خىلى ، كۆزسىز ئۈزۈك .

قۇپقۇرۇق . ساراي خىزمەتكارلىرى چوڭ زالغا يىغىلىۋېلىشقان بولۇپ ، تاشقى ئىشىك پۇتۇنلەي تاقاق ئىدى . خەتىبە ئىشىكنى تاقىلدىتىپ بىر ئاز كۈتۈپ تۇردى ، ھېچقانداق جاۋاب بولمىغاچ يەنىمۇ قاتتىقراق تاقىلداتتى . كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۆمۈر پەنجىرىنىڭ شاراق ـ شۇرۇق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، قاراۋۇل ئىشىكنى ئېچىپ نارازى ئاھاڭدا غودۇڭشىدى :

— نېمە دەيسەن ؟

ئۇ ئالدىدىكى قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن ئايالنى كۆرۈپ ، ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ ، دېدى :

— توۋا ، سەرۋىدەك تىك قامەتلىك خەلىپىنىڭ شەمشىرىگىلا ئوخشايدىكىنا . كىمسەن ئۆزۈڭ ؟

— ئەي قاراۋۇل ، مېنى چىقىرىۋەتكىن ، ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! مەن كېنىزەكمەن . . . — ئىلتىجا قىلدى خەتىبە . ئۇ خىزمەتكارلار بىلەن كۆپ مۇئامىلە قىلىپ ، ئاددىي خەلق تىلىنى ياخشى بىلىۋالغان بولۇپ ، مەلىكە بىلەن بېشىغا پەرەنجە ئوراپ فەنخەسىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىرىدىمۇ بۇ ئارتۇقچىلىقى ئوبدان ئەسقاتاتتى .

— ئىجازەت يوق ، جېنىم — جانانىم ، ئاپئىقىم ! قومانداننىڭ پەيلى يامان . بېشىڭنى ئالىمەن دەپ ھەيۋە قىلدى ، ئىلاجىم قانچە . . .

— سەن خەلىپىنىڭ نۆكىرىسەن . ھەممە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ . مەندەك بىچارە ئايالنى كىممۇ تۇتۇۋالاتتى ؟ ئۇنىڭ كىمگە زەرەرى بار ؟ — يېلىناتتى خەتىبە بېشىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان پەرەنجىسىنى ئوڭلىغىنىچە .

— ئاھ تەڭرىم ! بۇنداق گۈزەلنى خەلىپە سارىيىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ ! — دېدى ئۇنىڭ چىرايىغا كۆزى چۈشكەن قاراۋۇل . — توختا ، توختاپ تۇر ، بىرى كېلىۋاتقاندەك قىلامدۇ ـ نېمە . . . يوق ، ھېچكىم يوق . . . يوق ، ئەمما ،

قۇلاقتىن شەپە كەتمەيدۇ! پەرمان — هامان پەرمان - دە. قورۇقچىلىقتا تۇرۇۋاتىمەن. مېنى يولدىن ئازدۇرما، ئاڭلاۋاتامسەن، پەرىزات! كەچتە باغداد كۆۋرۈكىدىكى چىنارنىڭ تۈۋىگە كەل، ئەنە شۇ يەردە مۇڭدىشايلى.

— يا كېلۇرمەن، يا كېلەلمەسمەن، قاراۋۇل. مەن نېمىدېگەن بىتەلەي! ئىگەم مېنى بىر ئىش بىلەن ئەۋەتكەنىدى، مەن بولسام چاشقاندەك قاپقانغا چۈشۈپ قالدىم. ئەمدى شورۇم قۇرۇيدىغان بولدى!

— بۇقۇلداۋەرمە، ئەخمەق خوتۇن! ئىگەڭ نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتكەنىدى؟

— مانا بۇ ئورىما قەغەزنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ بەر، دېگەنىدى، — ئالداشقا ئۆتتى خەتىبە ۋە يالغاننى مۇنداق قاملاشتۇرۇپ توقۇۋاتقانلىقىغا ئۆزىمۇ هەيران قالدى، — مەن يەتكۈزۈپ بەردىم. قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. ئىگەمنىڭ مىجەزى ئوسال، مەن بىچارە بالاغا قالىدىغان بولدۇم! ئۇ ئۆيگىنىپ بولغۇچە يېتىپ بارسام بولاتتى.

— ئىگەڭ ئۆزى كىم؟ — قىزىقسىنىپ سورىدى قاراۋۇل ۋە ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى، — هەتتىگىنەي، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالغان بولسام...

— ئەبۇل ئەتەخىيە، ساراي شائىرى.

— پەرۋازى يۇكسەك قۇش! سەن كەچ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشۇڭ شەرتمىدى؟

خەتىبەنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىشقا ئۇندىمەيسەن؟

— تاپشۇرۇقنى ئورۇنداۋاتىمەن... ئورىما قەغەزنى تاپشۇردۇم، خىزمىتىم ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتنى ئالدىم...

— نېمە ئالدىڭ؟ — سورىدى قاراۋۇل ۋە كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — هە، يوشۇرماقچىمۇ سەن؟ يوقال، سەن

www.uyghurkitap.com

بىلەن سۆزلەشكەننىڭ پايدىسى يوق .

— توختا ، قاراۋۇل ، مەن بىتەلەينى قويۇۋەتكەن! ئىگەمنىڭ ئالدىدا تازا بالاغا قالىدىغان بولدۇم ! ئەجەبا ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسا ؟

— نىمىدەپ ساڭا ئىچىم ئاغرىغۇدەك ! ئاسماندىكى قىرغاۋۇل ناھايىتىمۇ ياخشى . ئەمما ، گاھ دىيسە قولغا قونمايدۇ — دە .

— سەن گەپدانلىق قىلىۋاتىسەن ، مېنىڭ بولسا ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ . . . مەلىكە ئەبباسەدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆر ، مەن بۇ سارايىنىڭ كېنىزەكلىرىدىن ئەمەسمەن .

— ئەبباسەنى قەلئە تېمىدىكى مۇنارغا ئېلىپ بېرىشتى . . . ئېنىقكى ، قېنىنى تۆكۈشتى ، قېنى ، كەلگەن ئىزىڭغا قايتىپ كەت ! ئىگەڭنىڭ ئۆزى ھېلىغىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ قالار . كېچىدە بەلكىم غەلۋە — غوۋغا بولۇپ ياخشى ئۇخلىيالمىغاندۇر . كۆڭلى ئەمىن تاپماي ، ئىزدەشكە چۈشەر ، — قاراۋۇل قول شىلتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى — دە ، تۆمۈر پەنجىرىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى .

— بوپتۇ ، ساڭا ئېيتاي ! قۇلاق سال ! — ئاستاغىنا تۈۋلىدى خەتىبە ۋە شىۋىرلاپ دېدى ، — ئەبۇل ئەتەخىيە نۇرغۇن پۇل بەدىلىگە شېئىر پۈتىدۇ . بولمىسا ئۇنىڭدىن بىرەر مىسرا ئېلىشمۇ مۇشكۈل . ھەممە شائىرلارمۇ شۇنداق . ئۇنىڭغا نېمە ئامال ، ئۇلار ئالتۇننى چۆنتىكىگە ئۇرسىلا بەس ياكى بىرەر ئايالنى . ئەمما ، بۇنداق ھال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . مەن ئۇلارنى ياخشى بىلىمەن . تۈنۈگۈن ئىگەم ئەبباسەنى مەدھىيىلەپ ئۇزۇن قەسىدە پۈتتى . قەسىدە پۈتۈلگەن ئورىما قەغەزنى مەندىن ئەۋەتتى . ئەبباسە قوبۇل قىلدى . . .

— ھەققىنى بەردىمۇ ؟

— بەردى .

— بەردى؟ قېنى؟ كۆرسەتچۇ؟
خەتىبە قولىنى بەلۋىغىغا تىقىپ، ئېسىل مارجاننى چىقاردى. قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ جۇلاسى پەنجىرە ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى يورۇتۇۋەتتى. ياقۇتلار كۆكۈچ، قىزغۇچ رەڭلەردە يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.
— نەدىكى بىر قەسىدىگە شۇنچە مۇكاپاتمۇ؟! ماڭا بەر! سېنى چىقىرىۋېتىمەن!
قاراۋۇل ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ مارجانغا قول سوزدى. خەتىبە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ نۇرلىرى بىر دەقىقە غايىب بولۇپ، يەنە چاقناپ كەتتى.
— ئىگەمگە دەيمەن؟ ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟
— ئەبباسە ھېچ نەرسە بەرمىدى دەپ يالغان ئېيتقىن!
— ئۇ ئىشەنمەيدۇ...
— ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ بولالمايدۇ، يالغان ئېيتمۇەر! بىز ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۈلىشەيلى، يېرىمى مېنىڭ بولسۇن، يېرىمى سېنىڭ!...
خەتىبە بوسۇغىدىن ئۆتۈپ مارجاننى ئۇزاتتى. قاراۋۇل ئۇنى چاڭگاللاپ ئۆزىگە تارتتى. كۈمۈش يىپلار بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈزۈلۈپ كەتتى. خەتىبەنىڭ قولىدا قىممەتلىك زىننەت بۇيۇمىنىڭ كىچىك بىر بۆلىكىلا قالدى.
لېكىن، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئەركىنلىككە چىققانىدى.

## 64. قاپقان

بىر ئاز كېچىكىپ ماڭىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن نەخرەۋانغا چاپارمەن ماڭدۇرغاندىن كېيىن جەفەر ئىبن يەھيا ئۆزىنىڭ باغداد بىلەن خوشلىشىش شەرىپىگە

سىلىنغان ھەشەمەتلىك داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى ، شاراب ۋە شىرنىلىكلەرنى تەناۋۇل قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى كۆي ۋە قوشاق خالاپ قالدى .

— سازەندىلەر ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەزىرنى تاشلاپ قېچىشمىغاندۇر ؟ — دەپ سورىدى ئەتراپىغا سەرخۇش نەزەر تاشلاپ ، — ئۇلاردىن بىرەرىمۇ يوقمۇ ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا ، خوجام ! — خىتاب قىلدى بەزمە باشقۇرغۇچى ، — ئەبۇ زەكەر پەرمانلىرىغا تەييار .

— ئاھ ، ئەبۇ زەكەرمۇ ! مەن ئۇنى جاندىن ئەزىز كۆرىمەن ! ئەما بولسىمۇ ، كۆزى ئوچۇقلارغا قارىغاندا يىراقنى كۆرىدۇ . ئاجايىپ ياخشى قوشاقلارنىڭ ئىجادكارى ـ دە ! ئېلىپ كەل ئۇنى !

يېتىلەپ ماڭدىغان قول ئۇنى باشلاپ كېلىپ شايى ياستۇققا ئولتكۈزدى . ئۇد تۇتقان قىزلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى .

ئەبۇزەكەر ھارۇن رەشىدنىڭ قورسىقىدىكىنى ئاللىقاچان سېزىپ قالغانىدى . ئۇنىڭغا ئىشەنچىنى يوقاتقان ئەما سازەندە ئەمىرۇلمۇسلىمىننىڭ ھەربىر ئىلمەك سۆزلىرىنىڭ تېگى ـ تېگىگە يېتىشكە ، بۇ سۆزلەر ئەسلىدە كىمگە ۋە نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى . سەزگىلى بولىدىغان ئالامەتلەر — خەلىپىنىڭ كەيپىياتى ، ئاران بايقىغىلى بولىدىغان گېپىنىڭ ئورامى قاتارلىقلارغا قاراپ خەلىپىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى .

ئەتىگەندىن بېرى خەلىپە ئۆزىنى روھلۇق ، شادىمان ۋە خۇرسەن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسىمۇ ، ئەسلىدە تۇن بويى بىئارام ، بىتاقەت بولۇپ كىرپىك قاقماي چىققانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . خەلىپە ئىككى قېتىم شەھەردە قانداق مىش ـ مىشلار بار ، دەپ سورىدى . نېمە ئۈچۈن

شۇنداق زىغىرلايدۇ؟ ئىبراھىم ماسۇلىيمۇ بىرىنچىمىنى سەزگەندەك، خەلىپىدىن: «بەرمەكىيلەر ئەمەلدىن تامامەن يىراقلاشتۇرۇلدى، ۋەزىرلىك مەنسىپىنى فەزل ئىبن رابىيە ئىگىلەرمىش دېگەن گەپلەر راستمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ھارۇن رەشىد ئۇنى سىلكىپ تاشلىدى. بۇ سوئالدىن نارازى بولغان خەلىپە: «بىكار گەپ! بەرمەكىيلەر دۆلەتكە زۆرۈر ئادەملەر!» دەپ تىلىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بەردى. جاۋابىنىڭ ياسالما چىققانلىقىنى سەزدى بولغاي، ئۇنى پەردازلاش ئۇچۇن بەرمەكىيلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن گەپ ساتتى. ھېچكىم گۇمانلانمىسۇن دەپ، ئۇلارنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىدى... بۇنىڭدىن مەقسەت نېمە؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداق خۇپىيانە پىلانلار باردۇر؟ ئەبباسەنىڭ سارىيى خەلىپىنىڭ خاس نۆكەرلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپتۇ، دېگەن مىش ـ مىشلارنى قانداق چۈشەنسە بولار؟ ئەما ھاپىز جەفەر ئىبن يەھيا بېشىغا قانداقتۇر بىر پالاكەت سايە تاشلاۋاتقىنىنى ئېنىق تۇيۇشقا باشلىغانىدى. ئەنە شۇنداق خەۋپلىك خىياللار قەلبىگە غۇلغۇلا سېلىپ، ئۇنى شەمەسسىيە قەسرىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ۋەزىرنىڭ خاس خانىسىغا كىرگەندىن كېيىن تارىغا قول ئۇرۇپ، قوشاق باشلىدى:

بۇ ئالەمدە ساما باقىيدۇر پەقەت،
شۇنداقتۇر قائىدە ئەزەلدىن ـ ئەزەل.
ئىنسانىنى ئىزمۇئىز پايلار بىتاقەت،
تۈن ۋە كۈن دېمەستىن كاساپەت ئەجەل.
سەنمۇ ھەم ئەجەلگە بوي بەرمەي بۇگۈن،
قۇتۇلۇپ قالمىقىڭ ئەمەستۇر مۇمكىن.

ئۆزۈك سادىر قىلغان جىنايەت ئۈچۈن،
ھەققىگە زەر ئېلىپ كەلسەڭمۇ ئۇ كۈن.

قوشاق ۋەزىرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئەبۇ زەكەردىن بەزى گەپلەرنى سورىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، خانىغا ھەبەش دەرۋازىۋەن كىرىپ كەلدى ـ دە، خانتاختا ئالدىدا توختىدى.

— سۆزلە! — ئەمر قىلدى جەفەر ئىبن يەھيا.

— خوجام، مەسرۇر كەپتىكەن...

— جاللات؟ خاتا كۆرۈپ قالمىغانسەن؟

— ياق، خوجام.

— بىز بىلەن شارابخورلۇق قىلغىلى كەلدىمىكىنە؟ — چاقچاقلا ئۆرۈدى ۋەزىر، — كىرگۈزۈۋەت!

دەرۋازىۋەن ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. شەمشەر تۇتقان مەسرۇر خانىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېلىپ ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى.

— نېمە ئىش بىلەن تەشرىپ قىلىپ قالدىڭ؟ — سورىدى جەفەر ئىبن يەھيا ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ.

— خەلىپە ئېيتقىنىدەك زىياپەت ئۈستىدە ئىكەنسىز، قانچىلىك بىئەپ بولمىسۇن، ئەبەدىيەت قەسرىگە بىر بېرىپ كېلىشىڭىزنى ئېيتىۋىدى.

— مېنىڭمۇ؟ تېخى ھېلىلا خەلىپە بىلەن خوشلىشىپ شۇ يەردىن قايتىپ كەلدىمغۇ؟!

— خۇراساندىن ئەلچى كەلگەنىكەن، خەلىپە سىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى.

— ئەمدى قايتا كۆرۈشمەسمىز دەپ ئويلىۋىدىم! — دەپ غۇدۇردى ۋەزىر، ئاندىن ئۆزىگە لەشكىري لىباس ۋە شەمشەر كەلتۈرۈشكە ئىشارەت قىلدى.

مەستخۇش ئاتلىقلار توپى شەمەسسىيە سارىيىدىن

ئاتلىنىپ، ئەبەدىيەت قەسرىگە ئېلىپ بارىدىغان يولغا قايرىلىشىدا، دەجلە تەرەپتىكى تار يولدىن بىر ئايال ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى، ئاتلىقلار توپىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان جەفەر ئىبن يەھياغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئاڭلىتالمىدى. ئاتلىقلار توپى كۆزدىن غايىب بولدى. چوڭ يولغا چىقىپ قالغان ئايال ئەلەمگە چىدىيالماي، يەرگە موك چۈشۈپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

ئاتلىقلار توپى خېلى يەرگە ئۇزاپ كەتكەندى. ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان مەسرۇر، ئۇنىڭ كەينىدىن ۋەزىر، ئارقىدا بولسا نۆكەرلەر كېلىۋاتاتتى. ئىچكەن شاراب كۈچىنى كۆرسىتىپ باشنى ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شامالدەك ئۇچۇپ مېڭىش ۋەزىرگە خۇش ياقاتتى.

ئەبەدىيەت قەسرى ئالدىدا جاللاتنى قوغلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ۋەزىر قەلئەنىڭ كەڭ ئېچىلغان تاشقى دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ كىردى. توختىماستىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرۋازىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى . . . توساتتىن، ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدىلا تىكىلگەن ھەيۋەتلىك تۇركچە چېدىرغا كۆزى چۈشتى - دە، ئەقلى لال بولۇپ ھەيرەتتە قالدى ۋە ئېتىنى بۇراپلا ئۆزىنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. مەككارلىق بىلەن قۇرۇلغان بۇنداق تۇزاققا ئاسانلا ئىلىنىش مۇمكىن ئىدى: ئاتتا چېپىشقا مەھلىيا بولغان ۋەزىر ئۆزى يالغۇزلا دەرۋازىدىن چېپىپ ئۆتكەن، مەھرەملىرى بولسا ئىجازەت بولمىغىنى ئۈچۈن سىرتتا قالغان، ئاخىرقى دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، دەرۋازا مەھكەم تاقالغان، يول - يوللاردا مەسرۇر قاراۋۇللارغا ۋارقىرىغان، ئۇلار چاققانلىق بىلەن تۆمۈر پەنجىرىلەرنى چۈشۈرۈشكەن بولۇپ، بارچە قاراۋۇللار ۋەزىردىن ئاجرىتىۋېتىلگەندى.

جەفەر ئىبن يەھيا سەكرەپ ئاتتىن چۈشتى . ئۈچ تەرەپتىن قىرنققا يېقىن قورالىلانغان ھەبەش لەشكەر ئۇنـــى قورشاپ كېلىشكە باشلىدى . تاقىلىۋاتقان دەرۋازىلار قۇلاقنى يارغۇدەك غاچىرلىدى . چېدىرنىڭ چېتى كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدە ھازىرلاپ قويۇلغان كاللا كېسىش كۆتىكى كۆزگە تاشلاندى .

— خەلىپىنىڭ پەرمانى ! — دېدى ئاتتىن چۈشۈۋاتقان مەسرۇر ، — مەن سېنى قەتل قىلىشىم كېرەك ، ۋەزىر !

جەفەر ئىبن يەھيا شەمشىرىگە قول سوزدى . شۇئان قىرىق ھەبەش ئۇنىڭغا نەيزە تەڭلىدى . ۋەزىر قارشىلىق كۆرسىتىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە قوللىرىنى ساماغا سوزدى :

— ئەي تەڭرى تائالا ! مەن بەندەڭگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغايسەن ! — قوللىرىنى دەرھال پەسكە چۈشۈردى . كۆز ئۆڭىدىكى ئىشلارغا ئامال تاپمىسا بولمايتتى . مەستلىك يېشىلىپ ۋەزىر ئېسىگە كەلدى .

— مەسرۇر ! — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ئەقلى ـ ھوشۇڭ بار ئادەمسەن ! مېنىڭ قول ئىلكىمدە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بار . بۇ خىزمىتىڭمۇ ساڭا ئەبەدىيلىك ئەمەس . مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتسەڭ ئۈستۈڭنى بايلىققا كۆمۈۋېتىمەن . نۇرغۇن دىنار بىلەن بىرگە بىر ئارغىماق بېرىمەن ، قاغا ـ قۇزغۇنلارمۇ سېنى قوغلاپ يېتەلمەيدۇ . ماقۇل دېگىـــن ، ئۆز پەرغانەڭگە كەتسەڭ ، ئۇ يەردە سەندىن باي ئادەم بولمايدۇ .

— ساداقەتلىك خىزمەتكار پۇلغا سېتىلمايدۇ ! — جاۋاب بەردى جاللات .

— كېيىن پۇشايمان يەپ يۈرمە ! بۇنداق تەلەي دائىم كېلىۋەرمەيدۇ . ئاقچا دېگەن ھەممە ئادەمگە لازىم . پۈتۈن بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن . ئاڭلاۋاتامسەن ؟ يېرىمىنى !

— ئالمايمەن !

— يارايسەن ! — ماختاپ قويدى ۋەزىر ۋە شۇئان گەپنىڭ ئورامىنى ئۆزگەرتتى ، — مەنمۇ ئالماس دەپ ئويلىغانىدىم . مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ساڭا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى . مېنى ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىغا باشلاپ بار ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن ، بەلكىم كېلىشىم ھاسىل قىلىپ قالارمىز .

— خەلىپە كىرىشىڭگە ئىجازەت بەرمەيدۇ . بېشىڭنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان .

— ۋاي تو ۋا ، سەن تېخىچە خەلىپىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلمەيسەن - دە . قەھر - غەزىپى ئۇتقاندا پەرمان بېرىدۇ ، غەزىپى يانغان ھامان پۇشايمان قىلىپ ئەپسۇسلىنىدۇ . ئېھتىمال ، ھازىرمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتقاندۇر . ئۇنىڭ ئالدىغا بار - دە ، مېنى ئۆلتۈرۈلدى دېگىن ! ئەگەر ئۇ ئەپسۇس قىلسا ، ئېيتقانلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولىسەن ! ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنلا يېرىم دۇنيايىم سېنىڭ بولىدۇ . ئال ، ئۇ سېنىڭكى !

بۇ تەكلىپتىن مەسرۇر ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى . بۇ خائىنلىق ھېسابلانمايتتى . ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يوق ئىدى . ھېچقانداق ! ھارۇن رەشىد دەرھەقىقەت قارارىنى ئۆزگەرتىپ قېلىش ئېھتىمالىدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى . شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولغانىدى . . . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۆز تەلىيىنى بىر سىناپ كۆرگەننىڭ نېمىسى يامان ؟

ئۇ باش لىڭشىتىپ ، ئۇندىمەيلا ۋەزىرنىڭ قولىدىن شەمشىرىنى تارتىۋالدى - دە ، ئۇنى چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ ، ئەسىرنى ساقلاشنى ھەبەشلەرگە تاپشۇرۇپ ئۆزى كەتتى .

جەفەر ئىبن يەھيا خىيالغا پاتتى . خەلىپىنىڭ ئامانەت رەھىم - شەپقىتىگە ئۈچۈپ ، ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىگە ئىشىنىپ كەتكىنىگە ، باغدادنى تەرك ئەتمىگىنىگە چوڭقۇر ئەپسۇسلاندى . خۇددى كىچىك بالىدەكلا ئالداندى - ھە !

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ ئەخمەقلىق قىپتۇ . باشتىلا ئەجرىگە بېرىلىدىغان جاۋابنى شەرت قىلىپ ، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش كېرەك ئىكەنتۇق . مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن بىرەر ياردەم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ! بۇ يەردىن ئامان – ئېسەن چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالىسا بولاتتى ! ئەبباسە كۈتۈپ قالدى . . . ئەي ئامرىقىم ، مېنىڭ قانداق قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن ! ئىنسانغا ھۆكۈمرانلىقنىڭ نېمە كېرىكى ؟ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ئەسلى مەنىسى نېمىدە ؟ تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشتا ئەمەسمۇ ؟ ! خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئالىي بەخت ئەمەسمۇ ؟ ! بەختىيار ، ۋەھىمىسىز تۇرمۇش ئەمدىلا ئىشىك چەككەندەك قىلىۋىدى ، بىردىنلا . . .

چېدىرغا كىرىپ كەلگەن جاللاتنىڭ يىمىرىلگەن قاشلىرىدىن جەفەر ئىبن يەھيا ھەممىنى چۈشەندى . گويا ئۇيقۇسىراۋاتقاندەك بولۇپ ، جاللاتنىڭ گەپلىرى خۇددى چۈشىدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— سېنى قەتل ئېتىلدى دەپ خەلىپىگە ئېيتتىم . بېشىڭنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى .

جېنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ھېچقانداق ئۈمىدى قالمىغان ۋەزىر زورىغا ئۆزىنى تۇتتى ۋە بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى :

— تەخىر قىل !

ئۇ مەسرۇرنىڭ ئالدىغا ماڭغاچ ، ئۇنىڭ بېلىدە ئېسىقلىق تۇرغان شەمشەردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى .

— ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى . . . ياق ، رەھىم قىل دېمەيمەن . . . تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن ئۆزگە ئىلاج قالمىدى . . . ھە ، ئېسىمگە كەلدى ! ئەبباسە ! خەلىپە ئۇنىمۇ قەتل قىلماقچىمۇ ؟

ۋەزىر شەمشەرنىڭ دەستىسىگە يېقىنلاپلا قالغانىدى .

— ئەبباسە ئۆلدى ! — دېدى جاللات .
— يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، جاللات !
شۇئان ۋەزىر مەسرۇرنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ ، شەمشەرنى قىنىدىن سۇغۇردى ـ دە ، جاللاتنىڭ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان كۆزلىرىگە قادالدى . ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى گېپىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلاپ تۇراتتى . ۋەزىرنىڭ قوللىرى بوشاشتى .
— ھەيھات !
ئۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ چىققان پەرياد ھەممە ياقنى تىترىتىۋەتتى .
تۈگىدى ، ھەممىسى تۈگىدى . ئەمدى ياشىغانلىقىنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق . جەفەر ئىبن يەھيا جاللاتنىڭ كۆتىكىگە ئېگىلدى . ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ۋەزىرنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى .
— ئەبباسە ئۆلدى ! مېنىمۇ ئۆلتۈر ، جاللات ! خۇدا ھەققى ، مېنى چاپ !

## 65 . جەفەر ئىبن يەھيانىڭ بېشى ۋە ھارۇن رەشىد

جاللاتنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى ھارۇن رەشىد سېزىپ تۇرسىمۇ ، ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىدى . چۈنكى ، ۋەزىر ئەبەدىيەت قەسرىدە ئىدى ـ دە ! مانا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . جەفەر ئىبن يەھيانى تۇزاقتا چۇشۇرۇش ۋاقتى ناھايىتىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ئالدىراقسانلىقمۇ ، بىپەرۋالىقمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز . ئالدىراقسانلىق قىلىپ نېمە كەپتۇ ئەمدى ؟
ۋەزىر ئۆز ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشقانلىقىنى تەبرىكلەپ ئوبدانلا ئىچىۋالغان . بۇ ھالەتتە ئۇنى، قىلتاقتا چۇشۇرۇش

ناھايىتىمۇ ئاسان . ئەگەر سەل بىپەرۋالىق قىلسىلا ، ئۇ ئەبباسەنىڭ قەتل ئېتىلگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ مۇداپىئەگە ئۆتىدۇ . بەرمەكىيلەر ۋە نەخرەۋاندىكى ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى ياردەمگە چاقىرىشى تۇرغان گەپ . شۇنداق بولۇپ قالسا ، جەڭ - جېدەل باشلىنىپ كېتىشى مۇمكىن .

خەلىپە ساقىلىنى سىقىمدىغىنىچە ئويىدىن - بويىغا مېڭىپ ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ھەيۋە قىلاتتى .

— قەتل قىلىنسۇن ! ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا !

شۇئان يەنە ھۆركىرىدى :

— ياق ! تەخىر قىلىنسۇن !

ئارقىدىن يەنە ۋارقىرىدى :

— كاللىسى ئېلىنسۇن ! دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن !

ئۇنىڭ پىكىرلىرى سىلىنغان تارازىنىڭ پەللىسى گاھ ئۇ تەرەپكە ، گاھ بۇ تەرەپكە ئاغاتتى .

تامغا ئېسىل بىر گىلەم ئېسىقلىق ئىدى . خەلىپە بىردىنلا توختاپ ، گىلەمگە توقۇپ پۈتۈلگەن ھېكمەتكە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . چىمىلداپ تۇرغان سىزىقلار ئۇنىڭ كۆزىگە قورقۇنچلۇق قارا ئۆمۈچۈككە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى . چىگىكلەر ئاستا - ئاستا يېشىلگەندەك بولۇپ ، خەلىپە شېئىرىي مىسرالارنى ئوقۇشقا كىرىشتى :

سىز ، ئەي ھىندى شەمشەرلەر قايدا ؟
ياۋغا زەربە يەتمىدى نېچۈن ؟
نېچۈن بەربات بولدى قائىدە ،
قان يوق ، جاننى داۋالاش ئۈچۈن ؟
قېنى ئاشۇ تىللا گۈلچەمبەر ،
غالىب باشلار ئېسىشنى خالار .
جەسۇرلار ئۆز رەقىبىن يانچار ،
ئۆلتۈرەلمەس ئۇنى قورقاقلار .

كۆمۈش پەتنۇستا قان تېمىپ تۇرغان باشنى كۆتۈرۈپ مەسرۇر كىرىپ كەلدى . هارۇن رەشىدنىڭ چىرايى داكىدەك ئاقىرىپ كەتتى . تېخى يۇمۇلۇشقا ئۈلگۈرمىگەن كۆز پەتنۇستىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى .

— ئەي بۇرادىرىم جەفەر ! — خىتاب قىلدى خەلىپە زوقلانغان هالدا ، — هاياتىڭ مۇشۇنداق ئاخىرلىشار دەپ ئويلىمىغانىدىم . ئەپسۇس ، مىڭ ئەپسۇس ، نېچۇن ئاردىكى ئەهدىنامىگە ئەمەل قىلمىدىڭ ؟ خەلىپىلىكتە مېنىڭ رازىلىقىمسىز هېچقانداق ئىشنىڭ روياپقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلمەسمىدىڭ ؟ سەنچۇ ؟ ئاللا گۇۋاهكى ، ئۆز بىلگىنىڭنى قىلىشتىن قايتمىدىڭ ! بەتبەخت ، مانا ئەمدى ساڭا ئۆز بېشىمچىلىقىنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى . . . نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق – هە ! شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ مەنمۇ ئېچىنىمەن . . . لېكىن ، سەن تېرىغىنىڭنى ئالدىڭ ! نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدىغان گەپ ، قۇل بەچچە ! مېنى شەرمەندە – شەرمسار قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنغانسەن – هە !

خەلىپە جاللات خانتاختىغا قويغان پەتنۇسقا ئېگىشىپ قولىغا قارىياغاچنىڭ تايىقىنى ئېلىپ ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان كاللىنىڭ كالچىيىپ تۇرغان چىشلىرىغا بىر – بىرلەپ ئۇرۇپ قويدى : «تاك – تاك – تاك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

— جاجاڭ مانا شۇ ، بەتبەخت ! شەپقەت تىلىدىڭمۇ تېخى ؟ كېچىكتىڭ ! مانا ساڭا شەپقەت ، مانا ! تاك – تاك – تاك . . .

قانچىلىغان قانلارنى تۆكۈپ باغرى قېتىپ كەتكەن جاللات مەسرۇرنىڭمۇ تېنى شۈركىنىپ ، نەپىسى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى .

تۇيۇقسىزلا ئىشىك تاقىلداپ قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## 66 . ئاقساقالنىڭ ھۆكمى

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەمىرۇلمۇسلىمىن ، كىرىشكە ئىجازەت بەرسىلە !

سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى ياشانغانلارغا خاس تەرزدە تىترەپراق چىقتى . بۇ شەيخ ئىسمائىل ئىدى . ھارۇن رەشىد جاللاتقا ئىما قىلدى ، ئۇ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ، مەخپىي ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قولىدىكى قارىياغاچ تايىقىنى خۇددى گۇناھكار گۇناھىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك ھاپىلا - شاپىلا خانتاختىنىڭ تېگىگە يوشۇر- دى - دە ، ئاندىن جاۋابقا ئېغىز ئاچتى :

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، تاغا ! كۆرۈشكىنىمىزدىن خۇرسەنمەن .

شەيخ ئىسمائىل خانىغا كىرىپ بولغانىدى . ئۇ تەكەللۇپسىزلا كېلىپ ، ماغدۇرسىز ھالدا ياستۇققا يانپاشلىدى . خۇددى تېز يول يۈرگەن ياكى قاتتىق ھاياجانغا چۈشكەن بوۋايلارغا ئوخشاش ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى .

خەلىپە ئورنىدىن تۇردى .

— سىزگە نېمە بولدى ، تاغا ؟

— ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ! — نەپىسى سىقىلىپ دېدى شەيخ ئىسمائىل ، — ئىجازەتلىرىدىن پايدىلىنىپ رۇخسەتسىزلا كىرىپ كەلدىم . باش دەرۋازىۋەن مېنى كىرگۈزۈۋەتتى . . .

— ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى ، تاغا . مەن بۇيرۇغانىدىم . خوش ، نېمە ئىش بولدى ؟ نېمىگە مۇنداق جىددىيلىشىپ كەتتىڭىز ؟ قېنى ، گەپ قىلىڭچۇ !

— شەھەردە غەلۋە - غوۋغا ، ئەي خەلىپە . بەرمەكىيلەر نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ .

— چىن دىلدىن تەشەككۇر ، تاغا ! — دەپ گەپنى چورت كەستى هارۇن رەشىد ، — ئۇنىڭ چارىسىنى ئاللىقاچان كۆرۈپ قويغانمەن . پات ئارىدا ، ناھايىتىمۇ يېقىن ئارىدا بەرمەكىيلەرنىڭ ھەممىسى ، بىرىمۇ قالماي تىنچىيدۇ . خاتىرجەم بولۇڭ . . .

شەيخ ئىسمائىل قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى :

— رەھىم قىلسىلا ، ئەي ئەمىرۇلمۇسلىمىن ! رەھىم قىلسىلا ! قەتلنى بىكار قىلسىلا !

— قەتل ؟ — ياندۇرۇپ سوردى خەلىپە ، — ھە ، سىز جەفەرنى نەزەردە تۇتۇۋاتامسىز ؟

— ھەئە ، ۋەزىرنى ! ئۇ ياشىشى كېرەك ! خەلىپىلىك ئۈچۈن ئۇ ياشىشى شەرت !

— مۇنداق دەڭ ، تاغا !

— ئۇنى قەتل قىلدىلىمۇ ؟ — ۋارقىراپ تاشلىدى سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەن شەيخ ئىسمائىل . خۇددى ياش چەۋەندازلاردەك ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— گېپىڭىز ئانچە توغرىمۇ ئەمەس ، تاغا ، — گەپنى ئەتەي سوزۇپ ئېيتتى هارۇن رەشىد ئادەتتە ئېغىر - بېسىق يۈرىدىغان هاشىمىيدا كۆرۈلۈۋاتقان قىزىققانلىقتىن ھەيرەتلىنىپ ، — ۋەزىرنى ئۆزىنىڭ مەككارلىقى قەتل ئەتتى .

— ياق ، ئۇنى سىلى قەتل قىلدىلا ! سىلى ! ئەڭ مۆھتەرەم زاتنى ئۆلتۈردىلە !

— ئۇنىڭىزنى ئۆچۈرۈڭ ! — دېدى خەلىپە خۇددى نەرە تارتقاندەك ھۆركىرەپ ، خىزمەتكارلارنى چاقىرىپ تاغىسىنى قەسىردىن چىقىرىشقا تاسلا قالدى . ئەمما ، بۇنداق قىلىش بىلەن ئۆزى ئاھانەتكە قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ سەل پەسكويغا چۈشتى ، ئاۋازىمۇ مۇلايىملاشتى ، — ۋەزىرىم ماڭا خائىنلىق قىلدى ، تاغا . ئۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلدى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا، ئەبباسەمۇ سىلىگە خائىنلىق قىلدىمۇ؟ ئۇ قاياققا غايىب بولدى؟ قېنى ئېيتسىلىچۇ؟

— بۇ مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىم! — چورت كەستى خەلىپە، — بۇنىڭ سىياسەت بىلەن ئالاقىسى يوق. خوتۇن كىشىنى دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەدىلىرى بويىچە ۋەزىرنى خۇراسانغا ئەۋەتمىدىلە؟ — سورىدى شەيخ ئىسما-ئىل، — جەپەر ئىبن يەھيا خۇراساننىڭ ئىگىلىكىنى ئىزغا سېلىپ، پەن ۋە سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە يول ئېچىپ، خەلىپىلىككە زور پايدا كەلتۈرەتتىغۇ؟!

— ئۇ غەلىيان ئۇرۇقىنى چاچاتتى، — دېدى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ھارۇن رەشىد، — ئېھتىياتچانلىق ۋە تەدبىركارلىق خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خۇراساننى خەۋپ ئاستىدا قالدۇرۇش (ئۇنىڭ خەلىپىلىكتىن بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ئاللا كۆرسەتمىسۇن!) ئۈچىغا چىققان ئەخمەقانىلىك ئىدى.

— قىلغان ئىشلىرىچۇ؟ ئەخمەقانىلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن بەشبەتتەر! ھەتتا جىنايەت! بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن مەسلىھەتمۇ، راستچىللىقمۇ كۈتمىسىلە! ۋەزىرنىڭ قەتل قىلىنىشى ۋە يەنە بىلىشىمچە مۆلچەرلەپ قويغان ئىشلىرى ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدۇ. بۇنداق ۋەھشىيلىكنى نە زاماندىشلار، نە كەلگۈسى ئەۋلادلار كەچۈرمەيدۇ. ۋەزىر بىلەن بىرگە مەندىكى دوستلۇق مېھرىنىمۇ قەتل ئەتتىلە. ئەمدى مەن بارچە ئىشلاردىن پۇشمىنى قېقىپ، گاس ۋە گاچا بولىمەن. ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم، نادانغا سۆزلىگەن ئىسسىت سۆزۈم! ئۆز بىلگەنلىرىچە ئىش قىلىۋەرسىلە. كۆرەرمەن، ئاقىۋىتى نېمە بىلەن تۈگەركىن. ئىستەك ۋە ئارزۇلىرىم قەلبىمدە قالدى! ئاللا شاھىت!

ھارۇن رەشىد رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇپ تەمكىن ئاۋازدا دېدى:

— تاغا، ۋەزىرنىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن بېشى كەتكەنلىكىنى مەڭگۇ بىلەلمەيسىز. ئەلەۋىينىڭ قويۇپ بېرىلىشى، يۈزسىزلىكلىرى ئەرزىمەس ئىشلار. سۆزلىرىمگە ئاخىرقى مەرتە ئىشىنىڭ. مۇبادا ۋەزىر تىرىلگۈدەك بولسا، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم قەتل قىلغان بولار ئىدىم! ئۇنىڭغا بولغان قەھر - غەزىپىمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەندۇرسىز؟ سىزگە ئېيتىدىغان باشقا سۆزۈم يوق! — دەپ خەلىپە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ داۋام قىلدى، — ئەمدى قايتىڭ، تاغا، تەرەت ئالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. بۈگۈن جۈمە. مەسچىتتىكىلەر مېنى ساقلىماقتا.

## 67. ھەسەن ۋە ھۈسەيىن

بەرمەكىيلەرگە قارشى قىرغىنچىلىق كۈپكۈندۈزدىلا جەپەر ئىبن يەھيانىڭ ئاتىسى ۋە ئاكىسىنى ھەپسىگە ئېلىشتىن باشلاندى. كېيىن ئىش شۇ تەرىقىدە كېتىۋەردى. شەمەسسىيە سارىيى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. سارايدىكىلەردىن بىرى قالدۇرۇلماي قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇنداق كۈلپەت باشقا بەرمەكىيلەر سارايلىرى، خانىدانلىرىنىڭ بېشىغىمۇ چۈشتى. ۋەزىرنى ئۆزىتىش باھانىسىدە نەخرەۋانغا كەلگەن خەلىپىنىڭ مەخسۇس نۆكەرلىرى قارارگاھنى بېسىۋالدى. بەرمەكىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئۇر - چاپ قىلىش، قىرىش ھەممە يەردە ئەۋجىگە چىقتى. شۇ كۈنى مىڭلاپ ئادەمنىڭ ياستۇقى قۇرۇق قالدى. مۆجىزە تۇپەيلىدىن تىرىك قالغانلىرى بولسا زىندانغا تاشلاندى، قورۇ - جايلىرىدىن ھەيدەلدى، سەرسانلىق ۋە ئاچ - يالىڭاچلىقتىن، ئاستا - ئاستا ئەجەل دامىغا گىرىپتار

قىلىندى . ئۇلارنىڭ يەر ـ سۇلىرى ، بايلىقى ، قولل‍‍ىرى خەلقىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى . ئاندا ـ ساندا چاقىرىلغان ئوردا مەجلىسلىرىدە قىرىلغان ، ھەيدەلگەن ۋە زىندانغا تاشلانغانلارنىڭ ھەتتا ناملىرىنى تىلغا ئېلىشمۇ مەنئى قىلىندى .

زۇبەيدەنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقان ، بارچە ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشقانىدى .

شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردىلا ۋەزىرنىڭ پەرزەنتلىرى — ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەر خەلىپە ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى .

تۇيۇقسىزلا ئۇزۇلۇپ قالغان ئويۇنلىرىنىڭ ھېرىسلىقى يوقىمىغان ئوغۇللار ئېسىل كىيىنىپ سۆلەت بىلەن تەختتە ئولتۇرغان ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ئانچە ئۆتمەيلا باللارنىڭ كىچىككى ھارۇن رەشىدنىڭ ساقىلىنى سىقىمداپ ئويناشقا باشلىدى . خېلى جۈرئەتلىك ئاكىسى خەلىپىنىڭ مۈرىسىگە چىقىۋالدى .

— ئىسمىلىرىڭلار نېمە ، ئوغلانلار ؟ — سورىدى تىلى ئاران گەپكە كەلگەن خەلىپە . ئۇ ئوغۇللارغا قاراپ ، بىرىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئۆزىگە ، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا ئەبباسەگە ئوخشايدىغانلىقىنى سېزىپ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى .

— مەن ھەسەن !

— مەن ھۈسەيىن !

— بىزنىڭ ئىسمىمىز ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ، — دېگىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ شوخلۇق قىلىشاتتى ئوغۇللار .

«ئەجەبا مەن ئۇلارنى قەتل ئەتسەم ؟ ! ئەي ئاللا ! قاتىل دەپ ۋارقىرىغانىدى ماڭا ئەبباسە . قاتىل ؟ ياق ، ياق ! بۇ نارەسىدە گۆدەكلەر — جىيەنلىرىم ياششى كېرەك ! خەلىپە نەزىرىنى ھۈسەيىندىن يۆتكىشىگە ، كۆز ئالدىدا ئەبباسە نامايان بولغاندەك بولدى ، ھەسەننىڭ تەقى ـ تۇرقى بولسا ئۇنىڭ يىراقتا



www.uyghurkitap.com

قالغان بالىلىق يىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، — تۇۋا ، خۇدايىم ، ماڭا نېمە بولدى زادى؟ ماڭا ئېتىلغان ھاقارەت تاشلىرىنىڭ زەربىسىنى قانداق ئۇنتۇيالاي؟ بۇنداق ھاقارەتنى كەچۈرۈشكە بولارمۇ؟ ياق ، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! بۇنداق شەرمەندىلىكنى ئەپۇ قىلىش — چوڭ گۇناھ! ئۇلار مېنىڭ شەنىمگە چۈشكەن ئۆچمەس قارا داغلار! تىرىك شاھىتلار! . . .»

— مەسرۇر! — دەپ توۋلىدى خەلىپە ھەسەننى مۇرىسىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈپ ، ھۇسەيىننى ئېتىرگىنىچە .

— پەرمانبەردارمەن ، ئەي باشپاناھىم!

— مەن ساڭا بەرگەن ئاچقۇچنى ئالغىن - دە ، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا بۇلارنى ئېلىپ بار . . . ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ، قەيەرگە . . . ھەر ئىككىلىسىنى . . . يېنىدا . . . كولىسۇن . . . كىچىكرەك . . . چۈشەنگەندۇرسەن؟

— چۈشەنمىگەن بولسام ئۆلەي ، پۇشتىپاناھىم!

— بارغىن ، ساداقەتلىك خىزمەتكارىم!

ئۇ مەسرۇرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ، قورقۇپ كەتكەن ئوغۇللارغا قاراپ ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى .

ئەمىرۇلمۇسلىمىنىنىڭ كۆزلىرىدىن نېمە سەۋەبتىن ياش تۆكۈلگىنىنى چۈشىنىش قىيىن : بۇ كىچىككەن پۇشايماننىڭ ئەپسۇس ۋە نادامىتىمۇ ياكى قەھرۇ ئاداۋەتنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىمۇ؟

※ ※ ※

دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن دەجلىنىڭ زىلال سۇلىرى كۆزگە تاشلىناتتى . يىراقتىن باغداد كۆۋرۈكى ئۈستىدىكى خادىغا مىخلانغان ۋەزىرنىڭ جەسىتى غۇۋا كۆرۈنەتتى .

خەلىپىنىڭ سىڭلىسى ئەبباسەنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى . بۇ دۇنيادا ئالقىش ۋە شۆھرەتكە لايىق كىشىلەر كىملەر ؟ كىشىلەر ئارىسىدىكى بەختكە ئېرىشكەنلەر كىملەر ؟ كىمكى تەلەيلىك بولسا ، بېشىغا بەخت قۇشى قونغان بولسا ، شۇنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۇشىدۇ . ماختالغانلار تەھسىنلەرگە سازاۋەر بولغاي ! بەختلىكلەرگە ھەمىشە ئامەت يار بولغاي !

www.uyghurkitap.com